دوكتور ئابدۇلئەزىز مۇستافا كامىل

# روزىنىڭ
# روھى ۋە مەنالىرى



ساجىيە

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

دوكتور ئابدۇلئەزىز مۇستافا كامىل

# روزىنىڭ روھى

## ۋە مەنالىرى

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد تۇرسۇن يۇسۇف

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

# روزىنىڭ روھى ۋە مەنالىرى

دوكتور ئابدۇلئەزىز مۇستافا كامىل

مەزكۇر ئەسەر سەئۇدى ئەرەبىستان «ئەلبايان ژۇرنىلى» نەشرىياتى (رىياد) ھ. 1428/ م. 2007 ـ يىلى نەشر قىلغان ئەرەبچە 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تۇنجى قېتىم تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# روح الصيام ومعانيه

الدكتور عبد العزيز مصطفى كامل


تمت الترجمة من طبعة مجلة البيان - الرياض، الطبعة الثالثة

ترجمه إلى اللغة الأويغورية: محمد تورسون يوسف

الطبعة الأولى باللغة الأويغورية: عام 1442 هـ / 2021 م. إسطنبول

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد تۇرسۇن يۈسۈپ

نەشر قىلغۇچى: ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

تەكلىپلىك تەھرىر: ئىلىگ بەگ

مۇھەررىر: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

كوررېكتورلار: ئابدۇۋەلى ئابلىز، مۇھەممەد بارات

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى ۋە بەتچىك: مۇھەممەد سابىر مۇھەممەد

ئالاقىلىشىش ئادرېسى: saciyeder@gmail.com

ھىجرىيە 1442 / مىلادىيە 2021 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى (تۈركىيە ــ ئىستانبۇل)



نەشر ھوقۇقى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خاھلىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

شهر رمضان

الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

ساجىيە

# مۇندەرىجە

نەشرىياتتىن................................................................3
بەزىبىر ئاتالغۇلارغا ئىزاھات.........................................................7
مۇقەددىمە .................................................................13
رامازاننى كۈتۈۋېلىشىڭىز...........................................................19
رامازاندىكى روزىلىرىڭىز ...........................................................27
رامازاندىكى كېچىلىك ئىبادەتلىرىڭىز..............................................39
رامازاندىكى ئىخلاسىڭىز.............................................................47
رامازاندىكى ئەگىشىشىڭىز...........................................................57
رامازاندىكى ۋاقىتلىرىڭىز ............................................................65
رامازاندىكى تەقۋالىقىڭىز.............................................................73
رامازاندىكى ئەخلاقىڭىز...............................................................81
رامازاندىكى زىكىرلىرىڭىز ...........................................................89
رامازاندىكى تىلاۋىتىڭىز..............................................................99
رامازاندىكى ئۆيىڭىز .................................................................107
رامازاندىكى تۇغقاندارچىلىقىڭىز ...................................................115
رامازاندىكى قېرىنداشلىرىڭىز ......................................................125
رامازاندىكى دۈشمەنلىرىڭىز .......................................................133
رامازاندىكى شەھۋەتلىرىڭىز........................................................141
رامازاندىكى قولاقلىرىڭىز ..........................................................149
رامازاندىكى كۆزلىرىڭىز............................................................155

رامازاندىكى تىلىڭىز ........................................................................ 161
رامازاندىكى قەلبىڭىز........................................................................ 167
رامازاندىكى ئېتىكاپىڭىز........................................................................ 173
رامازاندىكى سەبرىڭىز........................................................................ 179
رامازاندىكى شۈكرىڭىز........................................................................ 185
رامازاندىكى سېخىيلىقىڭىز ........................................................................ 193
رامازاندىكى تىرىشچانلىقىڭىز........................................................................ 199
رامازاندىكى دۇئالىرىڭىز ........................................................................ 207
رامازاندىكى ئۆمۈرلۈك پۇرسىتىڭىز ........................................................................ 217
رامازاندىكى ئۆمرە ئىبادىتىڭىز ........................................................................ 223
رامازاندىكى تەۋبىڭىز ........................................................................ 229
رامازان بىلەن ۋىدالىشىشىڭىز ........................................................................ 237
رامازاندىن كېيىنكى ھاياتىڭىز ........................................................................ 243
تۈگەنچە ........................................................................ 251

# نەشرىياتتىن

جىمى ھەمدۇسانا بارچە مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ئۆلۈك تۇپراقتا جان كىرگۈزگۈچى، ئەزەلدىن بار ۋە ئەبەدئىلئەبەد بار بولغۇچى، يېگانە ۋە كەرەملىك ئاللاھقا خاستۇر. شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھابلىرىغا ۋە ئۇ زاتقا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن.

ئەزىز قېرىندىشىم! ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۆمۈر بېرىپ، بالاغەت يېشىغا قەدەم قويغان ھەربىر ئوغۇل - قىز، ئەر، ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن ھىجرىي يىل بويىچە يىلدا بىر كېلىدىغان رامازان ئېيىنىڭ پەرز روزىسى ۋە يىلنىڭ قالغان 11 ئېيىدىكى سۈننەت، مۇباھ روزىلار ئۆشبۇ قىسقىغىنە ھايات سەپىرىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسىملىرىدىندۇر.

ئىسلام كالېندارى ياكى ھىجرىيە تەقۋىمى بىر تۈرلۈك ئاي (قەمەرىيە) تەقۋىمى بولۇپ، 12 ئاي / 354 ياكى 355 كۈن بىر يىل ھېسابلىنىدىغان تەقۋىمدۇر. بۇ تەقۋىم خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا، ھىجرىيە 17 - يىلى، مىلادى 638 - يىلى ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن، ئالەملەرگە رەھمەت ۋە يولباشچى قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانا يۇرتى مەككەدىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتى (مىلادىيە 622) 1 - يىل دەپ قوبۇل قىلىنغان ۋە يولغا قويۇلغاندۇر. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، قەمەرىي تەقۋىم جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئىچىدىمۇ قوللىنىلاتتى. لېكىن، يىللار تەرتىپ بويىچە مۇنچىنچى يىل دېيىلمەي، شۇ يىل يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر بىلەن خاتىرىلىنەتتى. مەسىلەن، «پىل يىلى» (مىلادىيە 570 ياكى 571، رەسۇلۇللاھ تۇغۇلغاندا «پىل ۋەقەسى»دىن 50 نەچچە كۈن

ئۆتكەن ئىدى)، پىل يىلىدىن ئىككى يىل كېيىنكى يىل «كەئبە رېمونت قىلىنغان يىل»، رەسۇلۇللاھنىڭ خانىمى خەدىجە ئانىمىز ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغان يىل «قايغۇ يىلى» (مىلادىيە 619) دېيىلگەندەك...

ھىجرىيە كالېنداردىكى «رامازان» ئېيى بولسا ئۇششۇ تەقۋىمنىڭ توققۇزىنچى ئېيىدۇر ۋە يېڭى ئاي كۆرۈلۈپ، يەنە بىر يېڭى ئاي كۆرۈلگۈچە 29 ياكى 30 كۈن داۋاملىشىدۇ. ھىجرىيە تەقۋىمى مىلادىيە تەقۋىمدىن 11 – 12 كۈن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، رامازان ئېيى ھەر يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11 – 12 كۈن بالدۇر كېلىدۇ ۋە تەخمىنەن 32 يىلدا بىر قېتىم ئوخشاش كۈنلەردە كېلىدۇ.

رامازان روزىسى ھىجرىيە 2 - يىلى بارات (شەئبان) ئاي (مىلادىيە 624 - يىل فېۋرال) دا پەرز قىلىنغان بولۇپ، رامازان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى «قۇرئان كەرىم»، سۈننەت ۋە ئىجمائ بىلەن مۇتلەقتۇر.

«روزا» — «قۇرئان كەرىم»دە «صوم» (ساۋم) ياكى «الصيام» (سىيام) دەپ كەلگەن. تىلىمىزدىكى «روزا» ئاتالغۇسى فارس تىلىدىكى «روزه»دىن كەلگەن بولۇپ، «كۈنلۈك» دېگەن مەنىدىدۇر. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولسا قەدىمدە «روزا»غا «بَچاقْ» (باچاق)، «روزا تۇتۇش»قا «باچاق باچاماق» دېگەنىكەن[1].

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتاب مىسىرلىق دوكتور، مول - ھوسۇللۇق ئالىم ئابدۇلئەزىز مۇستافا كامىلنىڭ قەلىمىگە ئائىت بولۇپ، بىر مۇقەددىمە ۋە ئوتتۇز ماۋزۇدىن تەشكىل تاپقان ئەسەردۇر. ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن نىسبەتەن كىچىك، مەزمۇن جەھەتتىن يەڭگىل ۋە ئاسان ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان شەكىلدە تەييارلانغان.

كىتابنىڭ مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ۋە سەلەف - سالىھلەرنىڭ

(1) م. كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، 536 - بەت؛ ئەرتان بەسلى: «ئەسكى ئۇيغۇر تۈركچىسىدە قوللىنىلغان *باچا-* پېئىلىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ( ESKİ UYGUR TÜRKÇESİNDE GEÇEN *baça-* FİİLİNİN KÖKENİ ÜZERİNE)»، Uluslararası Uygur Araştırmaları Dergisi ژۇرنىلى 7/2016 سان، 41 – 44 - بەتلەر.

ھېكمەت ـ دۇردانىلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كىشىدە روزا تۇتۇشتىن ئەۋۋەل، بولۇپمۇ رامازان روزىسىدىن ئەۋۋەل بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىيەۋىي تەييارلىقلار ئۆگىتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنى مۇمكىنقەدەر رامازان ئېيىدىن بۇرۇن، كېچىككەندە رامازاندا بولسىمۇ، ئوقۇپ تۈگىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

كىتابنىڭ مەزكۇر ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە تەرجىمان ۋە نەشرىيات تەرىپىدىن تۆۋەندىكىچە مېتود قوللىنىلدى:

1. گەرچە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى رامازان ئېيىغا «رامىزان» دېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، مەزكۇر خاس ئىسىمنىڭ توغرا ۋە ئەسلى ئاتىلىشىغا ئەڭ يېقىن شەكلىدە «رامازان» دەپ ئېلىندى؛

2. كىتابنىڭ «مۇقەددىمە»سىدىن بۇرۇن كىتابنىڭ مەتنى ۋە ھاشىيەلىرىدە ئۇچرايدىغان بەزىبىر دىنىي ئاتالغۇلارغا قىسقىچە ئىزاھلار بېرىلدى؛

3. ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ قايسى سۈرە ۋە قايسى ئايەت ئىكەنلىكى خەلقئارا ئىسلام ئەدەبىياتىدا ئومۇملاشقان شەكىلدە شۇ ئايەتتىن كېيىنلا بېرىلدى؛

4. ئايەتلەر ۋە بەزى قۇدسىي ھەدىسلەردە كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ لەۋزلىرى ئاتايىن «**ئەسلىيە**» خەت شەكلىدە بېرىلدى؛

5. ھەدىسلەردە كەلگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ لەۋزلىرى ئاتايىن «مەردانە» خەت شەكلىدە بېرىلدى؛

6. كىتابتا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ساھابە، تابىئىن ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن ئالىم ـ ئۆلىما ۋە مۇھىم زاتلارنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر باياني شۇ شەخسنىڭ ئىسمى تۇنجى تىلغا ئېلىنغان بەتنىڭ ئاستىغا ھاشىيە شەكلىدە بېرىلدى؛

7. تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك جەريانىدا قوشۇلغان تولۇقلىما، ئىزاھات ياكى ئۆمۈر بايان قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ ئاخىرىغا «ــ ت» شەكلىدە ئىشارەت قويۇلدى؛

8. ئەسەرنىڭ ئەسلىدە «خاتىمە» بىرىلمىگەن بولۇپ، مەزكۇر ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن «تۈگەنچە» نامىدا قىسقا بىر خاتىمە بېرىلدى.

ئاخىرىدا، ئۇشبۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان مۇھەممەد تۇرسۇن يۈسۈف قېرىندىشىمىزنىڭ ئىلمى ۋە ۋاقتىغا بەرىكەت تىلەيمىز. شۇنداقلا ئەسەرنىڭ ئەڭ ياخشى شەكىلدە نەشر قىلىنىپ چىقىشىغا باشتىن - ئاخىرى ئىزچىل يېتەكچىلىك قىلغان ئۇستاز دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھقا تەھسىن ئوقۇش بىلەن بىرگە ناچىزانە ئەمگىكىمىزنى بارلىق مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى قادىر ۋە خالىق ئاللاھتىن تىلەيمىز.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# بەزىبىر ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

**پەرز (الفرض):** ئالللاھ تائالا بەندىگە چوقۇم قىلىشنى بەلگىلىگەن ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلسا ساۋاب تاپىدۇ، ئادا قىلمىسا جازاغا ئۇچرايدۇ. پەرز بەلگىلەنگەن ئىشنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**پەرز ئەين (فرض عين):** ھەربىر كىشى ئۆزى چوقۇم ئورۇندىشى كېرەك بولغان، ئۆزى ئادا قىلغاندىلا گەدىنىدىن ساقىت بولىدىغان، بىراۋنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى ئادا قىلىپ قويسا بولمايدىغان پەرز.

**پەرز كۇپايە (فرض كفاية):** مەلۇم شەھەر ياكى رايوندا ۋە ياكى پۈتۈن ئۇممەت ئىچىدە كەم ئادا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئادا قىلىنىشى كېرەك بولغان، بىر قىسىم كىشىلەر ئادا قىلسا باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان، ھېچكىم تەرىپىدىن ئادا قىلىنمىسا شۇ شەھەر ياكى رايون ياكى ئۇمۇمىي ئۇممەت ھەممە بىردەك گۇناھكار بولىدىغان پەرز.

**بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس ياكى مۇتتەفەقۇن ئەلەيھى ھەدىس (متّفق عليه):** بىر ھەدىسنىڭ ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىملەرنىڭ «سەھىھەين» دەپ ئاتالغان «ئەلجامىئۇسسەھىھ» ۋە «ئەلمۇسنەدۇسسەھىھ»لىرىنىڭ ئىككىلىسىدە ئورۇن ئالغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇدۇر. «سەھىھەين» بارلىق ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى بارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭ بىرلىككە كەلگىنىگە ئوخشاش دەپ قارىلىپ، مەزكۇر ئاتالغۇ ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**تابىئىن (التابعي):** «ئەگەشكۈچى ۋە ئىزىدىن ماڭغۇچى» دېمەك بولۇپ،

مۇھەددىسلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نەزەرىدە ھەمراھ بولۇپ تۇرمىسىمۇ، ساھابە بىلەن ئۇچراشقان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**جائىز (الجائز):** شەرىئەتتە توغرا ۋە قىلىش چەكلەنمىگەن، ئاللاھ تائالا بەندىگە قىلىش - قىلماسلىق ئىختىيارلىقنى بەرگەن، قىلسا گۇناھ بولمايدىغان، «ھالال»، «مۇباھ» ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، «ئەقائىد (ئەقىدە ئىلمى)»دە بولسا، بولۇشى ئەقلىي جەھەتتىن «مۇمكىن» ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

**راۋىي (الراوي):** لۇغەت مەنىسى «چاقىرغانلارغا سۆز توشۇپ بەرگۈچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە بىر ھەدىسنى باشقىلارغا سەنەدى بىلەن سۆزلەپ بەرگۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

**زەئىپ ھەدىس (الحديث الضعيف):** لۇغەت مەنىسى «ئاجىز ۋە كۈچسىز» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، «سەھىھ» ۋە «ھەسەن» ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىنى ياكى بىرقانچىسىنى ھازىرلىمىغان رىۋايەتنى كۆرسىتىدۇ.

**ساھابە (الصحابي):** لۇغەت مەنىسى «ئۇچراشقۇچى ۋە ھەمراھ بولغۇچى» دېمەك بولۇپ، ئىمان ئېيتقان ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرگەن ۋە مۇسۇلمان ھالىتىدە دۇنيادىن كەتكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپلۈك شەكلى: ئەسھاب كىرام.

**سەنەد (السند):** لۇغەت مەنىسى «تايىنىلىدىغان نەرسە» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە ھەدىسنىڭ مەتنىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىدىغان راۋىيلەرنى كۆرسىتىدۇ. راۋىيلەر ھەدىس مەتنىگە ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، سەنەد يەنە «يول (تەرىق / الطريق)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ئاتىلىدۇ.

**سەھىھ ھەدىس (الحديث الصحيح):** لۇغەت مەنىسى «ساق، ساغلام، ئەيىبتىن خالىي» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە: «ئىشەنچلىك» دەپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سەنەدنىڭ تۇتىششى، راۋىيلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى، باشقا تېخىمۇ ئىشەنچلىك ياكى كۆپ راۋىيلەرنىڭ

رىۋايىتىگە زىت رىۋايەت بولماسلىقى ۋە كۆزگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان ئەيىبلەردىن خالىي بولۇشى قاتارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغان ۋە دىنىي خۇسۇسلاردا دەلىل بولىدىغان ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ.

**سەھىھەين (الصحيحين):** لۇغەت مەنىسى «ئىككى سەھىھ» دېمەك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلانغان ئەڭ مۆتىۋەر «ئالتە كىتاب (كۇتۇبى سىتتە / الكتب الستة)» ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ئىككى «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»، يەنى ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىملەرنىڭ «جامىئۇسسەھىھ (الجامع الصحيح)»لىرىنى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇدۇر.

**سۇنەن (السنن):** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلانغان ئەڭ مۇھىم ئالتە كىتاب ئىچىدە «السنن (ئەسسۇنەن)» نامى بىلەن ئاتالغان تۆت كىتاب، يەنى مۇھەددىس ئالىملاردىن ئەبۇ داۋۇد سىجىستانىي، مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا تىرمىزىي، ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە ئەلقەزۋىنىي قاتارلىقلارنىڭ «تۆت سۇنەن (سۇنەنى ئەربەئ / السنن الأربعة)» دەپ ئاتالغان ھەدىس كىتابلىرىدۇر. شۇنداقلا «سۇنەن» ھەدىس ئىلمىدە ئىمان، ئىبادەت، مۇئامىلىلەر، جازا - قىساس ھەققىدىكى ئەھكام ھەدىسلىرى توپلانغان كىتابلارنىڭ ئورتاق ئاتىلىشىدۇر.

**سۈننەت (السنة):** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئىشلىتىلگەن ئورنى (كونتېكىست) غا قاراپ مەنىسى پەرقلىق بولىدۇ. فىقھە ئىلمىدە: پەرز ۋە ۋاجىپتىن سىرت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادا قىلغان «نەپلە» ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ؛ ھەدىس ئىلمىدە: شەرئىي ھۆكۈمنى بىلدۈرسۇن ياكى بىلدۈرمىسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش - ئىزلىرى ۋە خۇلق - سۈپەتلىرىنى كۆرسەتسە، ئۇسۇلى فىقھ ئىلمىدە: شەرئىي ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش - ئىزلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇباھ (المباح):** ئاللاھ تائالا بەندىگە قىلىش - قىلماسلىق ئىختىيارلىقىنى بەرگەن

ئش. ئادەتتە شەرئەت قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئوخشاش دەپ قارىغان ياكى قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا پەقەت ئىپادە بىلدۈرمىگەن، قىلسا گۇناھ بولمايدىغان، «ھالال»، «جائىز» ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇتەۋاتىر ھەدىس (الحديث المتواتر):** لۇغەت مەنىسى «ئارقىمۇئارقا ئۈزۈلمەي كېلىش» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە سەنەدىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئارىلىرىدا يالغان ئېيتىشقا كېلىشىۋېلىش ئېھتىماللىقى يوق ھالەتتىكى كۆپ ساندىكى راۋىيلەرنىڭ ئوخشاش ھالەتتىكى كۆپ سانلىق راۋىيلەردىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مۇتەۋاتىر ھەدىس: «لەۋزى مۇتەۋاتىر»، «مەنىسى مۇتەۋاتىر» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**مۇستەھەپ (المستحب):** «ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئادا قىلىشقا بۇيرۇمىغان، لېكىن تەرغىب قىلغان ئىبادەت بولۇپ، ئادا قىلغۇچى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، تەرك قىلغۇچى جازالانمايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئادەتتە سۈننەت، نەپلە قاتارلىق تەرغىب قىلىنغان تۈرلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**نەفلە (النفل):** «ئارتۇق، زىيادە، ھەدىيە» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، پەرز ۋە ۋاجىپتىن باشقا مۇستەھەپ، سۈننەت قاتارلىق تەرغىب قىلىنغان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بۇ سۆز نامازغا قارىتا ئىشلىتىلگەندە «پەرز ۋە ۋاجىپ نامازلاردىن سىرتقى ئارتۇق ناماز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زاكاتقا قارىتا ئىشلىتىلگەندە بولسا پەرز زاكاتتىن سىرتقى سەدىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. رامازانغا قارىتا ئىشلىتىلسە، پەرز ۋە ۋاجىپ روزىدىن سىرت تۇتقان روزىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەسەن ھەدىس (الحديث الحسن):** لۇغەت مەنىسى «گۈزەل، چىرايلىق» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە: «سەھىھ ھەدىس»نىڭ شەرتىنى ھازىرلىغان، لېكىن راۋىينىڭ سەھۋەنلىك سادىر قىلمايدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بولۇشى شەرت قىلىنمايدىغان، «سەھىھ ھەدىس»نىڭ تۆۋەن دەرىجىسى ياكى «زەئىف ھەدىس»تىن يۇقىرى، ئەمما «سەھىھ ھەدىس» دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەدىس قۇدۇسىي (الحديث القدسي):** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن رىۋايەت قىلغان ۋەھيىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىۋايەت قىلغانلىقتىن «ھەدىس» دەپ ئاتالسا، ئۇلۇغ زات پەرۋەردىگارغا نىسبەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن «قۇدۇسىي» دەپ ئاتالغان. «قۇدۇسىي» كەلىمىسى لۇغەت مەنىسى «پاكلىق، مۇقەددەسلىك، نۇقسانسىزلىق» دېگەن مەنىدىكى «قۇدۇس» تومۇرىدىن تۆرلەنگەن تەۋەلىك ئىسىم بولۇپ، «ھەرقانداق نۇقساندىن خالىي ئۇلۇغ بىر مەۋجۇدلۇققا خاس نەرسە» دېگەنلىكتۇر. «ھەدىس قۇدۇسىي» مەنەن چۈش ياكى ۋەھيى ئارقىلىق ئاللاھتىن، ئىبارىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىس دېمەكتۇر.

**ۋاجىب (الواجب):** كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ھەجدىن باشقا ئىبادەتلەردە ۋاجىب بىلەن پەرزنىڭ پەرقى يوقتۇر. ھەنەفىي مەزھەبىتە پەرز بىلەن ۋاجىبنىڭ پەرقى: «پەرز پەقەت كەسكىن، ئېنىق، ‹مۇتەۋاتىر› دەرىجىسىگە يەتكەن دەلىللەر بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ. ۋاجىب بولسا، كەسكىن، ‹مۇتەۋاتىر› دەرىجىسىگە يەتمىگەن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ». لېكىن، بارلىق ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ئەمەل قىلىش نۇقتىسىدىن پەرز بىلەن ۋاجىبنىڭ پەرقى يوق. چۈنكى ھەر ئىككىسى چوقۇم ئورۇنداشنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى ئادا قىلسا ساۋاب تاپىدۇ، ئادا قىلمىسا جازاغا ئۇچرايدۇ.

**ئىجماڭ (الإجماع):** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى مەلۇم بىر ئەسىردە ئىسلام ئۈممىتى مۇجتەھىدلىرىنىڭ مەلۇم مەسىلىدە بىردەك ئىتتىپاقلىششىدۇر.

**تەھەججۇد نامىزى (التهجد):** كېچىسى ئۇيقۇنى قويۇپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازدۇر. ئىككى رەكئەتتىن ياكى تۆت رەكئەتتىن خالىغانچە ئوقۇلىدۇ. پەزىلىتى كاتتا بولغان بۇ نامازنىڭ ھۆكمى مۇستەھەپ ۋە سۈننەت بولۇپ، «تەراۋىھ نامىزى» ۋە «قىيامۇل لەيل (كېچىلىك ناماز)»مۇ تەھەججۇد نامىزىدۇر.


شهر رمضان

# مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇسانا تەقدىرلەرنى بەلگىلىگۈچى، كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزگۈچى ئاللاھقا خاستۇر. ﴿**ئاللاھ خاھلىغىنىنى يارىتىدۇ، خاھلىغىنىنى تاللايدۇ**﴾(قەسەس: 68).

ئۇلۇغ ۋە ئەبەدىي زات ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلىۋېلىشىمىز، ئىستىغپار ئېيتىۋېلىشىمىز، نېئمەتلىرىنى ئەسلەپ شۈكۈرانەلەردە بولۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن، بىز بەندىلەرگە ئارقىمۇئارقا كېلىدىغان پەزىلەتلىك پەسىللەردە ئۆز رەھمىتىنىڭ مەيىن شاماللىرىدا سالقىندايدىغان ۋە ئىلاھىي مەغپىرىتى قولغا كەلتۈرۈلىدىغان مۇستەسنا دەملەرگە ئۆزىمىزنى ئاتايدىغان خاس كۈنلەرنى تاللاپ بەردى. ﴿**ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى**﴾(فۇرقان: 62).

دۇرۇت ۋە سالام ئىبادەتگۈيلارنىڭ ئىمامى، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ۋە دائىما شۈكۈر ئېيتقۇچىلارنىڭ رەھبىرى، خالايىققا ئاخىرەتنى گۈللەندۈرۈشتە دۇنياسىنى قانداق بويسۇندۇرۇشنى، شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيادا تەڭلا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن ياراتقۇچىسىنى قانداق رازى قىلىشنى ئۆگەتكۈچى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن.

شۈبھىسىزكى، بۇ پەسىللەر ئاللاھ تائالا ﴿**ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى**﴾(فۇرقان: 62) دېگەنىدەك ھەر يىل تەكرارلىنىدۇ.

جۈملىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ ۋە قەدىرلىك قىلغان، روزا تۇتقان ۋە كېچىلىرى قىيامدا تۇرغانلارنى شەرەپلىك قىلغان، روزىدارلار ئۈچۈن باشقا ئايلاردا بولمىغان سان - ساناقسىز ئەجىر - مۇكاپاتلار ۋەدە قىلىنىپ، ئالاھىدە قىلغان رامىزان ئېيى ئەنە شۇ ھەر يىلى كېلىدىغان پەزىلەتلىك پەسىللەردىندۇر. بىر ھەدىس قۇدسىيدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللا تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: **«ئادەم بالىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈندۇر. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچىدۇر. پەقەتلا روزا مەن ئۈچۈندۇركى، بەندە شەھۋىتىنى، يېمەك - ئىچمىكىنى مېنى دەپ تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن»**[1].

ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، روزىدىن باشقا پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتى 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ھەسسىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، روزا بولسا سەبىر بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ھەسسىلىنىشى مەلۇم چەك ياكى ساناققا سىغمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ﴿**سەبىر قىلغۇچىلارغا ھېسابسىز ئەجىر بېرىلىدۇ**﴾(زۇمەر: 10).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكلەرگە قوشۇلۇپ ماكان، زامان ۋە ئىنسان قاتارلىقلارنىڭ شەرەپلىك بولۇشى سەۋەبلىكمۇ روزىنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلىنىدۇ.

**ماكانىنىڭ شەرەپلىك بولۇشى:** تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ نامازلارنىڭ شەرىپىگە ئاتايىن سەپەر قىلىنىدىغان مەككە مۇكەررەمەدىكى مەسجىدى ھەرەم (بەيتۇللاھ)، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەسجىدى نەبەۋىي ۋە مۇبارەك قۇددۇس (ئېروسالىم) شەھىرىدىكى مەسجىدى ئەقسادىن ئىبارەت ئۈچ مەسجىدتە ئوقۇلۇشى، ئورۇندىلىشى دېگەندەك.

**زامانىنىڭ شەرەپلىك بولۇشى:** 12 ئاينىڭ ئىچىدە رامىزان ئېيىدىنمۇ ئەۋزەلرەك ئاي يوقتۇر. ھەتتا بۇ ئاينىڭ ھەر كۈندۈزى ۋە ھەر كېچىسىمۇ پەزىلەتتە بىر -

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي» 1894 -، 1904 -؛ «مۇسلىم»، 1151 - ۋە 163 - ھەدىسلەر.

بىرىدىن پەرقلىقتۇر، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئون كۈن ئۇشبۇ ئاينىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۈنلىرىدۇر. بۇ ئون كۈندە قىلىنغان سالىھ ئەمەللەر زامانىنىڭ شەرىپى بىلەن قاتمۇقات ھەسسىلىنىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇشبۇ ئون كۈندە ئىبادەت بابىدا باشقا ۋاقىتتا كۆرسەتمىگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. مۇبارەك قەدىر كېچىسى بولسا بۇ ئون كۈننىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ئۇ كېچىدە قىلىنغان سالىھ ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلىنىشتە ھەتتا مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىنمۇ ئەۋزەلدۇر.

**ئىنساننىڭ شەرەپلىك بولۇشى:** بۇ بولسا تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ﴿**ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلاردىنلا قوبۇل قىلىدۇ**﴾(مائىدە: 27). تەقۋادارلىق شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولۇشنىڭ ئاساسىدۇر. ﴿**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)**﴾(ھۇجۇرات: 13). بۇ ئۈممەتكى، باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ تەقۋادار، قەلبى تېخىمۇ پاكىز ئۈممەتتۇر. ئىمان ۋە ساۋاب تەلەپ قىلىش جەھەتتە ئەڭ تىرىشچان ئۈممەت بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا ئۈممەتلەردىن پەزىلەتلىك قىلىنغاندۇر: ﴿**(ئى ئۈممەتى مۇھەممەد!) سىلەر ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلبەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر**﴾(ئال ئىمران: 110).

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن چىققان ئىبادەتگۇي ئابىدلەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزگىچە پەزىلەت ۋە ئاجايىب شەرەپلەرى بائىس باشقا ئۈممەتلەردىن چىققان ئابىدلەرنىڭ مۇكاپاتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىلدى ۋە بۇ ئۈممەت بارچە ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن بولسىمۇ، پەزىلەتتە ئەڭ باشتا قىلدى. ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىزلەر دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلگۈچىلەر، قىيامەت كۈنى ئەڭ باشتا

بولغۇچىلارمىز»[1]. كىشى تەقۋالىق چوققىلىرىغا يامىشىش ئارقىلىق شەرەپ دەرىجىلىرىگە ئۆرلىگەن ۋاقىتتا سالىھ ئەمەللىرىنىڭ ئەجىر - مۇكاپاتى ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلايدۇ.

روزا تەقۋالىق ئەمەللىرىدە ئۈستۈن دەرىجىلەرگە ئۆرلەش ئۈچۈن يولغا قويۇلدى. شۇنداقلا روزا بەجايىكى بەيگىگە چۈشكۈچىلەر ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بەيگە مەيدانى، ئەجىرلىرىگە قىزىققۇچىلار ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەتتۇر: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامازان روزىسى) پەرز قىلىندى**﴾(بەقەرە: 183).

تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىش شۇنىڭغا يارىشا نىيەت، ئەمەل ۋە ئەخلاقلار بىلەن روياپقا چىقىدۇ. تەقۋالىق بولسا بارچە نىيەتلىرى، ئەمەل ۋە ئەخلاقلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ھالدا روزىنىڭ مەقسىتىدۇر.

رامازان ئېيىنىڭ ئۆزىگە تالىق ئەمەل ۋە ئىبادەتلىرى تولىمۇ كۆپ ۋە خىلمۇخىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، روزىدار قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ باشقا چاغلاردىكىدەك تۇرلۇك ھايات مەشغۇلىيىتى ۋە دۇنيانىڭ تۈرلۈك شەھۋەت، رەڭگارەڭ ئويۇن - تاماشالىرىغا چۆكۈش بىلەن زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇشبۇ ساناقلىق كۈنلەردىكى چەكلىك سائەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، ھەمدە ئىبادەتلەرنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولغۇچى روھقا ئېھتىياجلىقتۇر.

بىزلەر خۇشاللىق ۋە خاپىلىقنىڭ سىناقلىرى ھەققەتەن كۆپ بولغان بىر زامانىدا ياشىماقتىمىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ كۈنلەردە ئەمەل قىلغۇچىغا سىلەرگە ئوخشاش ئەمەل قىلغان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجىر - مۇكاپاتى بېرىلىدۇ»[2] دەپ خەۋەر بەرگەن سەۋر - تاقەت كۈنلىرى دەل مۇشۇ كۈنلەر بولسا كېرەك. ئۇشبۇ كۈنلەردە ئىشلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ، كۆپ كىشىلەرنىڭ

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 876 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 855 - ھەدىس.

(2) «تىرمىزىي»، 3058 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 4343 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 4014 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

پىتنە - پاساتقا قۇربان بولۇشلىرى، ئۆلۈش - ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى، بىئىختىيار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ھەرج» ھەدىسلىرىدە بەرگەن بېشارەتلەرنى ئەسكە سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ۋاقىت بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ (يەنى بەرىكەتسىزلىشىپ، قىسقىراپ) كەتمىگۈچە، پىتنىلەر ئاشكارا بولمىغۇچە، ھەرج كۆپىيىپ كەتمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ، ــ دېگەنىدى. ساھابىلەر:

ــ ھەرج دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ــ دېدى[1].

دەرۋەقە ۋاقىتنىڭ بەرىكەتسىزلىكى، تائەت - ئەمەللىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، خەير - ئېھساندىن يىراقلىشىش ۋە يامانلىقلارغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىشلەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھەرج» دەپ سۈپەتلىگەن پىتنە زامانىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق زامانلاردا ئىبادەتكە يۈزلىنىشنىڭ باشقا ۋاقىتلاردىكىدىن پەرقلىق بىر ئالاھىدىلىكى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «پىتنە زامانىدا ئىبادەت قىلىش ماڭا ھىجرەت قىلىش بىلەن باراۋەردۇر»[2].

مۇبارەك رامىزان ئىيى شەرت - شارائىت قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىيىنەزەر، پىتنە بوھرانىدا تېزگىنىدىن چىققان نەپسىنى ئىبادەتكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن چوڭ پۇرسەتتۇر. بۇ نىيەت بىلەن ئىبادەت قىلغۇچى ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك، ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە كەلگۈسى كېلىدىغان بارچە ئۇممەتنىڭ رەھبىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرەت يۇرتىغا ھىجرەت قىلغان ئەۋۋەلقى مۇھاجىرلارنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىشى مۇمكىن.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ ساھەلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى باشقا - باشقا بولغان ھۆكۈم، پەتۋا مەسىلىلىرىنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى بىزلەردە يىلنىڭ ھەممە ئاي ۋە كۈنلىرىدە تائەت - ئىبادەتكە قارىتا ئالاھىدە بىر تۈرتكە

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 7161 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 157 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 2948 - ھەدىس.

كۆچنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن، ئۆز نەپسىمىزگە ۋە بارچە ئىنسانلارغا ئۇشبۇ مۇبارەك ئايدا قىلىنىغۇسى تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ روھىنى ئەسلىتىشتۇر. شۇنداقلا نىشانىمىز تائەت - ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ناماز، روزا، ھەج ۋە دۇنيا - ئاخىرەتكە دائىر ھەممە ئىشلاردا تەلەپ قىلىنغان قۇللۇقنىڭ كۆپىنچە مەنالىرىدىن يوقسۇل ئادەت خاراكتېرىدىكى پوچەك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىبادەت - ئەمەللەرنىڭ ھەقىقىي روھىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ياردەم بېرىدىغان قىزىقتۇرغۇچى ۋە مۆرتى كەلگەندە قورقۇتقۇچى ئامىللارنى بايان قىلىشتۇر. ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «**مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋەلىمەن**﴾(ئەنئام 162 – 163).

ئىبادەتنىڭ ئۇبۇدىيەت ـــ قۇللۇق تەقەززاسى بويىچە ئادا تېپىشى ئۈچۈن، شۇ ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي روھى ۋە چىن مەنالىرىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن «روزىنىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەنالىرى» ناملىق ئۇشبۇ كىتاب شۇ مەقسەتكە ئاتىلىنىش سەپىرىنىڭ باشلانغۇچىدۇر. تىلىكىمىز، ئاللاھ ئىگەم پۈتمەس نېئمىتى ۋە تۈگىمەس كەرەمى بىلەن شۇ مەقسىتىمىزگە ئېرىشتۈرگەي! شۇنداقلا ھەقتائالا ئىگەم بۇ كىتابنىڭ داۋامى سۈپىتىدىكى «ئىبادەتنىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەنالىرى» دەپ ناملانغۇسى كىتابىمىزنىمۇ مۇۋەپپەق قىلغاي.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مۇئەللىف

ھىجرىيە 1425 - يىلى، بارات (شەئبان) ئاينىڭ بېشى

مىلادىيە 2004 - يىلى 15 - سېنتەبىر

## 1

# رامازاننى كۈتۈۋېلىشىڭىز

شۈبھىسىزكى، ئىنسان بىر ئىشنى قىلغاندا ياكى بىرەر جايغا زىيارەتكە بارغاندا ۋە ياكى بىرەر كىشى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ بۇ دەمنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىدراك ئەتسە، بۇنىڭدىن تۇغۇلغان ھېسسىيات شۇ دەمكى تەكرارى يوق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت يەنە بىر خىل تۇيغۇنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر تەبلىغنى ئاڭلىغىنىدا قەلبلىرى تىترەپ، كىرپىكلىرى نەملىنىپ، ئۇنى پۈتۈن جەھەتلىرى بىلەن چوڭقۇر ھېس قىلىشاتتى ۋە ئۇلار: «بۇ تەبلىغ بەئەينى بىر ۋىدالاشقۇچىنىڭ نەسىھەتىدەك بولدى، بىزگە ۋەسىيەت قىلغايلا»[1] دېيىشەتتى. ئۇلار گويا بەئەينى ۋىدالىشىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىشكەندە بۇنى غەنىيمەت بىلىشىپ، قايتا تەكرارلانمايدىغان بىر ۋەسىيەتكە تەقەززا بولۇشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدا ھەجى[2]دە، ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئۇممىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم جەم بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ نەسىھەتلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن قايتا ئۇچرىشالماسلىقىم مۇمكىن»[3].

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 16694 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2676 ـ ھەدىسنىڭ بىر قىسمى. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) **ھەججەتۇل ۋىدا (حَجَّةُ الْوَدَاعِ):** ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن (ھ. 10 / م. 632) ئادا قىلغان، تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەجى. ــ ت.

(3) «سۇنەنۇددارىمىي»، 229 ـ ھەدىس.

بۇ شۇنى كۆرستىدۇكى، ۋىدالىششىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلىش كىشىگە ئادەتتىكى ئەھۋالدا تېپىلمايدىغان بىر خىل ھېس - تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ساھابىگە: «نامازغا تۇرسالىڭ، نامىزىڭنى خۇددى ۋىدالاشقۇچىنىڭ (ئەڭ ئاخىرقى نامىزىنى ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ) نامىزىدەك ئادا قىلغىن»[1] دېگەن نەسىھەتىنىڭ سىرى دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

كېلىڭلار! تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى... ئېيتايلۇق، ئىخلاسمەن بىر كىشى شۇ تاپتا ناماز ئوقۇماقتا، ئەگەر ئۇ مۇشۇ نامىزى بىلەن دۇنيادىن خوشلىشىدىغانلىقىنى بىلسە، مەزكۇر نامازنىڭ خۇشۇلىرى، چىن ئىخلاسلىرى، تاماملىنىشى ۋە راستچىل دۇئالىرى قانداق بولار - ھە؟!

ھەقىقەتەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە بىزگە — ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر — ئىبادەتنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىدىن قانداق قۇتۇلالايدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ قويغان. ئۇنداقتا، بىز ھەردائىم ۋىدالىشىش گىرۋىكىدە تۇرغان تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بارلىق ئىبادەتلىرىمىزدە ۋىدالىشىش روھىنى ھازىرلىيالمايمىز؟! ئەنە، رامازان بىزگە مېھمان بولۇپ كەلمەكتە، بىز ئۇنى ھۆرمەتلىسەك ئۇمۇ بىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، بىزگە خىلمۇخىل بەرىكەت ۋە ياخشىلىقلارنى سېخىيلەرچە تەقدىم ئېتىدۇ. ئۇ مېھمان، شۇنداقلا ھەم ساھىبخان، بەلكىم ئىچىمىزدىن بىرەر كىشىنىڭ ئۇشبۇ ساھىبخانىنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولۇشى ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن! ياكى قىسقىغىنا بۇ ھاياتتا مەزكۇر مېھمان بىزدىن باشقا كىشىلەرنىڭ مېھماندارچىلىقىغا ئىجابەت قىلىشى مۇمكىن... قېنى ئەمسە مېھمىنىمىزنى كۈتۈۋالايلى! ئۇنىڭ سېخىيلىقىغا يۈزلىنەيلى!

رامازاننى غەنىيمەت بىلىپ جۇدالىق ئۈچرىششىدەك كۈتۈۋېلىش ئۇنى خۇشال - خۇرام قارشى ئېلىشقا زىت كەلمەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرىغا رامازان بىلەن خۇش بېشارەت بېرەتتى، ئۇنىڭ ھەر دەقىقىسىدىكى بەرىكەت ۋە رەھمەتلىرىگە قىزىقتۇرۇپ شۇنداق دەيتتى: «رامازان ئېيى سىلەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 22987 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 4181 - ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

مۇبارەك ئايدۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ روزىسىنى پەرز قىلدى، ئۇنىڭدا جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ، ئۇنىڭدا مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان بىر كېچە بار، كىمكى ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالسا ھەقىقىي مەھرۇم قالغان بولىدۇ»[1]... چوڭقۇر مەنىلەرگە تولغان بۇ سۆزلەرنى قايتا ئويلىنىپ بېقىڭ، مۇشۇنداق سۆيەتكە ئىگە سېخىي بىر ئاي سىزگە يېقىنلاپ كەلسە، «بۇ ئاي كېلەر يىلى يەنە كېلىدۇ» دېگەن ئوي بىلەن غەنىيمەت بىلمىسىڭىز، بۇ ئاينى ۋىدالاشقۇچىنىڭ ئىبادىتىدەك ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزمىسىڭىز، سىز مەھرۇم بولماي كىم مەھرۇم بولسۇن؟!

ئۆتكەن سەلەف - سالىھلىرىمىز بۇ ئاينى ئىشتىياق بىلەن كۈتۈشەتتى، كۈندۈز روزىسىنى ۋە كېچە ئەمەللىرىنى قوغلىشىپ، كۈن - تۈنلىرىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. شۇ جۈملىدىن، يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر[2] رەھمەھۇللاھ دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! بىزنى رامازانغا سالامەت يەتكۈزگىن! رامازاننى بىزگە تىنچ - ئامان قىلىپ بەرگىن! ئەمەللىرىمىز قوبۇل بولغان ھالدا رامازاننى ئاخىرلاشتۇرغىن!» دېگەنىكەن. ئۇلار ــــ خۇددى مۇئەللا ئىبنى ئەلفەزل[3] مىسالى ــــ رامازاندىن ئىلگىرىكى ئالتە ئايدا ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىنى رامازانغا سالامەت يەتكۈزۈشنى تىلىسە، كېيىنكى ئالتە ئايدا رامازاندىكى ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى سوراپ دۇئا قىلىشاتتى[4]. بۇ ئاينى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇبدان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان مانا مۇشۇنداق سەممىي تەييارلىقلار ئاللاھنىڭ بۇ ئاينى ئۇلۇغلاش توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاي توغرىسىدىكى سۈننەتلىرىنى چۈشىنىدىغان تىرىك بىر قەلبنىڭ نامايەندىسىدۇر.

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 9213 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 2106 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

(2) ئەبۇ نەسر **يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر** سالىھ ئەتتائىي (أَبُو نَصْرٍ يَحْيَى بنُ أَبِي كَثِيْرٍ صَالِحٍ الطَّائِيُّ، ھ. ؟ – 129 / م. ؟ – 747) ــ ساھابەلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان تابىئىن. فىقھشۇناس، مۇھەددىس، پەزىلەتلىك ئالىم. ــ ت.

(3) ئەبۇلھەسەن **مۇئەللا ئىبنى ئەلفەزل** ئەلئەزدىي ئەلبەسرىي (الْمُعَلَّى بْنُ الْفَضْلِ الأَزْدِيُّ الْبَصْرِيُّ، ھ. 230 / م. 845 - يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان) بەسرەلىك مۇھەددىس. بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ. ــ ت.

(4) ئىبنى رەجەب: «لەتائىفۇل مەئارىف»، 235 - بەت.

ئىمام ئىبنى رەجەب[1] مۇنداق دەيدۇ:

رامازان ئېيىغا ئۇلىشىش ئاللاھ بېكىتكەن كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان كاتتا نېئمەتتۇر، ئۇنىڭ دەلىلى ئۈچ كىشى ھەققىدە كەلگەن تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ۋاقتاكى، ئۈچ كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى شەھىد بولۇپ كېتىدۇ، ئۈچىنچىسى ئۇ ئىككىسىدىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولىدۇ، باشقا بىر كىشى چۈشىدە بۇ كىشىنىڭ ھېلىقى ئىككى شەھىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كىشى ئىككيلەندىن كېيىن نۇرغۇن نامازلارنى ئوقۇمىدىمۇ؟ رامازانغا ئۇلىشىپ روزا تۇتمىدىمۇ؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدىنمۇ چوڭراق پەرق باردۇر»[2].

**بەندىلەرنىڭ ئېكىنزارى رامازان كەلدى، پاساتلاردىن قەلبلەرنى پاكلىماق ئىشى.**

**ھەقلىرىنى قىلغىل ئادا سۆز ۋە ئەمەلدە، قىيامەتكە ئالغىل ئۇزۇق قىپ ئەمەللەرنى.**

**گەر كىمكى سۇغارمىسا چېچىپ ئۇرۇقنى، ئاھ ئۇرغايدۇر نادامەتتىن ھەر ھوسۇل كۈنى.**

ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم، قىنى كېلىڭ! بىز بىرلىكتە خۇددى يەنە بىر رامازانغا يېتەلمەيدىغاندەك ھېس - تۇيغۇدا روزا تۇتۇشنى تېتىپ باقايلى. ئېھتىمال، قىممەتلىك كۈنلىرىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋاتقان پارچە - پۇرات ئىشلارنى، ئىلاھىي نېئمەتىمىز بولغان ئىمانىمىزنى كۈنسايىن ئاجىزلاشتۇرۇۋاتقان قۇرۇق خام -

(1) ئەللامە زەينۇددىن ئەبۇلبەرەكات ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەھمەد **ئىبنى رەجەب** ئەلباغدادىي ئەلھەنبەلىي (زَينُ الدِّين عَبْدُ الرَّحْمَنِ بنُ أَحْمَدَ بنِ رَجَبٍ الحَنْبَلِيّ، ھ. 736 – 795 / م. 1336 – 1393) ـــ ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ۋە ھەنبەلىي مەزھەب فەقىھى. «فەتھۇل بارىي»، «لەتائىفۇل مەئارىف» ۋە «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى. ـــ ت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 27384 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3925 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

خىياللارنى تاشلىيالىشىمىز مۇمكىن، بۇ مۇبارەك ئايغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، بەئەينى ئاداققى روزىمىزنى تۇتۇۋاتقاندەك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشايلى. قېنى ئەمىسە تۇتقان روزىمىزنىڭ بىزنى ئادەت كەيپىياتىدىن ئىبادەت روھىغا ئېرىشتۈرۈشى ئۈچۈن بىرلىكتە تەپەككۇر دېڭىزىدا ئۈزەيلى:

⁕ ھەر يىلى روزا تۇتىمىز، كۆپىنچىمىزنىڭ غېمى پەرزنى ئادا قىلىپ، قەرزنى تۈگىتىش... بۇ يىلقى غېمىمىز ئىلگىركى گۇناھلىرىمىزنىڭ (ئۇ ئەلبەتتە كۆپتۇر) كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن، ھەدىستە كەلگەن روزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى (ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا) ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولسۇن!

⁕ ھەر يىلى «قۇرئان»نى بىرقانچە قېتىم تاماملاشقىلا ئەھمىيەت بېرەتتۇق... بۇ يىل بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇنى تەپەككۇر قىلىپ، مەنىلىرىنى ئويلىنىش بىلەن، ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش نىيىتى بىلەن تاماملاپ باقايلى!

⁕ ھەر يىلى بۇ ئاينىڭ باشلىرىدا جامائەتنى قولدىن بەرمەسلىككە ھېرىس ئىدۇق، بۇ يىل پۈتۈن بىر ئاي بويىچە جامائەت نامىزىنىڭ تۇنجى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈشكە ھېرىسمەن بولايلى!

⁕ ھەر يىلى ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ لەززەتلىرى بىلەن ئۆز نەپسىمىز ۋە ئائىلە ئەزالىرىمىزنىڭ قەلب راھىتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ماھى رامىزاننى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىپ كەلگەنىدۇق، بۇ يىل قەلب ھۇزۇرىمىز ئوقۇلىدىغان كىتاب، ئاڭلىنىدىغان ۋەز - نەسىھەت ياكى پايدىلىق ئۇچرىشىشلار بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان قىممەتلىك روھىي غىزا بىلەن تېخىمۇ كېڭەيسۇن!

⁕ ھەر يىلى ئائىلىمىزگە مۇشۇ شەكىلدە خۇشاللىق بېغىشلاپ كەلگەن بولساق، بۇ يىل دائىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ روھىي كېسەللىكلەر ياكى ھىيلە - مىكىرنىڭ ئەشەددىي زەنجىر - كىشەنلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋىي توسالغۇلار ئەسىر ئېلىۋالغان باشقا ئائىلىلەرگە ھەم خۇشاللىق بېغىشلايلى!

✵ ھەر يىلى باشقا موھتاجلارغا ياردەم قىلىپ سەدىقە قىلىۋاتقان بولساق، بۇ يىل خاتالىق پاتقىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئېھتىياجلىق ئۆز نەپسىمىزگە ياردەم بېرىشنى ئاساسىي مەقسەتلىرىمىزدىن بىرى قىلايلى! بۇ بولسا ھەربىر خاتالىق ۋە گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن سەدىقە قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ.

✵ پەزىلەتلىك كاتتا بولغاچقا رامازاندا ھەجگە ئىنتىلگەن ھالدا ئۆمرە قىلىشقا قىزىقىمىز، بۇ يىل ئاللاھ ئىزنى بەرسە ئۆمرە ئىبادىتىمىزنى كەلگۈسى ھاياتىمىزغا ئاتايلى! بەلكىم ئاشۇ بىر تاۋاپىمىز ئاللاھنىڭ ئۆيى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

✵ بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئەمەللەرنى قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدۇق، بۇ مەنپەئەت بۇ يىل نەسىھەت قىلىش ۋە كىتاب سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ھەر تەرەپكە ئومۇملاشسۇن، بەلكىم شۇ ئىشلىرىمىز بىلەن بىز بىرەر ياخشىلىققا باشلاپ قويغان كىشىلەرنىڭ ساۋابى بىزگىمۇ بېرىلىشى مۇمكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا باشلاپ قويغۇچى شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشىگە ئوخشاشتۇر»[1].

✵ ئۆزىڭىز ۋە ئائىلىڭىزنىڭ ئىنساپ - تەۋپىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بۇ يىلقى مۇبارەك رامازان ئېيىدا بۇنداق بېخىللىقنى تاشلاڭ، چۈنكى بۇ يەردە سىزنىڭ شۇ دۇئايىڭىزغا ئېھتىياجلىق مىليونلىغان مۇسۇلمان ۋە مۇسلىمە قېرىنداشلىرىڭىز بار، سىز ئۇلارغا دۇئا قىلغىنىڭىزدا، پەرىشتىلەرمۇ سىزگە: «ساڭىمۇ ئوخشىشى بولسۇن!»[2] دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ.

✵ سېخىيلىق رامازاندا ماختىلىدۇ، سىز ئازدۇر - كۆپتۇر ياخشىلىقىڭىز بىلەن شۇنىڭغا لايىق ئىدىڭىز، بۇ يىلقى سېخىيلىقىڭىز سىزگە يامانلىق قىلغان كىشىگىمۇ ياخشىلىق قىلىشىڭىز بىلەن، سىزدىن سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە ئەكسىچە

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 21326 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2670 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(2) «مۇسلىم»، 4914 - ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

سلە - رەھىم قىلىشىڭىز بىلەن، سىزگە كېلىشتىن قاچقان كىشىگە ھەم سىزنىڭ بېرىشىڭىز بىلەن يىللاردىكىدىن پەرقلەنسۇن!

✵ باشقىلار بىلەن ھەپىلىشىشتىن ساقلىنىپ ئۆزىمىزدىن ھېساب ئالايلى، بەلكىم ئۆتكەن ئۆمرىمىز ئۆلۈم كېلىپ تۇيۇقسىز قويىنىغا كىرىپ كېتىشىمىز ۋە ئۆز نەپسىمىزدىن ھېساب ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ ھېسابقا تارتىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

✵ روزىدارلارغا ئىپتار بېرىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرىمىز، بۇ ئىبادەتنى باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ياكى مىننەت - مالامەتلەردىن يىراق قىلايلى! چۈنكى، رىياكارلىق بىلەن ياخشىلىق قىلغۇچى ھەرقانچە بەرسىمۇ ئاللمايدۇ، سەرپ قىلسىمۇ نەتىجىسىنى كۆرەلمەيدۇ. يەنى ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى رىياسى ئۇ كىشىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

✵ رامازاننىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتى قەدىر كېچىسىدە ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، سىز ئۆتكەن يىللاردىكى قەدىر كېچىلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىرىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ قېتىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىڭ! بەلكىم بۇنىدىن كېيىن بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

**ئى ئاللاھ! رامازاندا بىزگە بەرىكەت بەرگىن! رامازان ئۈچۈن قىلىنغان گۈزەل تەييارلىقلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن! رامازاننىڭ كۈندۈز روزىسى ۋە كېچە ئىبادەتلىرىدە ياردەم بەرگىن! بىزنى تەقۋادارلاردىن، جەھەننەم ئازابىدىن خالاس بولغان ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغىن!... ئامىن!**


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

2

# رامازاندىكى روزىلىرىڭىز

روزىدارنىڭ روزىنىڭ روھى ۋە مەقسەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر بولۇپلا قالماي، رامازاننىڭ ئەھكاملىرى، دەلىللىرى ۋە روزىنى گۈزەل قىلىدىغان خۇسۇسلارنى بىلىشىمۇ مۇھىمدۇر.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بۇ پەرزنىڭ مەقسەتلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرگۈچى بىر روھقا ئېھتىياجى بولغىنىدەك، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ روزىنى توغرا ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بىلىشكە ئېھتىياجى باردۇر.

روزىدار قېرىنداشىم! قېنى بىرلىكتە روزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھۆكۈملىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى كۆرۈپ چىقايلى:

**بىرىنچى:** رامازان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر بېرىشى كۇپايىدۇر. بىر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىش ئىبادەتتە ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ قاتارىدىندۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز زامانىسىدا، بىر مۇسۇلمان يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر بەرسە، جەمى مۇسۇلمانلارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى ۋە ئۆزىمۇ روزا تۇتاتتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما[2] مۇنداق

---

(1) ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئابدۇللاھ **ئىبنى ئۆمەر** ئىبنى ئەلخەتتاب ئەلئەدەۋىي ئەلقۇرەشىي (عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ العَدَوِيُّ القُرَشِيُّ، ھ. بۇرۇن 10 – ھ. 73 / م. 612 – 694) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ـــ فەقىھ ساھابە، راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئىككىنچىسى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى. «خەندەك غازىتى»دىن كېيىنكى غازاتلارغا قاتناشقان زات. ـــ ت.

(2) **رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:** «ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن رازى بولغاي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ دۇئا ئاتا - بالا ھەر ئىككىسى ساھابە بولغان زاتلارنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغاندىن كېيىن ئېيتىلىدۇ. ـــ ت.

دەيدۇ: «ھەممە كىشى رامازاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈش ئۇچۇن ئاسمانغا قاراشقان ئىدۇق، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېڭى ئاينى كۆرگەنلىكىمنى خەۋەر بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتتى ۋە مۇسۇلمانلارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى»[1].

ئاينى كۆرۈشتە بىر كىشىنىڭ خەۋىرى بىلەن كۇپايىلىنىش ئىمام شافىئىي[2]، ئىمام ئەھمەد[3]، ئىبنى ھەزم[4]، ئىبنى تەيمىييە[5] ۋە ئىبنۇلقەييىم[6] رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىملەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

---

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 2342 ـ ھەدىس. ھاكىم، زەھەبىي ۋە ئالبانىيلار: «سەھىھ» دېگەن.

(2) **ئىمام** ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئەلئابباس **ئەششافىئىي** ئەلمۇتتەلىبىي (الإِمَامُ مُحَمَّدُ بْنُ إِدْرِيسَ بن الْعَبَّاس بن عُثْمَان بن الشافع الشَّافِعِيُّ المطَّلِبِيُّ، ھ. 150 / م. 767، غەززە – ھ. 204 / م. 820، مىسىر) ــ مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «شافىئىي مەزھەبى»نىڭ ئىمامى. بۈيۈك مۇجتەھىد ئالىم. «ئەلئۇم»، «ئەررىسالە»، «ئەھكامۇل قۇرئان»، «جىمائۇل ئىلىم» ۋە «ئىختىلافۇل ھەدىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ــ ت.

(3) **ئىمام** ئەبۇ ئابدۇللاھ **ئەھمەد** ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي ئەلمەرۋەزىي (الإِمَامُ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ حَنْبَلِ الشَّيْبَانِيُّ المرْوَزِيُّ، ھ. 164 – 241 / م. 780 – 855) ــ باغدادتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، فەقىھ. مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «ھەنبەلىي مەزھەبى»نىڭ ئىمامى. «مۇسنەدۇ ئەھمەد» (چوڭ ھەجىملىك ھەدىسلەر توپلىمى)، «ئەززۇھد»، «مەسائىلۇل ئىمام ئەھمەد» ۋە «ئەلئىلەل» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى. ــ ت.

(4) **ئىمام** ئەبۇ مۇھەممەد ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەئىد **ئىبنى ھەزم** ئەلئەندەلۇسىي ئەلقۇرتۇبىي (الإِمَامُ ابْنُ حَزْمٍ عَلِيُّ بنُ أَحْمَدَ بنِ سَعِيْدِ بنِ حَزْمِ الأَنْدَلُسِيُّ القُرْطُبِيُّ، ھ. 384 – 456 / م. 994 – 1064) ــ فەقىھ، مۇھەددىس، تارىخشۇناس، شائىر، ئەدىب ۋە مۇجتەھىد. زاھىرىي مەزھەبىنىڭ ئەڭ يارقىن ۋەكىلى. «ئەلمۇھەللا» (زاھىرىي مەزھەب فىقھ ئېنسىكلوپېدىيەسى 12 توم)، «ئەلئىھكام» (ئۇسۇلى فىقھ)، «تاۋقۇل ھەمامە» (مۇھەببەتنامە) ۋە «ئەلفەسلۇ فىلمىلەل» (دىنلار تەتقىقاتى) قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى. ــ ت.

(5) شەيخۇل ئىسلام تەقىييۇددىن ئەبۇل ئابباس ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلھەلىم ئىبنى ئابدىسسالام **ئىبنى تەيمىييە** ئەننۇمەيرىي ئەلھەررانىي (تَقِيُّ الدِّينِ أَبُو الْعَبَّاسِ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ الْحَلِيمِ بْنِ عَبْدِ السَّلَامِ بْنِ تَيْمِيَّةَ النُّمَيْرِيُّ الْحَرَّانِيُّ، ھ. 661 – 728 / م. 1263 – 1328) ــ قاراش ۋە تەنقىدلىرى بىلەن ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن كاتتا فەقىھ، سەلەفىي ئالىم، ئۇلۇغ مۇجتەھىد ۋە مۇجاھىد، ئەقىدە، تەپسىر ۋە فىقھتا «مىنھاجۇسسۇننە ئەننەبەۋىييە»، «مەجمۇئۇل فەتاۋا» (37 توم)، «دەرئۇ تەئارۇزىل ئەقلى ۋەننەقلى» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ــ ت.

(6) ئىمام **ئىبنۇلقەييىم** ئەبۇ ئابدۇللاھ شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەييۇب ئەززۇرەئىي (الإِمَامُ شَمْسُ الدِّيْنِ مُحَمَّدُ بنُ أَبِي بكر بنِ أيوب الزُّرَعِي الدِّمَشْقِيُّ، ھ. 691 – 751 / م. 1292 – 1350) ــ ئىمام ئىبنى تەيمىييەنىڭ شاگىرتى، «ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە» دەپ تونۇلغان. مول ھوسۇللۇق ئىسلام ئالىمى.=

**ئىككىنچى:** رامازان ئېيى ئالاھىدە بىر ئايدۇر. 29 كۈن ياكى 30 كۈن كەلسۇن، ئەجىر - مۇكاپاتى كامىل بىر ئاينىڭدۇر. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئايلاردىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، رامازان ئېيى باشلىنىشتىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى ھېيت كۈنىگە ئوخشاش روزا تۇتۇش چەكلەنگەندۇر. بۇ ھەقتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «رامازاندىن بىر ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇۋالماڭلار. پەقەتلا روزا تۇتۇۋاتقان كىشى تۇتۇۋەرسە بولىدۇ»[1]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ رامازانني ئىشتىياق بىلەن كۈتۈۋېلىشى ئۈچۈن، ھەتتا رامازان كېلىشتىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى روزا تۇتۇشتىن چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «بارات (شەئبان) ئېيى يېرىملاشقاندا روزا تۇتماڭلار!»[2].

**ئۈچىنچى:** رامازاننىڭ ئەجرى بۈيۈك بولسىمۇ، ئاللاھ رەھمەت قىلىپ ئەقلىنى يوقاتقان ۋە بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنى كەچۈرۈۋەتكەن، كېسەللىك ياكى زىيادە قېرىلىق سەۋەبىدىن روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتمەيدىغان كىشىلەرنى روزىغا زورلىماي، ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر مىسكىننى تويغۇزۇشنى پەرز قىلغان.

قادىر بولالمايدىغانلاردىن روزىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش ھەرگىزمۇ ئۇلار رامازان ئېيىنى ئۇلۇغلىمىسىمۇ، بۇ ئاينىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلمىسىمۇ ۋە كۈچى يەتكەن تائەت - ئىبادەتلەرنىمۇ قىلماي ۋاقىتلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

مۇسۇلمان ئەمەسلەر، نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان ئەقلى كەمتۈك كىشىلەر ۋە ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ، تۇتقان تەقدىردىمۇ ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

سەۋەبى: مۇسۇلمان بولمىغان ۋەيا ئەقلى كەمتۈك كىشىلەر روزىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بېكىتىلگەن شەرتلەرنى بىلمىگەنلىكتىن ھەم ئورۇندىيالمىغانلىقتىن روزىسى

---

=«زادۇل مەئاد»، «ئىئلامۇل مۇۋەققىئىن»، «رەۋزەتۇل مۇھىببىن»، «ئەتتۇرۇقۇلھۇكمىييە»، «مىفتاھۇ دارىسسەئادە»، «مەدارىجۇسسالىكىن»، «تەھزىبۇسسۇنەن»، «ھىدايەتۇل ھەيارا» ۋە «ئەلجەۋابۇل كافىي» قاتارلىق تۆرلۈك ئىلمەلەردىكى ئەسەرلىرى يۈزگە يېتىدۇ. — ت.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1914 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1082 - ھەدىس.

(2) «ئەبۇ داۋۇد»، 2337 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

قوبۇل بولمايدۇ. لېكىن، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايال كىشىلەرنىڭ رامازان ئېيىدا ناماز ئوقۇيالمىغان ۋە روزا تۇتالمىغاندىن باشقا، كۆچىنىڭ يېتىشىچە كۆپرەك «قۇرئان كەرىم» ئاڭلاش، زىكىر - تەسبىھ، تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە ياخشى ئىش ۋە سەدىقە - ئېھسانىنى كۆپلەپ قىلىش ھەققى باردۇر.

**تۆتىنچى:** رامازاننىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئاللاھ تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش بولغاچقا، تۇتۇلغان روزىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن رامازان بويىچە ھەر كېچە نىيەتنى يېڭىلاش شەرتتۇر. ھەفسە[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىمكى كېچىدىن روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلمىغان بولسا ئۇ كىشى ئۈچۈن روزا يوقتۇر»[2]. بۇ يەردە نىيەتتە ئومۇمەنلىك كۇپايىدۇر، بىر كىشى شۇ كېچىدە روزا تۇتماسلىقنى نىيەت قىلمىغانلا بولسا، ئۇ كىشى ھەر كېچە روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئومۇمىي نىيەت كۇپايىدۇر.

**بەشىنچى:** كىمكى روزىغا نىيەت قىلىپ ياتقان بولسا، تۇتقان روزىسىنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ تاكى كۈن پاتقۇچە، روزىنى بۇزغۇچى پۈتۈن ئامىللاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى ۋاجىپ بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار**﴾(بەقەرە: 187).

روزىدارنىڭ بىرلىككە كېلىنگەن ئالتە تۈرلۈك روزىنى بۇزغۇچى ئامىلدىن ساقلىنىشى ۋاجىپتۇر:

(1) قەستەن يەپ - ئىچىش؛

---

(1) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى **ھەزرىتى ھەفسە** بىنت ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (أُمُّ المؤْمِنِيْنَ حَفْصَةُ بِنْتُ عُمَرَ بنِ الخَطَّابِ العَدَوِيَّةُ، ھ. بۇرۇن 18 – ھ. 41/ م. 605 – 661) رەزىيەللاھۇ ئەنھا ــــ مەككىدە مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. يولدىشى خۇنەيس ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئۇھۇد غازىتى»دا شەھىد بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ــ ت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 35918 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 2334 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 2454 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) يەپ - ئىچىشكە ياتىدىغان ئىشلار؛ مەسلەن، بوغۇزغا يېتىپ بارغۇدەك دەرىجىدە بۇرۇنغا بىر نەرسە تېمىتىش ياكى بۇرنىغا سۇ ئېلىش ۋە ياكى ئېغىزنى چايقاش دېگەندەك ئىشلار.

بۇ ھەقتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «روزىدار ۋاقتىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا بۇرنۇڭغا سۇ ئېلىشنى ۋايىغا يەتكۈزگىن»[1].

ئوزۇقلاندۇرغۇچى ئاسما ياكى نورمال ئوكۇل ۋە ياكى قان سالدۇرۇش قاتارلىقلارمۇ يەپ - ئىچىشنىڭ ھۆكۈمىدىكى روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئامىللاردۇر.

كۆز ياكى قۇلاققا دورا ياكى شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى تېمىتىش، سۈرمە سۈرۈش، خۇشپۇراقلارنى پۇراش، ئوزۇقلاندۇرمايدىغان ئاسما ياكى نورمال ئوكۇللارنى ئىشلىتىش، كېسەل داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل دورا ياكى جىھازلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلار يەپ - ئىچىشنىڭ ھۆكۈمىدە بولمىغانلىقتىن روزىنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. كۆچلۈك قاراشتا قان ئالدۇرۇشمۇ روزىنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس[2] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار **ھالەتتە** قان ئالدۇرغاندى»[3]. بۇ ھەدىس سەۋبان[4] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «قان ئالدۇرغۇچى ۋە ئالغۇچى روزىسىنى بۇزغان بولىدۇ»[5] دېگەن ھەدىسىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ.

---

(1) «تىرمىزىي»، 788 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 142 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 114 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەبۇ ئابباس ئابدۇللاھ **ئىبنى ئابباس** ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەلھاشىمىي (عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبَّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ، ھ. بۇرۇن 3 – ھ. 68/ م. 618 – 687) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى. تەفسىرشۇناس، نەسەبشۇناس ۋە فەقىھ ساھابە، «ئۇممەتنىڭ ئەللامىسى» ۋە «قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» دەپ نام ئالغان، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات. ــ ت.

(3) «بۇخارىي»، 1939 - ھەدىس.

(4) ئەبۇ ئابدۇللاھ **سەۋبان** ئىبنى بۇجدۇد ئەلھاشىمىي ئەلھىمىيەرىي (أَبُو عَبْدِ اللهِ ثَوْبَانُ بْنُ بُجْدُدٍ الْقُرَشِي الْهَاشِمِي، ھ. ؟ – 54 / ؟ – م. 674) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئەسىر ھالدا سېتىۋېلىنىپ ئازاد قىلىنغان ساھابە. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن 127 ياكى 128 ھەدىس نەقىل قىلغان. ــ ت.

(5) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 15401 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 774 - ھەدىس. نەۋەۋىي، ئالبانىيلار: «سەھىھ» دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدارنىڭ ئايالىنى سۆيۈشكە ۋە قان ئالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى»[2] دېگەن ھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ.

(3) جىما قىلىش؛ ئويغاق ھالىتىدە ئايالىنى قۇچاقلاش، ئوينىشىش بىلەن ياكى ئانانىزىم ۋە ياكى باشقا يوللار بىلەن ئېھتىلام بولۇش جىمانىڭ ھۆكمىدە بولغانلىقى ئۈچۈن روزىنى بۇزىدۇ.

(5) قەستەن زورلاپ قۇسۇش؛ بۇمۇ ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن روزىنى بۇزىدۇ. ئەمما، نورمال قۇسۇش روزىنى بۇزمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزلۈكىدىن قۇسۇۋەتكەن كىشىگە روزىنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. قەستەن قۇسقان كىشى قازاسىنى تۇتىدۇ»[3].

(6) روزىدار ھالىتىدە ھەيز كېلىپ قېلىش ياكى نىفاسلىق بولۇپ قېلىش؛ ھەتتا ئىپتار ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان ۋاقىتتا بولسىمۇ، ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشى ھەيزدار ۋاقتىدا ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟!»[4]

---

(1) **ئەبۇ سەئىد** سەئىد ئىبنى مالىك ئىبنى سىنان **ئەلخۇدرىي** (أَبُو سَعِيْدٍ سَعْدُ بنُ مَالِكِ بنِ سِنَانٍ الخُدْرِيُّ، ھ. بۇرۇن 10 – ھ. 74 / م. 612 – 693 ياكى 694) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـــ «ئۇھۇد غازىتى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە 13 ياش بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. ئاتىسى «ئۇھۇد غازىتى»دا شەھىد بولغان. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە «خەندەك ئۇرۇشى»غا قاتناشقان ۋە كېيىن يەنە 12 غازاتقا قاتناشقان. ئۇزۇن ياشىغان ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەسۇلۇللاھتىن 1170 ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ بىرىدۇر. ـــ ت.

(2) «سۇنەنۇددارەقۇتنىي»، 2 ـ توم، 397 ـ بەت. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(3) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 10085 ـ ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 2380 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 720 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 1676 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(4) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1951 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 779 ـ ھەدىس.

**ئالتىنچى:** كىشى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى خاتالىشىپ روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئىشلاردىن بىرنى قىلىپ سالسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، قازاسىمۇ ۋاجىپ بولمايدۇ.

كىشى كۆپىنچە ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ ياكى ئىچىپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزىدار ئادەم ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالسا، روزىسىنى بۇزۇۋەتمەي تۇتۇۋەرسۇن. چۈنكى، ئۇ كىشىگە ئاللاھ يېگۈزۈپتۇ ۋە ئىچكۈزۈپتۇ»[1] دەيدۇ.

بىر كىشى «تاڭ تېخى يورۇمىدى» دەپ ئويلاپ قېلىپ، تاڭ يورۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ سوھۇرلۇق يېيىشنى داۋام قىلغان بولسا ياكى «كۈن پېتىپ كەتتى» دەپ قېلىپ كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئېغىز ئېچىپ قويغان بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خاتالاشقۇچىنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ (يەنى روزىسى بۇزۇلمايدۇ).

كىمكى ئۆزۈرسىز، قەستەن روزىسىنى بۇزۇۋەتسە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، تەۋبە قىلىش ۋاجىپ بولىدىغان چوڭ بىر گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ. ئۇ كىشى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە روزىسىنى بۇزۇۋەتكەن كۈننىڭ مىقداردا قازاسىنى قىلىدۇ.

**يەتتىنچى:** ئايال كىشى رامازاندا ھەيز كۆرسە ياكى نىفاسدار بولۇپ قالسا، روزا تۇتۇشى چەكلىنىدۇ. ساقايغاندىن كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

مۇئازە ئەلئەدەۋىييە[2] ئائىشە[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 6669 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1155 - ھەدىس.

(2) ئۇممۇ ساھبائ **مۇئازە** بىنت ئابدۇللاھ **ئەلئەدەۋىييە** (مُعَاذَةُ بِنْتُ عَبْدِ اللهِ أُمُّ الصَّهْبَاءِ العَدَوِيَّةُ): بەسرەلىك بولۇپ، ھەزرىتى ئائىشە، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق بۈيۈك ساھابەلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ھەر كۈندۈزنى «بۇ مېنىڭ ئاخىرقى كۈندۈزۈم بولسا كېرەك»، ھەر كېچىنى «بۇ مېنىڭ ئاخىرقى كېچەم بولسا كېرەك» دەپ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان مەشھۇر تابىئىن ئايال. ئۇنىڭ «قەبرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇزۇن بىر ئۇيقۇ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ دۇنيادا ئۇخلىغان كۆزگە ھەيرانمەن» دېگەن سۆزى مەشھۇردۇر. تەخمىنەن ھ. 83 (م. 702) ئەتراپىدا ۋاپات بولغان. ـــ ت.

(3) ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى **ئائىشە** (أُمُّ المُؤْمِنِيْنَ عَائِشَةُ بِنْتُ أَبِي بَكْرٍ الصِّدِّيقِ، ھ. بۇرۇن 6 – ھ. 58 / م. 615 – 678) رەزىيەللاھۇ ئەنھا ـــ «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئايالى. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەپسىلىي رىۋايەت قىلغان فەقىھە، نەسەبشۇناس، تىلشۇناس زات. ـــ ت.

ــ ھەيزدىن پاكلانغاندا، ھەيز مەزگىلىدە ئوقۇيالمىغان نامازنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟

ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ ھەرۇرىيىيەلىكلەر[1]دىنمۇسىز؟ ــ دېدى. مۇئازە:

ـــ ياقسۇ، مەن ھەرۇرىيلەردىن ئەمەسمەن. پەقەت بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنى بىلمەكچىمەن، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى[2] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ بىز (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغلاردا) ھەيزدار بولاتتۇق، روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، نامازنىڭ قازاسىنى ئۆتەشكە بۇيرۇلمايتتۇق، ــ دەپ جاۋاب بەرگەن[3].

**سەككىزىنچى:** كىمكى رامازاندا سەپەر قىلغان بولسا، سەپەردە جاپا ـ مۇشەققەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىنى مۇباھ قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولسا، (يەنى روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۆچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ**﴾(بەقەرە: 185).

(1) «ھەرۇرائ» كوفىگە يېقىن بىر جاي بولۇپ، خاۋارىجلار ئەڭ دەسلەپتە شۇ يەردە توپلانغان بولغاچقا، ئۇلار «**ھەرۇرىيىيەلىكلەر**» دەپ ئاتالغان.

(2) **مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى** (أُمُّ الْمُؤْمِنِيْنَ): «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە ئالغان (گەرچە كېيىن قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ) ۋە بىللە بولغان ئەزۋاجى مۇتاھھەرەلىرى (ئاياللىرى) گە ئۇلارنى ئىززەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتى يولىدىكى رولىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن بەرگەن (ئەھزاب: 6) نام بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇ ئاياللارنى باشقا بىركىم نىكاھلاپ ئېلىشىنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى (ئەھزاب: 53) كۆزلەنگەن. بۇ نام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەمرىگە ئالغان 12 ئايالغا (بىر ۋاقىتتا ئەمرىدە جەملەنگىنى 9) بېرىلگەندۇر. ئۇلار تەرتىپ بويىچە: خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، سەۋدە بىنتى زەمئە، ئائىشە بىنتى ئەبۇبەكرى سىددىق، ھەفسە بىنتى ئۆمەر، زەينەب بىنتى خۇزەيمە، ئۇممۇ سەلەمە ھىند بىنتى ئەبۇ ئۇمەييە، زەينەب بىنتى جەھش، جۇۋەيرىيە بىنتى ئەلھارىس، ئۇممۇ ھەبىبە رەملە بىنتى ئەبۇ سۇفيان، سەفىيە بىنتى ھۇيەي ۋە مەيمۇنە بىنتى ئەلھارىس. ئۇلاردىن ئالتىسى قۇرەيشتىن، تۆتى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن، بىرى بەنى ئىسرائىلدىندۇر. ئۇلاردىن ئىككىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدا دۇنيادىن كەتكەن. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي! ــ ت.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 321 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 335 ـ ھەدىس.

لېكىن، سەپەردە روزا تۇتماسلىقنىڭ جائىز بولۇشى روزا تۇتقۇسى بار كىشىنى چەكلىمەيدۇ.

ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەلئەسلەمىي[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سەپەردە روزا تۇتۇشقا ئۆزۈمدە بىر كۈچ - قۇۋۋەتنى ھېس قىلىۋاتىمەن، روزا تۇتسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ ــــ دەپ سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىدۇر، كىمكى رۇخسەتكە مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن ياخشىدۇر. كىمكى روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرۈپ روزا تۇتقان بولسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ يوقتۇر، ــ دەپ جاۋاب بەردى[2].

**توققۇزىنچى:** كىمكى رامازان ئېيىدا كۈندۈزى روزىدار ھالدا ئايالى بىلەن بىرگە بولغان بولسا، روزىنى بۇزغان ۋە گۇناھكار بولغان بولىدۇ. ئۇ كىشىگە روزا بۇزۇلغان كۈننىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە كەففارەت بېرىش پەرزدۇر. كەففارەت «سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە[4] ئاساسەن، قۇل ئازاد قىلىش، ئەگەر كۈچى يەتمىسە، ئارقىمۇئارقا ئۇزۇلدۇرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇش، ئەگەر روزا تۇتۇشقىمۇ كۈچى يەتمىسە، ئاتمىش مىسكىننى تويغۇزۇش بىلەن بولىدۇ.

---

(1) **ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەلئەسلەمىي** (حَمْزَة بْن عَمْرو الْأَسْلَمِيّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ تەبۇك غازاتى جەريانىدا ئۇتتۇرىغا چىققان رەسۇلۇللاھنىڭ مۆئجىزىلىرىنى رىۋايەت قىلغان ساھابە. تەخمىنەن ھ. 61 (م. 683) ئەتراپىدا 70 ياشلىرىدا ۋاپات بولغان. ــ ت.

(2) «مۇسلىم»، 1891 - ھەدىس.

(3) **ئەبۇ ھۇرەيرە** ئابدۇرراھمان ئىبنى سەخر ئەددەۋسىي (أَبُو هُرَيْرَةَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بنُ صَخْرٍ الدَّوْسِيُّ)، ھ. بۇرۇن 19 – ھ. 59 / م. 603 – 678) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىكى ۋاقىتدا يېنىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە 3 يىل بويىچە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا مۇقىم تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بەرىكىتىدىن ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. 5,374 ھەدىس بىلەن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ تۇنجىسى. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بەھرەينگە ۋالىي بولغان. ــ ت.

(4) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 6087 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1111 - ھەدىس.

**ئۈنىنچى:** كىمكى رامازان كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتمەيدىغان ھالدا بولسا، روزا تۇتمىسىمۇ جائىزدۇر. ھەتتا، روزا تۇتسا ئۇ ئادەمگە زىيانلىق ئىكەنلىكى جەزملەشسە، روزا تۇتماسلىقى ۋاجىپتۇر.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتتىن مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن: ﴿**ئاللاھ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)**﴾(ھەج: 78).

كىمكى ھالى قاتتىق خارابلىقتىن روزا تۇتالمىغان بولسا، ئەھۋالى ياخشىلانغان ۋاقىتتا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. روزا تۇتۇپ قالسا، ئۆزىدىن ياكى بالىسىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ھامىلدار ئايال ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئانا روزا تۇتۇش زىيانلىق كىشىنىڭ ھۆكمىگە چۈشىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «**ئاللاھ** تائالا يولۇچىدىن روزا بىلەن نامازنىڭ يېرىمىنى، ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتكۈچىدىن روزىنى كۆتۈرۈۋەتتى»[1] دېگەن.

**ئون بىرىنچى:** روزا تۇتۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان ياشانغانلار ۋە ساقايماس كېسەللەرگە روزا تۇتۇش ۋاجىپ ئەمەستۇر. لېكىن، روزا تۇتالمىغان ھەربىر كۈنلۈك روزىنىڭ ئورنىغا بىر مىسكىننى تويغۇزۇشى ۋاجىپتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم**﴾(بەقەرە: 184) دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى كۈچكە ئىگە. ياشانغانلىق سەۋەبىدىن روزا تۇتۇشقا كۈچى يەتمىگەن بوۋاي - مومايلار ھەربىر كۈنلۈك روزىنىڭ ئورنىغا بىر مىسكىننى تويغۇزىدۇ».

بىرنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ۋە ئاغزىدىن چىققاننى بىلمەيدىغان ياشانغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ــ ئىلاھىي تەكلىپ ساقىت بولغانلىقى ئۈچۈن ــ روزا تۇتۇشمۇ، فىدىيە بېرىشمۇ ۋاجىپ ئەمەس.

---

(1) «نەسائىي»، 2275 - ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

ساجىيە

ئى ئاللاھ! بىزنى دىنىمىزنى توغرا چۈشىنەلەيدىغانلاردىن قىلغىن. بىزگە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويغىن. بىزگە ئۆگەتكەن نەرسىنى بىزگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرگىن. ئىلمىمىزنى زىيادە قىلىپ بەرگىن... ئامىن!


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس

3

# رامازاندىكى كېچىلىك ئىبادەتلىرىڭىز

مۇئمىنگە شەرەپ كەلتۈرگۈچى كېچە نامىزى كۆكلەرنىڭ ئەمىنى بولمىش جىبرىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن يەر يۈزىنىڭ ئەمىنى بولغان مۇھەممەد مۇستافا ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كېلىنگەن بىر ھەقىقەتتۇر. جىبرىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە شۇنداق دېگەن: «ئەي مۇھەممەد! خاھلىغىنىڭچە ياشا، ھامىنى ۋاپات بولىسەن، خاھلىغان كىشىنى ياخشى كۆر، ھامىنى ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن، خاھلىغىنىڭچە ئەمەل قىل، نەتىجىسىنى كۆرىسەن. بىلگىنكى، مۇئمىننىڭ شەرىپى كېچىسى قىيامدا تۇرۇشتۇر، ئىززىتى ئىنسانلاردىن بىھاجەت بولۇشتۇر»[1]. شۇڭا، رامازان كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش باشقا كېچىلەردە قىيامدا تۇرغانغا ئوخشىمايدۇ، رامازان كېچىلىرىدىكى قىيام شەرەپ ئۈستىگە شەرەپتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رامازان كېچىلىرىنى «قۇرئان» بىلەن ئۆتكۈزەتتى، جىبرىل ئەلەيھىسسالاممۇ رامازان كېچىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلەتتى ۋە بىر - بىرىگە «قۇرئان» ئوقۇپ بېرەتتى، بىر - بىرىنى تىڭشايتتى. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىيسى ئىدى. بولۇپمۇ، رامازاندا جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە، تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامازان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسى جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا ‹قۇرئان›

(1) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، 7921 - ھەدىس. زەھەبىي: «سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1903) «ھەسەن» دېگەن.

ئوقۇشاتتى. شۇنى كېيىن ئېيتىش مۇمكىنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق قىلىشتا مەيىن شامالدىنمۇ سېخىي ئىدى»[1].

سەلەفلەرمۇ رامازان كېچىلىرىدە «قۇرئان»نى ئالاھىدە كۆتۈۋالاتتى. ئۇلار بۇ ئايدا باشقا ئايلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇزۇنراق قىيامدا تۇراتتى. سەلەفلەردىن بەزىلەر «قۇرئان»نى رامازان كېچىلىرىدە ئوقۇپ بىر تامام قىلسا، بەزىلىرى ئون كېچىدە، يەنە بەزىلىرى يەتتە كېچىدە تاماملايتتى، ھەتتا ئۈچ كېچىدە بىر قېتىم تاماملايدىغانلارمۇ بار ئىدى[2].

رامازان كېچىلىرىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ باشقا ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا پەزىلىتى كۆپ بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامازاندا چىن ئىشىنىش بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[3]. بۇ يەردىكى ئىشىنىش ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ شۇ مۇكاپاتنى بېرىدىغانلىقىنى چىن دىلىدىن تەستىق قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھقا ئىخلاسمەنلىك بىلەن تەلپۈنگەن ھالدا، رامازان كېچىلىرىنى ئىبادەت ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش دېمەكتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامازاننىڭ بەزى كېچىلىرى ساھابىلىرى بىلەن بىللە قىيامدا تۇرغان بولۇپ، كېيىنچە ئۈممىتىگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىپ بىللە قىيامدا تۇرۇشتىن يالتايغان، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە پەرز قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ۋەھيى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، «پەرز قىلىنىشىدىن» خاتىرجەم بولۇنغان ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر[5]، ئۇبەي ئىبنى كەئب[1]

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخاري»، 6 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2308 - ھەدىس.
(2) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 43 - بەت. بۇ ئەسەر ئەللامە ئىبنى رەجەب ئەلھەنبەلىينىڭ: «لەتائىفۇل مەئارىف» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇختەسەرى (ئىخچاملاشتۇرۇلغىنى) دۇر.
(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخاري»، 37 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 759 - ھەدىس.
(4) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخاري»، 924 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 761 - ھەدىس.
(5) **ھەزرىتى** ئەبۇ ھەفس **ئۆمەر** ئىبنى ئەلخەتتاب ئەلئەدەۋىي ئەلقۇرەشىي (عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ العَدَوِيُّ القُرَشِيُّ، ھ. بۇرۇن 40 – ھ. 23 / م. 583 – 644) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ=

ۋە تەمىم ئەددارىي[2] (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي) لارنى كىشىلەرگە رامازان كېچىلىرىدە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار جامائەتكە ئىمام بولغىنىدا بىر رەكئەتتە يۈز ئايەت ئەتراپىدا ئوقۇيتتى، ھەتتاكى كىشىلەر قىيامنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ھاسىلارغا تايىنىۋالاتتى، جامائەت پەقەت سوھۇرلۇق ۋاقتىدىلا قايتىشاتتى.

پۈتۈن كېچە قىيامدا تۇرۇش يۈكسەك ھىممەت ئىگىلىرىلا بەجا كەلتۈرەلەيدىغان ئىش بولۇپ، بۇ خىل ھىممەت زامانىمىز كىشىلىرىدە ئازلاپ كەتتى، قىيامنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ــ ئىمام ئەھمەد بايان قىلغاندەك ــ جامائەتنىڭ تاقىتىگە يارىشا بولىدۇ. پۈتۈن كېچە داۋام قىلىدىغان قىيام ھەققىدە ئىمام ئەھمەدتىن سورالغاندا، ئۇ: «بۇ مۇشەققەتلىك بىر ئىشتۇر. بولۇپمۇ تۇن قىسقا كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ تاقىتىگە يارىشا بولغىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر» دېگەنىكەن.

ئىمام ئەھمەد رامازاندا جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىدىغان بەزى شاگىرتلىرىغا: «بۇلار ئاجىز كىشىلەردۇر» دېيىش ئارقىلىق جامائەتكە كۆيۈمچانلىق قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامائەتكە يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسى «قۇرئان»نى تامام قىلىپ بېرەتتى[3].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قۇرئان»نى يىگىرمە يەتتە كېچىدە ياكى ئوتتۇز كېچىدە تامام قىلىش ئاجىزلارغا ماس كېلىدۇ. لېكىن، زامانىمىزدىكى ئاجىزلىق ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى، بەزىدە ئىمامدىن بىر رەكئەتتە بىرقانچە ئايەتتىن ئارتۇق

---

=كاتتا ساھابىلىرىدىن ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ ئىككىنچىسى (م. 634 – 644). ئىسلام تارىخىدا زور تەسىر قالدۇرغان زات. «ئەلفارۇق» نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ھ. 23 - يىلى 23 - زۇلھەججە بامدات ناماز ئوقۇۋاتقان پەيتىدە كەينىدىن خەنجەر سېلىنغان، 26 - زۇلھەججە / م. 644 - يىلى 3 - نويابىردا ۋاپات تاپقان. ــ ت.

(1) ئەبۇلمۇنزىر **ئۇبەي ئىبنى كەئب** ئىبنى قەيس ئەلئەنسارىي (أُبَيُّ بْنُ كَعْبِ بْنِ قَيْسٍ الأَنْصَارِيُّ، ھ. ؟ – 30 / م. ؟ – 653) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ ئىككىنچى «ئەقەبە بەيئىتى»گە ۋە بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان زات. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيى كاتىبلىرىدىن بىرى، ساھابە قارىيلارنىڭ پېشۋاسى. ــ ت.

(2) ئەبۇ رۇقەييە **تەمىم** ئىبنى ئەۋس ئىبنى خارىجە **ئەددارىي** ئەلفەلەستىينىي (تَمِيْمُ بنُ أَوْسِ بنِ خَارِجَةَ الدَّارِيُّ الفِلَسْطِيْنِيُّ، ھ. ؟ – 40 / م. ؟ – 660) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ ھىجرىيە 9 - يىلى مۇسۇلمان بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. خەلىپىلەر دەۋرىدىمۇ غازاتلارغا قاتناشقان، قارىي، ئابىد، مەشھۇر ساھابەلەرنىڭ بىرىدۇر. ــ ت.

(3) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 39 - بەت. بۇ ئەسەر ئەللامە ئىبنى رەجەب ئەلھەنبەلىينىڭ: «لەتائىفۇل مەئارىف»ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇختەسەرى (ئىخچاملاشتۇرۇلغىنى) دۇر.

ئوقۇماسلىقنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرۈپ قالىمىز. ھەتتا بەزىلەر ئىمام بىلەن بۇ بىرقانچە ئايەتلىك نامازغا تۇرغىنىدىمۇ، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى لەززەت ۋە ئەرزىمەس ماتالىرىنى قوغلىشىپ، ئىككى ياكى تۆت رەكئەتتىن كېيىنلا نامازدىن قايتىپ كېتىشىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئىمام پۈتۈن نامازنى تامام قىلغانغا قەدەر سەبر قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگىنىدەك، پۈتۈن كېچە قىيامدا تۇرغانىنىڭ ساۋابى ئەمەل دەپتەرلىرى[1]گە يېزىلغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ساھابىلىرى بىلەن كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە، يەنە بىر قېتىم تۈن يېرىمىغىچە قىيامدا تۇردى، ساھابەلەر:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، كېچىنىڭ قالغان قىسمىدىمۇ بىز بىلەن قىيامدا تۇرغان بولسىلىچۇ! — دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

— بىر كىشى ئىمام قايتقانغا قەدەر بىللە ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن كېچىنىڭ قالغان قىسمىنىڭمۇ ساۋابى يېزىلىدۇ، — دېدى[2].

بۇ پەزىلەت ئىمام نامازنى تامام قىلغانغا قەدەر ئىمام بىلەن بىرلىكتە تۇرغان كىشىگە خاستۇر. ئىمام ئىبنى رەجەب بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە قىيامدا تۇرۇش بولسۇن ياكى تۈن يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرۇش بولسۇن، پەقەت ئىمام بىلەن بىرلىكتە قىيامدا تۇرغاندىلا پۈتۈن كېچە قىيامدا تۇرغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىمام ئەھمەد بۇ ھەدىسكە بىنائەن ئىمام قايتمىغۇچە نامازدىن قايتمايتتى»[3].

رامازاندا قىيامدا تۇرۇش روزىنىڭ روھى بولغاچقا، ئىماملىرىمىز «قۇرئان»نى كېچە قىيامدا تاماملاش خۇسۇسىدا يەكگىل بولۇش بىلەن كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشاتتى. كېچە قىيامدا يالغۇز تۇرغان كىشى ئۇزۇن تۇرۇۋالسا ياكى بىر جامائەتكە

(1) ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىگە ئىككى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ياخشى - يامان پۈتۈن ئىشلىرىنى نامە ئەمالغا تىزىملايدۇ ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندا دەپتەرنى پېچەتلەيدۇ. قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭغا) «**نامە - ئەمالىڭنى ئوقۇغىن!**» دېيىلىدۇ. — ت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 20910 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 1375 - ھەدىس؛ «ترمزىي»، 806 -، 1364 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 1605 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(3) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 40 - بەت.

ئىمام بولۇپ بەرگەندە جامائەت ئۇ كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ئۇزۇن ئوقۇشىغا كۆنگەن بولسا ھېچقىسى يوق. ئىمام ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ: «قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىشنى خاھلىغان كىشى ئۆزى يالغۇز ئۇزۇن ئوقۇۋالسۇن، باشقىلارغا ناماز ئوقۇپ بەرگىنىدە ئۆلارمۇ ئۇ كىشىگە ئىتائەت قىلىپ ئۇزۇن ئوقۇشىغا رازى بولسا ئۇمۇ مەيلى»[1].

روزىنىڭ روھلىرى بولغىنىدەك، كېچە قىيامىنىڭمۇ مەلۇم روھلىرى بار، قىيامنىڭ روھى ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقۇش، تەسلىمىيەت ۋە خۇشۇدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامازلىرىدا شۇنداق ئىدى: «ئازاب ئايەتلىرىگە كەلگىنىدە توختاپ ئاللاھتىن پاناھ تىلەيتتى، رەھمەت ئايىتىگە كەلسە توختاپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى سورايتتى»[2]. ھازىر بولسا كۆپىنچە ئىماملار تەراۋىھ نامىزىغا تۇرغىنىدا ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا قايسى نامازنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرماي تۇرۇپلا ياكى ھېكمىتىنى چۈشەنمەستىنلا ئوقۇيدۇ، قەلب تەسكىنلىكى نامازنىڭ بىر رۇكنى، قەلبنىڭ ھازىر بولۇشى مەقسىتى بولسىمۇ، سەجدە ۋە رۇكۇلىرىدا قەلبى تەسكىنلىك تاپالمايدۇ. چۈنكى، قەلب تەسكىنلىكى ئالدىراپ - تېنەپ ئوقۇلغان نامازدا ھاسىل بولمايدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، رۇكۇ - سەجدىلەرنى خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىپ قىرائەتنى قىسقا قىلىش مەكرۇھ دەرىجىسىدىكى تېزلىك بىلەن ئوقۇلغان قىرائەتتىن ئەۋزەلدۇر؛ ئۇزۇن قىرائەت ۋە قەلب تەسكىنلىكى بىلەن ئوقۇلغان ئون رەكئەت ناماز مەكرۇھ ھالەتتىكى ئالدىراپ ئوقۇلغان يىگىرمە رەكئەت نامازدىن ياخشىدۇر؛ چۈنكى نامازنىڭ روھى قەلبنىڭ ئاللاھقا پۈتۈنلەي يۈزلىنىشىدۇر. ئۆزى ئاز، ئەمما سۈپەتلىك نەرسىلەر ئۆزى كۆپ، لېكىن لاياقەتسىز نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك تەرتىل بىلەن قىرائەت قىلىش تېز ئوقۇشتىن ئەۋزەلدۇر، مۇباھ بولغان سۈرئەت ھەرپلەردىن ھېچنەرسىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق بولۇپ، بەزى ھەرپلەر چۈشۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە تېز ئوقۇش جائىز ئەمەستۇر. ئەلبەتتە ئارقىسىدىكى جامائەت پايدىلىنالىغۇدەك شەكىلدە ئوچۇق قىرائەت قىلىش تېخىمۇ ياخشى[3].

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي، يۇقىرىقى مەنبە، ئوخشاش بەت.
(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 23460 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 1132 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(3) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 42 - بەت.

ئەي قىيامدا تۇرغۇچى روزىدار قېرىندىشىم! قىيامدا تۇرغىنىڭىزدا ئاللاھنىڭ مۇنۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئەسلەڭ: ﴿**ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا، يەنى نامازدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار**﴾(بەقەرە: 238). قەلبىڭىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولمىسا، نامازدىكى قىيامنىڭ بىر ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ. سىز ئاللاھنىڭ ئالدىدا قىيامنى ئۇزۇن ھېس قىلغىنىڭىزدا، دەرھال ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەللىك مىڭ يىللىق ئۇزۇنلۇقتا ئۆچرەتتە تۇرۇشىنى ئەسلەڭ! چۈنكى، ھاياتىڭىزدا ئاللاھ ئۈچۈن قانچىلىك قىيامدا تۇرغان بولسىڭىز مەھشەر كۈنىدىكى تۇرۇشىڭىز شۇنچىلىك مىقداردا ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ.

كېچىنىڭ يېرىمىدا ياكى ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە ئاللاھ تائالا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: «**سورايدىغانلار بارمۇ؟ بېرىلىدۇ، دۇئا قىلىدىغانلار بارمۇ؟ ئىجابەت قىلىنىدۇ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغانلار بارمۇ؟ گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ، بۇ تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ**»[1].

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! بۈگۈن مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ كېچىسى كۈندۈزگە ئايلاندى، بەزى كېچىلەر قىسمەن ياخشىلىقلار بىلەن ئاۋاتلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان كېچىلەر يەنىلا جىنايەت ۋە يازۇق ـ مەئسىيەتلەر بىلەن ۋەيران قىلىندى، رامازان كېچىلىرىدە ئىلاھىي رەھمەت چۈشىدىغان ۋاقىتلارنى باشقا كېچىلەرنى زايە قىلىۋەتكىنىڭىزدەك زايە قىلىۋەتمەڭ. ئەي قېرىندىشىم، ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ! سىز كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە نەدە بولسىز؟ ئاللاھ بىلەن ئۈچرىشىشتىمۇ ياكى ئاللاھقا مۇناجات قىلىشتىن غەپلەتتە قالغان ئۇيقۇدىمۇ ۋە ياكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن تولغان بىرەر سورۇندىمۇ؟

تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇخلىغان بىر كىشىنىڭ گېپى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇلىقىغا شەيتان سىيىپ قويغان كىشىدۇر»[2] دېگەن ئىدى. گۇناھ قىلماستىن كۈن چىققۇچە ئۇخلىغان كىشىگە شەيتاننىڭ قىلىقى بۇ بولسا،

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1144 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 758 ـ ھەدىس.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 3270 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 774 ـ ھەدىس.

كېچىنى مەئسىيەتتە ئۆتكۈزگەن كىشىنى شەيتان نېمىمۇ قىلىۋېتەر - ھە؟! بەزىلەر ئۇچۇن كېچىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئېغىر كېلىدۇ. ھايھات! ئاللاھتىن غەپلەتتە قالغان بۇ ئۆزۈن كېچىنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولماقچى؟!

ئىبنى مەسئۇد[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

— كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا قادىر بولالمايۋاتىمىز، — دېيىشكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد:

— گۇناھىڭلار سىلەرنى كېچىلىك قىيامدىن مەھرۇم قىپتۇ، — دېگەنىكەن.

دەرۋەقە، فۇزەيل ئىبنى ئىياز[2] ئېيتقانكى: كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا، كۈندۈزدە روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمساڭ، بىلگىنكى، سەن مەھرۇم كىشىسەن، خاتالىقلىرىڭ سېنى كىشەنلەپ قويۇپتۇ.

---

(1) ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئابدۇللاھ **ئىبنى مەسئۇد** ئەلھۇزەلىي (عَبْدُ اللهِ بنُ مَسْعُوْدٍ الهُذَلِيُّ، ھ. ؟ – 32 / م. ؟ – 653) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ — ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان، ئۇزۇن مۇددەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان ساھابە، تەفسىرشۇناس ۋە قىرائەتشۇناس ئالىم. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئوسمان خىلافىتىدە كۇفەگە قازى بولغان. — ت.

(2) ئەبۇ ئەلى **فۇزەيل ئىبنى ئىياز** (الْفُضَيْلُ بن عِيَاضٍ، ھ. 107 – 187 / م. 726 – 803 - يىلى ئەتراپىدا) — تېگى ئەرەبلەردىن بولۇپ، ياشلىقىدا ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتى ئەبىۋەرد / ئەبىۋەرد (ئۆزبېكىستان سەمەرقەند) بىلەن سەرەخس (تۈركمەنىستان - ئىران چېگرىسىغا جايلاشقان قەدىم يۇرت) ئارىسىدىكى چۆلدە يول توسار قاراقچىلىق قىلغان. فۇزەيل ئىبنى ئىياز زالالەتتە يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر قېتىم مەشۇقەسىنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ: ﴿**مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىپ كېتىشكە ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟**﴾ (ھەدىد: 16) دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان فۇزەيل: «شۇنداق، ئەي پەرۋەردىگارىم! دىللىرىمىزنىڭ ئېرىيدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى!» دەۋېتىدۇ ۋە شۇندىن كېيىن ئىسلامغا ئۆزىنى ئاتاپ خۇراسان رايونىنىڭ بۈيۈك زاھىدلىرىدىن بولۇپ قالغان ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئالىمدۇر. مەككىدە ۋاپات بولغان. «تۈركىيە دىيانەت ۋاقفى (TDV) ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 13 - جىلد، 208 – 209 - بەتلەر. — ت.

ئى ئاللاھ! سەن بىلەن يۈزلىشىدىغان ئاخىرەت كۈنىدە ھۆزۈرۈڭدا تۇرۇشىمىزنىڭ گۈزەل بولۇشى ئۈچۈن دۇنيادا سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇشىمىزنى گۈزەل قىلغىن! بىزنى دۇنيا خارلىقى ۋە ئاخىرەت ئازابىدىن ساقلىغىن... ئامىن!

4

# رامازاندىكى ئىخلاسىڭىز

ئاللاھقا بولغان قۇللۇقىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئاللاھقا ھەقىقىي يۈزلىنىشىڭىز ۋە نىيىتىڭىزنى خالىس قىلىشىڭىز ئەمەللەردە شەرت قىلىنغان ئىخلاسنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىخلاس دېگەن، ئەمەل ئۇنىڭسىز قوبۇل قىلىنمايدىغان بۇيۇك بىر مەنىگە ئىگە سۆزدۇر، بەلكى ھەرقانداق بىر ئەمەلدە ئىخلاس قىلىش ۋە «قۇرئان»، سۈننەتكە ئەگىشىش شەرتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلدە ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾(تەبارەك: 2). فۇزەيل ئىبنى ئىياز — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ﴿أحسن عملا (ئەڭ ياخشى ئەمەل) ﴾ دېگەن ئىبارەنىڭ مەنىسى ھەققىدە: «ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرىسى دېگەنلىكتۇر. ئەمەل ئىخلاس بىلەن قىلىنىپ توغرا بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ، توغرا بولۇپ ئىخلاس بولمىسا يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىر ئەمەلنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى شەرت تېپىلىشى كېرەكتۇر. خالىسلىق ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولغىنى، توغرىلىق سۈننەتكە ئاساسەن بولغىنىدۇر»[1] دېگەن.

ئەمەل قىلىش ئىرادىمىزنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇ زاتتىن ئەجىر تىلەش نىيىتى بىلەن ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈشكە يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماتالىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقىنى كۆزلەش قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ناچىرى بولغىنىدەك، ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەش قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ھېسابلىنىدۇ.

(1) «تەفسىرۇ بەغەۋىي»، 4 ـ توم، 369 ـ بەت.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر**﴾(شۇرا: 20).

﴿**(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ**﴾(ھۇد: 15 ـ 16).

ئەزىز ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ**﴾(ئىسرا: 19).

بۇ ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەرگە ئوخشىغان باشقا ئايەتلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھەرقانداق بىر ئەمەلدە ئىرادە ۋە نىيەت ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئەمەللەر نىيەت بىلەن ھېسابقا تارتىلىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى نىيەتكە كۆرە تارازىغا قويۇلىدۇ. بۇ ھەقتە مەشھۇر بىر مۇتەۋاتىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىشىگە پەقەت نىيەت قىلغىنى بولىدۇ، كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، كۆزلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئازغىنە دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىدۇ»[1].

ئەمەل قانچىلىك ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان بولسىلا ئاللاھ رەسۇلى ئېيتقاندەك كاتتا مۇكاپاتلىنىپ نەچچە ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ. ھەدىستە: «سەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ سەرپ قىلغان ھەرقانداق

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1907 ـ ھەدىس.

خىراجىتىگە، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان نەرسىڭمۇ چوقۇم ئەجىر ئالىسەن»[1] دېيىلگەن. دېمەك، ئەمەللەرنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈپ ئۈستۈن دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈدىغىنىمۇ ۋە ياكى جەھەننەمنىڭ قەرىگە چۆشۈرۈۋېتىدىغىنىمۇ دەل شۇ نىيەتتۇر.

ئەمەل گەرچە يۇكسەك بولسىمۇ ئىخلاس بولمىسا، ئىنساننى ھالاكەتكە باشلايدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئەۋۋەل ھېساب ئېلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى شەھىدلەردۇر. بىر شەھىد ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ كىشىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن:

– **بۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟** ــ دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى:

ــ ئەي رەببىم! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن شەھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا:

– **سەن يالغان سۆزلىدىڭ، پالانى جاسارەتلىك كىشى ئىكەن دېيىلسۇن دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ، سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭ بويىچە شۇنداق دېيىلدى،** ــ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ كىشى يۈزىچىلاپ سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ؛

ئىككىنچى بولۇپ، ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن ۋە ‹قۇرئان كەرىم› ئوقۇغان بىر كىشى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ كىشىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن:

– **بۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟** ــ دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى:

ــ ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن «قۇرئان» ئوقۇدۇم، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە:

– **يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئىلىمنى پالانى كىشى ئالىمكەن ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان قارىي ئىكەن دېيىلسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق**

---

(1) «بۇخارىي»، 56 ـ ھەدىس.

**دېيىلدى**، ــ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ كىشى يۈزىچىلاپ سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ؛

ئۈچىنچى بولۇپ، ھەرخىل مال - دۇنيا بېرىلگەن بىر باي ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ كىشىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن:

– **بۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟** ــ دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى:

ــ بۇ ماللارنى سەن سەرپ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان يوللارغا سەرپ قىلدىم، ــ دەيدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە:

**يالغان سۆزلىدىڭ، سەن پالانى سېخىي ئىكەن دېيىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق دېيىلدى**، ــ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ كىشىنىڭ يۈزىچىلاپ سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىشىغا بۇيرۇق قىلىنىدۇ»[1].

ئەي قىيامدا تۇرغۇچى ۋە روزىدار قېرىنداشىم! ئىخلاسنى ئاددىي بىر ئىش دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۇ ئەمەللەرنىڭ تاياانچىدۇر، بەندىلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان ئاقىۋەتلىرى ئىخلاسقا باغلىقتۇر. نىيەتنى خالىس قىلغان كىشى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، نىيىتىنى دۇنياغا قاراتقان كىشى ھالاك بولىدۇ. شۇ جۈملىدىن:

سەھل ئەتتەستۇرىي[2]: «نەپس ئۈچۈن ئىخلاستىنمۇ مۇشەققەتلىكرەك بىر ئەمەل بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئىخلاستا نەپسنىڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ» دەيدۇ؛

يۈسۈف ئىبنى ھۈسەين ئەررازىي[3] مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىخلاستۇر، مەن قەلبىمنى رىيادىن تازىلاش ئۈچۈن كۆپ

(1) «مۇسلىم»، 1905 - ھەدىس.

(2) ئەبۇ مۇھەممەد **سەھل** ئىبنى ئابدۇللاھ **ئەتتۇستەرىي** (سَهْلُ بنُ عَبْدِ اللهِ التُّسْتَرِيُّ، ھ. 203 – 283 / م. 818 – 896) ــ بۈيۈك مۇتەسەۋۋىف، مۇفەسسىر. «تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەر قالدۇرغان زات. ــ ت.

(3) ئەبۇ يەئقۇب **يۈسۈف ئىبنى ھۈسەين** ئىبنى ئەلى **ئەررازىي** (أَبُو يَعْقُوبَ يُوْسُفُ بنُ الحُسَيْنِ بنِ عَلِيّ الرَّازِيُّ، ۋاپاتى ھ. 304 / م. 917) ــ مۇھەددىس، زاھىد. زامانىدىكى رەي مۇتەسەۋۋىفى. ئىمام ئەھمەدتىن ۋە زۇننۇن ئەلمىسرىيدىن تەلىم ئالغان. جاھان كېزىپ زاھىدلىقنى يايغان زات. ــ ت.

ساجىيە

تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، لېكىن ئۇ يەنىلا قەلبتە شەكىل ئۆزگەرتىپ ئۇنۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى»؛

مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ[1] دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ، مەن ساڭا تەۋبە قىلىپ، يەنە قايتا سادىر قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، ۋەدەمدە تۇرالمىغان ئىشلاردىن مەغپىرەت تىلەيمەن، سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان، ئاندىن ئۇ ئىشلارغا (سەن ياخشى بىلىسەن) يامان نىيەتلەر ئارىلىشىپ قالغان بولسا سەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن» دەيتتى؛

سۇفيان ئەسسەۋرى[2]: «ھېچبىر ئىش بىلەن نىيىتىمنى تۈزىتىشكە ھەپىلەشكەندەك ھەپىلەشىپ باقمىدىم، چۈنكى ئۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دېگەن؛

يۈسۈف ئىبنى ئەسبات[3] مۇنداق دەيدۇ: «نىيەتنى بۇزۇقچىلىقتىن پاكلاش كۆپ تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئەڭ قىيىن ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[4].

سەلەف ـ سالىھلەر ئىخلاسنىڭ كەم بولۇشىنىڭ ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەرقانداق ئىشتا ئىخلاسمەن بولۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىر

---

(1) ئەبۇ ئابدۇللاھ **مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ** ئىبنى ئەششىخخىر ئەلئامىري ئەلبەسرىي (مُطَرِّفُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ الشِّخِّيرِ العَامِرِيُّ البَصْرِيُّ، ھ. 2 – 95 / م. 624 – 714) ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا تۇغۇلغان كاتتا تابىئىن. نۇرغۇن ساھابەلەردىن ئىلىم ئالغان. مۇھەددىس، زاھىد ئالىملاردىن. ــ ت.

(2) ئەبۇ ئابدۇللاھ **سۇفيان** ئىبنى سەئىد ئىبنى مەسرۇق **ئەسسەۋرى** ئەلكۇفىي (سُفْيَانُ بنُ سَعِيْدِ بنِ مَسْرُوْقٍ الثَّوْرِيُّ الكُوْفِيُّ، ھ. 97 – 161 / م. 715 – 778) ــ خۇراساندا تۇغۇلۇپ، بەسرەدە ۋاپات بولغان. شەيخۇلئىسلام، مۇھەددىسلەر پېشۋاسى، مۇجتەھىد، مۇستەقىل مەزھەب ساھىبى بولۇپ، مەزھىبى ھىجرىيە 7 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن يوقالغان. تەقۋادارلىقى ۋە زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان زات. ھەقنى سۆزلىگەنلىكتىن خەلىپە مەھدىي (م. 775 – 785) دىن قېچىپ يوشۇرۇنغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. «ئەلجامىئۇل كەبىر»، «ئەلجامىئۇسسەغىر» قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىنى قالدۇرغان. ــ ت.

(3) ئەبۇ مۇھەممەد **يۈسۈف ئىبنى ئەسبات** ئىبنى ۋاسىل ئەششەيبانىي ئەلكۇفىي (يُوْسُفُ بنُ أَسْبَاطِ بنِ وَاصِلٍ الشَّيْبَانِيُّ، ۋاپاتى ھ. 195 / م. 811). مۇھەددىس، زاھىد. سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھېكمەتلىك سۆزلىرى مەشھۇردۇر. ــ ت.

(4) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1 ـ توم، 84 ـ بەت.

كىشى نافىئ ئىبنى جۇبەير[1]گە: «جىنازىغا قاتناشمامسەن؟» دېگەنىدى. ئۇ جاۋابەن: «سەن نىيەت قىلغاندەك نىيەت قىلىۋالاي» دېدى ۋە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ: «ئەمدى ماڭايلى» دېدى[2].

ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھوشيارلىقىدىن ھەيران قالماڭ، چۈنكى ئۇلار ئەمەللەردە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس روھىنى ھازىر قىلىشنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەندۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ھەسسىلەپ ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن نىيەتنى خالىس قىلىشقا قاتتىق ھېرىسمەن ئىدى. جۈملىدىن:

يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر: «ئاللاھ تائالاغا ئەمەلدىنمۇ تېزراق يېتىپ بارىدىغان نىيەتنى ئۆگىنىڭلار» دېگەن.

داۋۇد ئەتتائىي[3]: «پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ نىيەتنىڭ گۈزەل بولۇشىغا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆردۈك، گەرچە ئەمەلگە ئاشۇرالمىساڭمۇ، نىيىتىڭنىڭ ياخشى بولۇشى يېتەرلىكتۇر» دەيدۇ.

ئىبنى مۇبارەك[4]: «بەزى كىچىك ئەمەللەرنى نىيەت چوڭايتىپ بېرىدۇ، بەزى چوڭ ئەمەللەرنى نىيەت كىچىكلىتىۋېتىدۇ»[5] دېگەن.

---

(1) ئەبۇ مۇھەممەد **نافىئ ئىبنى جۇبەير** ئىبنى مۇتئىم ئەلقۇرەشىي ئەلمەدەنىي (نَافِعُ بنُ جُبَيْرِ بنِ مُطْعِمِ بنِ عَدِيٍّ القُرَشِيُّ، ۋاپاتى ھ. 99 / م. 717) ـــ مەشھۇر تابىئىن. فەقىھ. ـــ ت.

(2) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1 ـ توم، 84 ـ بەت.

(3) ئەبۇ سۇلايمان **داۋۇد** ئىبنى نۇسەير **ئەتتائىي** ئەلكۇفىي (دَاوُدُ الطَّائِيُّ أَبُو سُلَيْمَانَ بنُ نُصَيْرٍ الكُوْفِيُّ، ھ. 100 ـ يىلىدىن كېيىن – 162 / م. 719 ـ يىلىدىن كېيىن – 779) ـــ مەشھۇر زاھىد، تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان تەبەئى تابىئىن، كاتتا فەقىھ، ھەدىسشۇناس. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى. ئىلىم ئېلىش ۋە ئوقۇتۇش بىلەن بولۇپ، كېيىن ئۇزۇن مۇددەت خىلۋەتتە ئىبادەت قىلغان زات. ـــ ت.

(4) ئەبۇ ئابدۇرراھمان **ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك** ئىبنى ۋازىھ ئەلھەنزەلىي ئەلمەرۋەزىي (عَبْدُ اللهِ بنُ المُبَارَكِ بنِ وَاضِحٍ الحَنْظَلِيُّ المَرْوَزِيّ، ھ. 118 – 181 / م. 736 – 797) ـــ تەقۋادارلىقى ۋە زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان تەبەئى تابىئىن، كاتتا ئالىم، فەقىھ، ھەدىسشۇناس ۋە تىلشۇناس. ئانىسى خارەزملىك، ئاتىسى تۈرك ئىدى. بۈگۈنكى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋ شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، تىجارەت ۋە جىھاد بىلەن ئۆتكۈزگەن غازىي زات. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام لەيس ئىبنى سەئد قاتارلىق نۇرغۇن كاتتا ئالىملاردىن ئىلىم ئالغان ۋە «جىھاد»، «ئەززۇھد ۋەررەقائىق (الزهد والرقائق)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. ـــ ت.

(5) ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 3 ـ توم، 70 ـ بەت.

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! رامازان ۋە رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردىكى پۈتۈن ئەمەللىرىڭىزنىڭ قوبۇل بولۇشى قىلىنغان نىيەت ۋە ئۈمىد ئېتىلگەن ساۋاب بىلەن ئۇلۇغ تاناسىپتۇر. خالىس نىيەت ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش ئىخلاسنىڭ ئۆزىدۇر. روزا تۇتۇش، كېچىدە قىيامدا تۇرۇش، قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، «قۇرئان» تىلاۋىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق دىنىي ئەمەللەردە ئىخلاس ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش شەرتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر**﴾(بەييىنە: 5). بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامازاندا چىن ئىخلاس بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1]. يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى قەدىركېچىسى چىن ئىخلاس بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىمكى رامازاندا چىن ئىشىنىش بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2] دېگەن. «چىن ئىشىنىش بىلەن» دېگەننىڭ مەنىسى «بۇ ئىلاھىي تەكلىپ ھەقتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلغان دېگەنلىك بولىدۇ، «ساۋاب ئۈمىد قىلىپ» دېگەن سۆز ھەققىدە ئىمام خەتتابىي[3] مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئارزۇ قىلغان ھالدا، روزىنى ئېغىر كۆرمەي ۋە كۈنلەرنى ئۇزۇن سانىماي كۆڭۈلدىن رازى بولۇپ تۇتۇشتۇر»[4]. ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 37 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 759 ـ ھەدىس.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1901 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 760 ـ ھەدىس.

(3) **ئىمام** ھەمد ئىبنى مۇھەممەد **ئەلخەتتابىي** ئەلبۇستىي (الإمام حَمْدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ إِبْرَاهِيْمَ الخَطَّابِيُّ البُسْتِيُّ) (ھ. 319 – 388 / م. 931 – 998) ـــ بۈگۈنكى ئافغانىستاندا تۇغۇلغان كاتتا فەقىھ، مۇھەددىس ۋە لۇغەتشۇناس. «مەئالىمۇسسۇنەن» («سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد»نىڭ شەرھى)، «ئەئلامۇسسۇنەن» («سەھىھۇل بۇخارىي»نىڭ شەرھى)، «غەرىبۇل ھەدىس» ۋە «شەرھۇ ئەسمائۇللاھىل ھۇسنا» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار. ـــ ت.

(4) ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارىي»، 4 ـ توم، 138 ـ بەت.

دەيدۇ: «خالايىققا كۆرسىتىشنى ۋە ئىخلاسقا زىت كېلىدىغان ئىشلارنى مەقسەت قىلماي، بىر ئاللاھنىلا مەقسەت قىلىشتۇر»[1].

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! ئىبادىتىڭىز ۋە ئىتائىتىڭىزنى قوغداشقا، ئۇلارنى رىيا، ماختىنىش ۋە كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى جەلپ قىلىشقا زورۇقۇشتىن پاك تۇتۇشقا تىرىشىڭ. رەبىيئ ئىبنى خۇسەيم[2] مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ رازىلىقى مەقسەت قىلىنمىغان ھەرقانداق ئىش يوقىلىشقا مەھكۇمدۇر»[3].

ئىبنۇل جەۋزىي[4] مۇنداق دەيدۇ: «ئەي مىسكىن! سەن كۈندۈزنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن، كېچىنى ئۇزۇن رۇكۇ - سەجدىلەر بىلەن ئۆتكۈزگىنىڭگە قاراپلا ئۆزۈڭنى روزا تۇتقۇچى ھېسابلامسەن؟! چۆچۈرىنى خام ساناپسەن. سەن قانچىلىك كەمتەر بولالىدىڭ؟ ئاللاھتىن قانچىلىك ئەيمەندىڭ؟ ئۆزۈڭنى رامازان ئېيىدا غەلىبە قازانغۇچى روزىدارلاردىن ھېسابلاشقا ئالدىرىما! سەن نىيىتىڭنى خالىس، قەلبىڭنى پاكىز قىلىپ، پۈچەك ئەمەللەردىن ساقلىنىدىغان ۋە ئۇلارنى ئارزۇ قىلمايدىغان ھالغا كەلمىگۈچە ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەنلەر قاتارىدىن بولالمايسەن»[5].

---

(1) نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 2 - توم، 78 - بەت.

(2) ئەبۇ يەزىد **رەبىيئ ئىبنى خۇسەيم** ئىبنى ئائىز ئەسسەۋرىي ئەلكۇفىي (الرَّبِيْعُ بنُ خُثَيْمِ بنِ عَائِذٍ أَبُو يَزِيْدَ الثَّوْرِيُّ، ھ. 65 / م. 685 - يىلدىن بۇرۇن ۋاپات تاپقان) ـــ كاتتا تابىئىن، ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتى ۋە كۇفە مۇھەددىسى. تەقۋادارلىقى ۋە ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن تىللاردا داستان بولغان زات. ـــ ت.

(3) زەھەبىي: «سىيەرۇ ئەئلامىن نۇبەلائ»، 4 - توم، 259 - بەت.

(4) ئەبۇلفەرەج **ئىبنۇل جەۋزىي** جامالۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلباغدادىي (ابْنُ الجَوْزِيِّ جَمَالُ الدِّيْنِ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بنُ عَلِيٍّ البَغْدَادِيُّ، ھ. 510 – 597 / م. 1116 – 1201) ـــ نەسەبى ھەزرىتى ئەبۇبەكرگە تۇتىشىدۇ. ئاتاقلىق مۇھەددىس، تارىخچى، فەقىھ، ھەنبەلىي مەزھەب ئالىملىرىدىن. «زادۇل مەسىر» (تەفسىر)، «تەلبىسۇ ئىبلىس (شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى)» ۋە «سەيدۇل خاتىر (ئوي -پىكىر مەھسۇللىرى)» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى. ـــ ت.

(5) ئىبنۇل جەۋزىي: «بۇستانۇل ۋائىزىن»، 315 - بەت.

ئى ئاللاھ! پۈتۈن ئەمەللىرىمىزنى سالىھ ئەمەللەردىن قىلىپ بەرگىن! كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن بولغان خالىس ئەمەللەردىن قىلىپ بەرگىن! بۇ مۇبارەك ئايدا ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا روزا تۇتۇشىمىزغا ۋە قىيامدا تۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلغىن!... ئامىن!


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

5

# رامازاندىكى ئەگىشىشىڭىز

ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىخلاس شەرت قىلىنغىنىدەك، ئاللاھنىڭ رازى بولۇشى ئۈچۈن «قۇرئان» ۋە سۈننەتكە ئەگىشىش شەرتتۇر.

ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن دەلىل ئېلىنمىغان ھەرقانداق بىر ئەمەل ياكى ئىبادەت رەت قىلىنىدۇ. بۇ تۈرلۈك ئەمەل ياكى ئىبادەتنىڭ ساھىبى قانچىلىك ئىخلاس قىلسا قىلسۇن، ھېچقانداق بىر مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى دىنىمىزدا ئەسلىدە يوق بولغان بىرەر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توغرا بىر شەكىلدە ئەگىشىش ئىخلاسنىڭ كاپالىتىدۇر. ئىخلاس بىلەن پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن ۋاقىتتا ئەمەل توغرا بولغان ۋە قوبۇل قىلىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن**﴾(كەھف: 110) دەيدۇ.

ئەمەلنىڭ توغرا بولۇشى رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يوللارنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى ۋە ئەڭ ياخشىسىدۇر.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 2697 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1718 ـ ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خۇتبىلىرىدە مۇنداق دەيتتى: «سۆزلەرنىڭ ئەڭ راست بولغىنى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەدنىڭ يولىدۇر، (ئىبادەتتىكى) ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا بولغىنىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەگىشىش ئېتىقادىي ئىشلاردا، ئىبادەتتە، مۇئامىلىدە ۋە ئەخلاقتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىنى تەستىقلاش، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، توسقانلىرىدىن ۋە چەكلىگەنلىرىدىن يېنىش بىلەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەگىشىشتە، نىيەتنىڭ سەممىي بولۇشى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ۋە مەغپىرىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**(ئال ئىمران: 30).

رامازاندا بولسا سىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى پەيغەمبىرىمىز تۇتقاندەك روزا تۇتۇپ، ئۇ زات ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇپ گۈزەل بىر شەكىلدە ئەگىشىش بىلەن ئىسپاتلاشقا چاقىرىلدىڭىز.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ مۇبارەك ئاي ھەققىدە مۇكەممەل بىر يوليورۇقى باردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەردىن، ھىدايەت تاپقانلاردىن بولايلى. ھىدايەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ. **﴿ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾**(ئەئراف: 158).

ئىمام ئىبنۇلقەييىم رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ رامازاندىكى سۈننەتلىرىنى تەپسىلىي بىر شەكىلدە بايان قىلغان[2]. بىز تۆۋەندە ئىخچام ۋە روشەن نەقىل قىلىمىز. شۇڭا، ئۇنىڭغا قۇلاقلىرىڭىزنى دىك تۇتۇڭ ۋە كۆزلىرىڭىزنىمۇ ئىتائەتكە

(1) «مۇسلىم»، 867 ـ ھەدىس.

(2) ئىبنۇلقەييىم: «زادۇل مەئاد»، 2 ـ توم، 87 ـ بەت.

كۆپرەك يۈزلىنىش نىيىتى بىلەن يوغان ئىچىك! ئۇنۇتماڭكى، مۇئمىننىڭ نىيىتى ئەمەلىدىن ياخشىدۇر، چۈنكى مۇئمىن ئەمەلىنى مۇكەممەل قىلىشتىن ئاجىز كەلسىمۇ، مۇكەممەللىكتىن باشقىسىنى نىيەت قىلمايدۇ.

ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامازاندىكى سۈننەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇ زات رامازان ئېيىدا، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىيسى بولۇپ كېتەتتى. سەدىقە، ياخشىلىق، «قۇرئان» تىلاۋىتى، ناماز، زىكىر ـ تەسبىھ ۋە ئېتىكاپ قاتارلىق ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلاتتى. يەنى رامازاندا ئىبادەت ئۈچۈن باشقا ئايلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى. بەزىدە، ۋاقتىنى كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەتتە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئېپتارمۇ قىلماستىن بىرقانچە كۈن ئۇلاپ روزا تۇتاتتى. لېكىن، ساھابەلەرنى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن چەكلەيتتى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن ئاللاھ تەرىپىدىن يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرىمەن»[1] دېگەنىدى ۋە: «ئۇلاپ روزا تۇتماڭلار، قايسىبىرىڭلار ئۇلاپ روزا تۇتماقچى بولسا، (ئېپتاردا ئېغىز ئاچمىغان بولسا ئېشىپ كەتسە ئىككىنچى) سەھەرلۈققىچە ئۇلىسۇن»[2] دېيىش ئارقىلىق بىرىنچى كۈندىكى سەھەر ۋاقتىدىن ئىككىنچى كۈندىكى سەھەر ۋاقتىغىچە ئۇلاپ روزا تۇتۇشقىلا رۇخسەت قىلغانىدى.

ئېپتارغا ئالدىراشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ساھابەلەرنى ئېپتارنى بالدۇر قىلىشقا قىزىقتۇراتتى ۋە: «كىشىلەر ئېپتارنى قىلىشقا ئالدىراپ تۇرسىلا، مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە ئىش قىلغان بولىدۇ»[3] دەيتتى. ئۇ زات يەنە سەھەرلۈق يېيىشكە ھەم سەھەرلۈقنى مۇمكىنقەدەر كېچىكتۈرۈشكە ئۈندەيتتى ۋە ئۆزىمۇ كېچىكتۈرەتتى.

خورما بىلەن ئېغىز ئېچىشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىدى. ئەگەر خورما تاپالمىسا، سۇ بىلەن ئاچاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «خورما

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1922 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1098 ـ ھەدىس.
(2) «بۇخارىي»، 1963 ـ ھەدىس.
(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1957 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1098 ـ ھەدىس.

تاپالىغان كىشى ئىپتارنى خورما بىلەن، خورما تاپالمىغان كىشى سۇ بىلەن قىلسۇن، چۈنكى سۇ (ئىچ ئەزالارنى) تازىلايدۇ»[1].

شام نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئىپتار قىلىشمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ئىدى. ئېغىز ئاچقان چېغىدا ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇيتتى ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ: «ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ئاللاھ خالىسا ئەجىر مۇقىملاشتى»[2] دەيتتى.

رامىزان جارچىسىنىڭ: «ئى ياخشىلىق ئىزدىگۈچى، كەل!»[3] دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلىش، يالۋۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىشتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ روزا تۇتقۇچىنىڭ كەمتەر ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. سەت گەپ قىلىشتىن، ۋارقىراپ - جارقىراشتىن، باشقىلارنى تىللاشتىن ياكى تىللىغۇچى بىلەن تەڭ تۇرۇشتىن چەكلەيتتى. ئۇ زات بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار روزا تۇتقان بولسا، سەت گەپ قىلمىسۇن، پاسىقلىق قىلمىسۇن، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسۇن، ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ‹مەن روزىدار› دېسۇن»[4].

پەيغەمبىرىمىز سەپەر قىلغان ۋاقىتتا بەزىدە روزا تۇتاتتى، بەزىدە تۇتمايتتى. ساھابىلەرنىمۇ تۇتۇش - تۇتماسلىقتا ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەتتى. دۈشمەنگە يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ساھابىلەرنى ئۈزۈش قىلىشتا كۈچلۈك بولسۇن ئۈچۈن ئېغىز ئېچىشقا بۇيرۇيتتى، دۈشمەنگە يېقىنلاپ قالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «دۈشمىنىڭلارغا يېقىنلىشىپ قالدىڭلار. تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 15798 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 695 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 2355 - ھەدىس؛ «ئىبنى خۇزەيمە» 2066 - ھەدىس. ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(2) «ئەبۇ داۋۇد»، 2357 - ھەدىس؛ «سۈنەنۇددارەقۇتنىي»، 2 - توم، 185 - بەت؛ ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، 1- توم، 422 - بەت. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(3) «تىرمىزىي»، 682 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(4) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1904 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1150 - ھەدىس.

روزاڭلارنى بۇزۇشلار ياخشىدۇر». بۇ بىر رۇخسەت ئىدى. ئاندىن باشقا بىر يەرگە كەلگەندە مۇنداق دېگەنىدى: «سەپەر سەپەر ۋاقتىدا دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلسىلەر، كۈچلۈك بولۇشلار ئۈچۈن روزا تۇتماڭلار»[1]. دېمەك، بۇ كەسكىن بۇيرۇق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر قىلغان ۋاقىتتا روزا تۇتقۇچى ئىغىز ئاچسا بولىدىغان مۇساپىنى ئۆلچەپ يۈرمەيتتى. ساھابىلەر سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقىتلىرىدا مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئىغىزلىرىنى ئاچاتتى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىشكەن ئىدى. مەسىلەن، مۇھەممەد ئىبنى كەئب[2] مۇنداق دەيدۇ: «مەن رامازاندا ئەنەس ئىبنى مالىك[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. تۆگىسىنى جابدۇتۇپ، سەپەر كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن، تاماق ئەكەلدۈرۈپ يېدى. مەن:

ــ بۇ (سەپەردە روزا تۇتماسلىق) سۈننەتمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدىم:

ــ سۈننەت، ــ دېدى، ئاندىن ئۇلىغىغا مىندى»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپ ھالىتىدە سوھۇر ۋاقتى كىرىپ قالسا، ئەۋۋەل سوھۇرلۇق يەپ، ئاندىن يۇيۇناتتى[5]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ۋاقىتلىرىدا بەزى ئاياللىرىنى سۆيگەن ۋە روزىدارنىڭ ئايالىنى سۆيۈشىنى تاھارەت ئالغۇچىنىڭ

---

(1) «مۇسلىم»، 1120 - ھەدىس.

(2) ئەبۇ ھەمزە **مۇھەممەد ئىبنى كەئب** ئەلقۇرەزىي (مُحَمَّدُ بْنُ كَعْبٍ الْقُرَظِيُّ، ھ. 40 – 108 / م. 661 – 727) ــ نۇرغۇن ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان مۇھەددىس، تەفسىرشۇناس، مەشھۇر تابىئىن. ــ ت.

(3) ئەبۇ ھەمزە **ئەنەس ئىبنى مالىك** ئىبنى نەزر ئىبنى زامزام ئەلئەنسارىي (أَنَسُ بنُ مَالِكِ بنِ النَّضْرِ بنِ ضَمْضَمٍ الأَنْصَارِيُّ، ھ. بۇرۇن 10 – ھ. 93 / م. 612 – 711) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ ياشلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 10 يىل خىزمىتىنى قىلغان خىزمەتچىسى، ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان (2,286 ھەدىس) ساھابىلەردىن بىرى. ــ ت.

(4) تىرمىزىي: («ئەسسۇنەن»، 799 - ھەدىس) «ھەسەن» دېگەن.

(5) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1932 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1109 - ھەدىس.

ئېغىزنى چايقىشىغا ئوخشاتقان ئىدى. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن روزىدار تۇرۇپ، نەپسىمگە ئىگە بولالماي ئايالىمنى سۆيۈپ قويدۇم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن بۈگۈن چوڭ ئىشتىن بىرنى قىلىپ سالدىم، روزىدار تۇرۇپ ئايالىمنى سۆيدۇم، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئېيتىپ باققىنە، سەن روزىدار تۇرۇپ ئاغزىڭغا سۇ ئېلىپ چايقىساڭ، بىر نېمە بولامدۇ؟ ــ دېدى. مەن:

ــ ھېچنېمە بولمايدۇ، ــ دېدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ:

ــ شۇنىڭدەكلا، ھېچ ئىش بولمايدۇ، ــ دېدى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ھالىتىدە چىشىنى مىسۋاكلاپ، چوقىسىغا سۇ تۆكەتتى ئۇسسۇزلۇق ياكى قاتتىق ئىسسىق سەۋەبىدىن بېشىغا سۇ تۆككەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[2]. رەسۇلۇللاھ روزىدار ھالىتىدە ئېغىزنى چايقايتتى ۋە بۇرنىغا سۇ ئالاتتى. لېكىن، روزىدارنى بۇرنىغا سۇ ئېلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلىگەن ئىدى.

لەقىيت ئىبنى سەبرە[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! تاھارەت ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىلە، ـ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ:

(1) ئىبنى خۇزەيمە («ئەسسەھىھ»، 1999 ـ ھەدىس): «سەھىھ» دېگەن. «ئەبۇ داۋۇد»، 2385 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 15473 ـ ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 2367 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(3) ئەبۇ رەزىن **لەقىيت ئىبنى** ئامىر ئىبنى **سەبرە** ئەلئۇقەيلىي (أَبُو رَزِينٍ لَقِيطُ بْنُ عَامِرِ بْنِ صَبْرَةَ الْعُقَيْلِيُّ، ھ. ؟ — ؟ / م. ؟ — ؟) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ تائىفلىك ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا ئۆز قەۋمىنىڭ ئۆمىكى قاتارىدا كەلگەن ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ــ ت.

ــ تاھارەتنى كامىل ئال، بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىغا سۇ ئۆتكۈزگىن. روزىدار ھالەتتىن باشقا ۋاقىتتا بۇرنۇڭغا سۇنى قاتتىق ئالغىن، ــ دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، كېچە قىيامىنى تەرك ئەتمەيتتى. ئۇخلاپ قالسا ياكى سالامەتلىك سەۋەبلىك كېچىسى تۇرالمىسا، كۈندۈزى ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچە نامىزى ئون بىر رەكئەت ياكى ئون ئۈچ رەكئەت ئىدى. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامازان ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ئون بىر رەكئەتتىن ئاشۇرمايتتى»[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە ئون بىر رەكئەتكە بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى قاتقانلىقىنى ئېيتقان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى بىلەن ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى قىيامدا تۇرۇش ئۈچۈن ئويغانغان ۋاقىتتا ئەۋۋەل مىسۋاك ئىشلىتىش بىلەن باشلايتتى. ئاندىن ئاللاھنى زىكىر قىلاتتى، ئاندىن تاھارەت ئالاتتى، ئاندىن يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە قىيام ئۈچۈن تۇرغان ۋاقىتتا نامىزنى يەڭگىل ئىككى رەكئەت بىلەن باشلايتتى»[4] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدىكى نامىزى ئىبنۇلقەييىم بايان قىلغاندەك ئۈچ تۈرلۈك ئىدى:

**بىرى:** ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيتتى. كۆپىنچە بۇ خىل ئوقۇيتتى؛

**ئىككىنچىسى:** ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى ۋە ئولتۇرۇپ رۇكۇ قىلاتتى؛

---

(1) «ئەبۇ داۋۇد»، 142 ـ ھەدىس؛ «نەسائىي»، 1 ـ تـوم، 87 ـ بەت. ئىبنى خـۇزەيمە («ئەسسەھىھ»، 150 ـ ھەدىس)، نەۋەۋىي ۋە زەھەبىي رەھىمەھۇللاھلار: «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1147 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 738 ـ ھەدىس.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1072 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 737 ـ ھەدىس.

(4) «مۇسلىم»، 767 ـ ھەدىس.

**ئۈچىنچىسى**: ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلاتتى، قىرائىتىدىن ئاز بىر قىسمى قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ رۇكۇ قىلاتتى[1].

غەنىيمەت بىلىڭ ئى ئەزىز قېرىنداشىم! رامازان ئېيىدىكى پۈتۈن ۋاقىتلىرىڭىزنى، بەلكى ھاياتىڭىزدىكى بارلىق ۋاقىتلىرىڭىزنى ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى ئىسپاتلاش يولىدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئۈچۈن غەنىيمەت بىلىڭ، قەدىرلەڭ.

**ئى ئاللاھ! بىزگە سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەلنىڭ مۇھەببىتىنى رىزىق قىلىپ بەرگەيسەن! بىزنى ئەلچىڭگە ئەگەشتۈرگىن ۋە بۇ ئەگىشىشىمىزنى ساڭا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ ھەقىقىي بىر دەلىلى قىلىپ بەرگىن! ... ئامىن!**

(1) ئىبنۇلقەييىم: «زادۇل مەئاد»، 2 ـ توم، 28 ـ بەت.

ساجىيە

6

# رامازاندىكى ۋاقىتلىرىڭىز

رامازان شەرەپلىك بىر ئايدۇر. خۇددى مەسجىدى ھەرەم ماكان سۈپىتىدە ھۆرمەتلىك بولغىنىغا ئوخشاشلا رامازان ئېيىمۇ زامان سۈپىتىدە ھۆرمەتلىكتۇر. بۇ ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇق ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنىڭ ئۇشبۇ ئايدا چۈشكەنلىكىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**رامازان ئېيىدا «قۇرئان» نازىل بولۇشقا باشلىدى، «قۇرئان» ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر**﴾(بەقەرە: 185).

پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەتنىڭ بايانى بولغان ئايەتلەر نازىل بولغان ئاينىڭ ۋاقىتلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولۇشى ھەقتۇر. «قۇرئان كەرىم»دىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن ساماۋى كىتابلارمۇ رامازان ئېيىدا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار ھىدايەتنىڭ باياناتلىرى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى ئىدى. ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد»[1]دە ۋاسىلە ئىبنى ئەسقائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى،

(1) «**مۇسنەدۇ ئەھمەد (مسند الإمام أحمد بن حنبل)**»، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى بۈيۈك مۇھەددىس ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي ئەلمەرۋەزىي (ھ. 164 – 241 / م. 780 – 855) تەرىپىدىن ئوغلى ئابدۇللاھقا سۆزلەپ بېرىلىپ، شۇ ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلىپ رەتلەنگەن چوڭ ھەجىملىك ھەدىس توپلىمىدۇر. ھەربىر ساھابىنىڭ رىۋايەتلىرى جەملەنگەن «مۇسنەد» شەكلىدە تۈزۈلگەن بۇ ئەسەردىمۇ ساھابەلەرنىڭ ئىسىملىرى ئېلىپبەلىك تەرتىپتە ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن خۇلەفائى راشىدىن، ئاندىن ئەشەرەئى مۇبەششەرە، ئاندىن ئەھلى بەيتتىن باشلاپ مۇئەييەن تەرتىپتە يېزىلغان. ئىمام ئەھمەد ئەسەردە ھەدىس تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن 61 يىللىق ئۆمرىدە 283 ئۇستازدىن ئاڭلاپ توپلىغان، 904 ساھابىدىن كەلگەن «سەھىھ»، «ھەسەن» ۋە ئاز بىرقىسمى «زەئىف» دەرىجىدىكى 30 مىڭغا يېقىن (تەكرارلانغانلىرى بىلەن 40 مىڭ) ھەدىسنى تاللاپ كەلتۈرىدۇ. ئەسەرنى تەھقىقلەپ نەشرگە تەييارلىغان شەيخ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت باشچىلىقىدىكى ئىلمىي گۇرۇپپا تەرىپىدىن بېكىتىلىشىچە، ئۇنىڭدىكى=

هەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى رامىزاننىڭ تۇنجى كېچىسىدە، (تەۋرات) رامىزاننىڭ ئالتىسىدا، (ئىنجىل) رامىزاننىڭ ئون ئۈچىدە نازىل قىلىنغان ئىدى» دېگەن[1].

شۇڭا، رامىزاننىڭ ۋاقىتلىرى ئالاھىدە ۋە قىممەتلىكتۇر. كىمكى رامىزاندىكى ۋاقىتلىرىنى زايە قىلىۋەتسە، بوشاڭلىق قىلغان، نەپسىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىگە شۇ يىلدىن بىر ئايدا ئادىل مۇئامىلە قىلمىغان بولىدۇ.

رامىزاندىكى ۋاقىتلارنى زايە قىلىۋېتىش ــــ گەرچە زىيانى سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ ــ بەئەينى ئۆمۈرنىڭ زايە بولۇشىدۇر. كىمكى رامىزاندا بوشاڭلىق قىلىپ، پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمىدا تېخىمۇ كۆپ بوشاڭلىق قىلىپ، پۇرسەتلەرنى قاچۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر ھەر مىنۇت ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ۋە زايە بولۇۋاتقانلىقىدىن غەپلەتتە قالغان بولسا، بۇ (ئاللاھ تائالاغا قاراپ ماڭغان) سەپەردە نورمال يول يۈرۈش بىلەن نىشانغا يېتىپ بېرىش ئارىسىدىكى باسقۇچلارنى ئىدراك قىلىشتىن بىخۇد قالغانلىقىغا ئىشارەدۇر.

ئەي قېرىندىشىم! ھايات سەپىرىڭىزنى كۆزىتىپ رامىزان ئىيىدىكى يولچىلىقىڭىز بىلەن سېلىشتۇرۇڭ. بۇ ئايدا ئۆزىڭىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز ئۈچۈن، ۋاقتىڭىزنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ!

ئىمام ئىبنۇلقەييىم مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ يۈرىكى سوقۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا سەپەر قىلغۇچىدۇر. بۇ سەپەرنىڭ مۇددىتى ئۆمۈردۇر. كېچە بىلەن كۈندۈز بىردىن باسقۇچ بولۇپ، كىشى نىشانغا يېتىپ بارغانغا قەدەر توختىماستىن داۋاملىشىدۇ. ئاقىل كىشى قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن سەپىرىنى تاماملاشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

=ھەدىسلەرنىڭ سانى 27 مىڭ 679 «مەرفۇئ» (ئىنتايىن ئاز بىرقىسمى «مەۋقۇف» ۋە «مەقتۇئ») ھەدىس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى قوشۇپ قويغىنى 642 ھەدىستۇر. ئەڭ بۈيۈك ھەدىس توپلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر كاتتا خەزىنىنىڭ مۇكەممەل نەشرى شەيخ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت باشچىلىقىدىكى ئىلمىي گۇرۇپپا تەرىپىدىن 2001 - يىلى بېيرۇتتا 50 تومدا نەشر قىلىنغاندۇر. ــ ت.

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 16536 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئىنسان ئوغلى خىلمۇخىل كېلىدۇ. بەزىلەر كۆپۈرلۈق ۋە خىلمۇخىل مەئسىيەتلەردىن ئىبارەت جەھەننەمگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ سەپىرىنى تاماملايدۇ، بەزىلەر ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ جەننىتىنى مەقسەت قىلىپ سەپىرىنى تاماملايدۇ. مانا شۇلار ئۈچ قىسىمدۇر:

بىر قىسمى، ھەق دادىغا يەتكۈزگۈچىلەردۇركى، ئۇلار پەرزلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، تۈرلۈك نەفلە ئىبادەتلەرنى كۆپلەپ قىلىدۇ، ھارام، مەكرۇھ ۋە بەزى مۇباھلارنىمۇ تەرك ئېتىدۇ؛

يەنە بىر قىسمى، مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇركى، ئۇلار پەرزلەرنى ئادا قىلىپ ھاراملاردىن ساقلىنىدۇ؛

ئۈچىنچى بىرى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر»[1].

سىز ــ روزىدار قېرىندىشىم! ــ ھايات مۇساپىڭىزدىن ئەقەللىي بىر ئايلىق ئۆمرىڭىزنىڭ ھېساب - كىتابىنى قىلىش ۋە رامازان ئېيىدىكى تۇرمۇشىڭىزغا قاراش ئارقىلىقلا قالغان ھايات سەپىرىڭىزنىڭ قانداق داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز. ئۆزىڭىزدىن سوراڭكى: مەن ھەق دادىغا يەتكۈزگۈچىلەردىنمۇ ياكى مەقسەتكە يەتكۈچىلەردىنمۇ؟ ۋە ياكى رامازان ئېيىنى ۋە قالغان پۈتۈن ھاياتىنى زايە قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىنمۇ؟

ئەگەر سىز رامازاندا ۋە باشقا چاغلاردا، ياخشىلىقتا ئالدىرىغۇچىلاردىن ــ ھەق دادىغا يەتكۈزگۈچىلەردىن ــ بولسىڭىز مۇكاپاتىڭىز ﴿**راھەت - پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ**﴾(ۋاقىئە: 89).

ئەگەر مەقسەتكە يەتكۈچىلەردىن بولسىڭىز سائادەتمەنلەردىندۇرسىز! ﴿(ئى **مۇھەممەد) سائادەتمەنلەردىن ساڭا سالام**﴾(ۋاقىئە: 91).

(1) ئىبنۇلقەييىم: «تەرىقۇل ھىجرەتەين»، 288 - بەت.

ئەمما، سز ۋاقتلرنى زايە قلۇەتكەن ئۆز نەپسگە زۇلۇم قلغانلاردن بولسڭز، رامازان ۋە «قۇرئان كەرم» سزدن شكايەتچى بولۇشتن ئلگرى تەۋبگە ئالدراڭ!

رامازاندا ۋاقتنى زايە قلۇەتكەن كشى باشقا ۋاقتلاردا تېخمۇ بەكرەك زايە قلۇېتدغان بولغاچقا ئمام ئبنى رەجەب يۇقرى ئاۋاز بلەن مۇنداق دەيدۇ:

ئى ئۆمرنى ئتائەتسزلكتە زايە قلۇەتكەن كشى!

ئى رامازاندا ۋە باشقا چاغلاردا بوشاڭلق قلپ، ۋاقتنى زايە قلۇەتكەن كشى!

ئى كېچكتۈرۈش ۋە بوشاڭلقنى دەسمايە قلۇالغان كشى! سېنڭ بۇ دەسمايەڭ نېمدېگەن يامان!

ئى رامازاننى ۋە «قۇرئان كەرم»نى شكايەتچى (دەۋاگەر) قلۇالغان كشى! شاپائەت كۈنى (قيامەت كۈنى) ئۆز ئۈستۈڭدن شكايەت قلغۇچدن سەن قانداقمۇ شاپائەت ئۈمد قلسەن؟!»[1]

بز رامازاندا ئاللاهنڭ هدايتى ۋە پەيغەمبرمزنڭ سۈننتى بلەن نەپس - خاهشمز، هاۋايى - هەۋسمزنڭ ئازدۇرۇشلردن ئبارەت ئككى ئشنڭ برنى تاللاش بلەن سنلمز.

ئاگاه بولۇڭ ئى روزدار قېرندشم! هاۋايى - هەۋس ئاساسي سەرمايڭز بولغان هايات منۇتلرڭزنى ئېلپ كەتمسۇن.

**مۇلۇك بېرلدى ساڭا چڭ تۇتقن ئلكڭدكنى،**

**كم باشقۇرمسا مۇلكنى بېشغا چقار بر كۈنى.**

**ئوغرى سائەت ئېلپ كەتمسۇن ئالدراتقن ئۆمۈرنى،**

**بەزسنى زايە قلساڭ يوقتسەن هەممنى،**

---

(1) ئابدۇرراهمان ئەلئاسمي: «ۋەزائفۇ رامازان»، 77 - بەت.

ۋاقتىڭ كەتتى بەختىڭ كەتتى چىشلىسەڭمۇ بارماقنى،

داد ـ نادامەت پايدا قىلماس چاقساڭمۇ گەر سۆڭەكنى.

ئاللاھ تائالا بىز بەندىلەرنىڭ مۇبارەك رامازان ئېيىدا ئۆزىنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى خاھلايدۇ. ﴿**ئى مۇئمىنلەر، (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە)روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامازان روزىسى پەرز قىلىندى**﴾(بەقەرە: 183).

ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ، شەھۋەتلىرىگە ئەگەشكەن بىر تۈركۈم قەۋملەر رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتېرنېت بلوگلىرىدا روھىيىتىمىزگە فىسق ـ فۇجۇر، فىتنە ـ فەساتلارنى تېرىش بىلەن بىزنى ئىتائەتتىن ۋە تەقۋادارلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرۇشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىشىدۇ.

﴿**ئاللاھ سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، گۇناھىڭلاردىن قىلغان تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خاھلايدۇ، ئاللاھ ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خاھلايدۇ. شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خاھلايدۇ**﴾(نىسا: 26 ـ 27).

رامازان، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىشنى ۋە ئۆمرىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلار ئۈچۈن كەم ئۇچرايدىغان بىر پۇرسەتتۇر.

رامازان ۋاقتى بەلگىلەنگەن قىسقا ئۆمۈردۇر، كۆتۈلگەن باشلىنىشى، بىلىنگەن ئاخىرلىششى باردۇر. ئىنسان ئۆمرىنىڭ بىر قىسمى تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى مەلۇم

ۋاقىتلاردا ئادا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، رامازان ئىنسانىنىڭ بۇ ئۆمرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئۆرنىكىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمى ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىشتەك ئىنساني تەبىئەتكە ئالاقىدار ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشقا بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ قىسىم يۇقىرىقى قىسمىنى بەجاندىل ئادا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇبادا بىز ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا بەلگىلەنگەن ئۆمرىمىزنى زايە قىلىۋېتىپ، ئۇنى ئىنساني تەبىئەتكە ئالاقىدار ھاجەتلەرنى راۋا قىلىشقا بەلگىلەنگەن ئۆمرىمىزگە ئوخشاش قىلىۋەتسەك، روھىمىزنىڭ ھەققىنى تېنىمىزگە ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولىمىز - دە، ئۆزىمىزنى زىيانغا ئۇچراتقان ۋە روھلىرىمىزغا زۇلۇم سالغان بولىمىز. دەرۋەقە، بۇ ئۆمرىمىزنىڭ قالغان قىسمىنىڭ كۆپىنچىسىدە تەن ساقلىق ۋە ۋاقىت بار تۇرۇپ مۇشۇنداق داۋاملىشىپ ماڭىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «ئىككى چوڭ نېئمەت بار بولۇپ، كۆپىنچە ئىنسانلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. بىرى، سالامەتلىك؛ ئىككىنچىسى، بىكار ۋاقىت»[1].

ئىبنۇل جەۋزىي بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ساغلام تۇرۇپ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكلىرىدىن بىكار بولالماسلىقى مۇمكىن. ئۆزى باي، لېكىن تېنى ساغلام بولماسلىقى مۇمكىن. ساغلاملىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نېئمەت بىر ئىنساندا تېپىلغاندا، ھۇرۇنلۇق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن غالىپ كەلسە (راھەت بىلىنسە)، ئۇ دەل زىيان تارتقۇچىدۇر. چۈنكى، دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارى ۋە پايدىسى ئاخىرەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان تىجارەت مەركىزىدۇر. كىمكى بوش ۋاقتى ۋە تەن ساقلىقىنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە ئاتىسا، ئۇ كىشى نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىدۇر. ئەكسىچە، كىمكى تېنى ساق تۇرۇپ، بوش ۋاقتىنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇ كىشى زىيان تارتقاندۇر. چۈنكى، بوش ۋاقىتتىن كېيىن ئالدىراشچىلىق، ساغلاملىقتىن كېيىن كېسەللىك كېلىشى مۇمكىن»[2].

رامازان ئۆمۈرلەردىكى ۋە ۋاقىتلاردىكى زىياننى ئۆلچەيدىغان بىر تارازىدۇر. رامازاننىڭ ئوتتۇرا ياكى ئاخىرىدا ئاكتىپ ئىبادەت قىلىش خىيالى بىلەن ئەۋۋەلقى ئونىدا

(1) «بۇخارىي»، 6412 - ھەدىس.
(2) ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارىي»، 5933 - ھەدىسنىڭ شەرھىسى.

بوشاڭلىق قىلىپ پەزىلەتلەردىن مەھرۇم قالىدىغانلارمۇ، رامازاننىڭ بېشىدا ئاكتىپ ئىبادەت قىلىپ، ئېغىر كەلگەنلىك يالقى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىق سەۋەبىدىن ئوتتۇرا ۋە ئاخىرىدا ھورۇنلۇق قىلىدىغانلارمۇ ۋە ھەتتا پۈتۈن ئاي غەپلەتتە ياشاپ، رامازانغا قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كېتىدىغانلارمۇ، ھەتتا «قۇرئان كەرىم»نى «قۇرئان» ئېيىدا تەرك ئەتكەنلىكى، بەدىنى روزا تۇتقان بولسىمۇ، قەلبى روزا تۇتمىغانلىقى، كېچىلىرى قىيامدا تۇرماي ۋە ئىبادەت قىلماي ئۇخلىغانلىقى ۋە رامازان ئېيىنىڭ ھۆرمىتى قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن رامازانغا كىرگەندىكىدىنمۇ ناچارراق چىقىپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر.

**ئاقتى ئۆمۈر ماللىرىڭنىڭ ۋاقتىلىرى ئەي،**

**بولدى ئىسراپ، يوقتى شەپقەت يوقاتقانغا ھەي.**

**خەجلىدىڭ ئۆمرۈڭنى سەن ھەقىقەتەن زىيانىدا،**

**ئاغرىق كېلەر ئارقىدىنلا ئاغرىقىن پەيدىنمۇپەي.**

شۈبھىسىزكى، رامازان ئېيى بىز يېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان مەنزىلگە بىزنى يېقىنلاشتۇرالايدىغان بىر پۇرسەتتۇر. شەكسىزكى، ياخشىلىقتا ئىلگىرى بولغۇچىلارنىڭ مەنزىلى قەلبلەر تەلپۈنىدىغان، بويۇنلار سوزۇلىدىغان بىر مەنزىلدۇر. ئۇنداق ئىكەن، قەلبلىرىمىزنى ئۇ تارازا - مىزانغا قويايلى، پەرزلەرنى كامىل ئادا قىلىش ۋە نەفلە ئىبادەتلەرنى كۆپەك قىلىشقا بىلەن ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش، شۇنداقلا مەكروھ ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن بۇ مەنزىلگە ئۆزىمىزنى رامازاندا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا تەڭلەشكە تىرىشايلى.

مۇبارەك رامازان ۋاقىتلىرىنى نەپسىمىزنى بۇ شەكىلدە تەربىيەلەشتە ئۈتكۈزەلىسەك، قەلبلىرىمىز تەدرىجىي ھالدا ئاللاھقا يېقىن دەرىجىلەرگە يېتەلىشى مۇمكىن.

ئى ئاللاھ! ئىشىمىزنىڭ ئاساسى بولغان دىنىمىزنى ياخشىلاپ بەرگىن. ياشاۋاتقان دۇنيايىمىزنى ياخشىلاپ بەرگىن. ھاياتلىقىمىزدا ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى زىيادە قىلىپ بەرگىن. ئۆلۈمنى ھەرقانداق بىر يامانلىقتىن راھەت قىلىپ بەرگىن! ... ئامىن!

ساجىيە

7

# رامازاندىكى تەقۋالىقىمىز

قەلبلەرنى ئۆيغىتىش ۋە (ئىمان ئېيتقانلارغا) دۇنيادا بەخت ـ سائادەت، ئاخىرەتتە نىجاتلىق ۋەدە قىلىش ئارقىلىق (مۆئمىنلەرنى) ئىلاھىي بۇيرۇقلارنىڭ ئىغىرچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش «قۇرئان كەرىم»نىڭ خاسلىقلىرىدىندۇر. بۇلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق ۋەدىلەردۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئۇسلۇبىنى ھەربىر ئىلاھىي بۇيرۇقتا كۆرۈۋالالايمىز. رامازان روزىسىنى پەرز قىلىشمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلبەتتە. ئۇشبۇ بۇيرۇق تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت نەپسلەر ۋە قەلبلەر تەلپۈنىدىغان ئاخىرەتلىك بىر غايىگە داۋا بولۇپ كەلدى. بىلىڭلاركى، ئۇ تەقۋادارلار ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىش ئۈچۈن زىننەتلىنىدىغان بىر بېزەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆئمىنلەر، (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامازان روزىسى) پەرز قىلىندى**﴾(بەقەرە: 183).

بىر كىشىنىڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان تەقۋادار بولالىشى، ئاللاھنىڭ مەقسىتىنى ھەممە ئەۋۋەلقىلەرگە ۋە كېيىنكىلەرگە قىلغان تەۋسىيەسىنى ھاسىل قىلالىشى نېمىدېگەن بۈيۈك ئىش ـ ھە! ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى ئېسىڭىزدىمۇ: ﴿**سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق**﴾(نىسا: 131).

ئاللاھ تائالا بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە تەقۋالىقنى تەۋسىيە قىلغىنىدەك، ئۇلارغا ۋە بىزگە بىردەك رامازان روزىسىنى پەرز قىلدى. چۈنكى، روزا تۇتقۇچى ئۇشبۇ تەۋسىيە

قىلىنغان تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ھەسەن بەسرىي[1] رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئاي رامىزان بىزگە پەرز قىلىنغاندەك، بىزدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان ئىدى»[2].

يۇقىرىقى ئايەتتىكى «تقوى (تەقۋا)» كەلىمىسى «الوقاية» دېگەن يىلتىزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «قورقۇنچلۇق يەرلەردىن ياكى سەۋەبلەردىن ئۇزاق تۇرۇش» دېگەن مەنىدىدۇر.

شۇڭا، «ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش»تىن مەقسەت، ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش، بۇيرۇغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش دېيەنىلىكتۇر.

مەلۇمكى، مۇفەسسىرلەرنىڭ بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر، (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى**﴾(بەقەرە: 183) دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يەنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن» دېمەكچى؛ گۇناھ - مەئسىيەت كەڭ مەنادا دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان كىشى تۇتقان روزىسى ئارقىلىق نەپسلەرنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن چەكلەيدۇ ۋە ئىككى دۇنيادا ئازابتىن ساقلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا قالقاندۇر»[3] دېگەن. يەنى روزا قوغدىغۇچىدۇر. چۈنكى، روزا گۇناھلارغا سەۋەب بولغۇچى ھاۋايى - ھەۋەس ۋە تۈرلۈك شەھۋەتلەرنى يوقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھلاردىن قوغدايدۇ[4].

---

(1) ئەبۇ سەئىد **ھەسەن** ئىبنى يەسار **ئەلبەسرىي** ئەلئەنسارىي (الحَسَنُ بنُ أَبِي الحَسَنِ يَسَارٍ البَصْرِيُّ الأَنْصَارِيُّ، ھ. 21 – 110 / م. 642 – 728) ــ كاتتا تابىئىن. بەسرە مۇپتىسى بولغان ھەدىسشۇناس ئالىم. تابىئىنلەر دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلاردىن بىرى. ــ ت.

(2) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 1 - توم، 202 - بەت.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1894 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1151 - ھەدىس.

(4) «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 1 - توم، 276 - بەت.

كامىل تەقۋادارلىق بولسا پەرز - ۋاجىپلارنى ئورۇنداش، ھەر تۈرلۈك ھارام قىلىنغان ئىش ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، مۇستەھەبلەرنى قىلىش ۋە مەكرۇھلاردىن قول ئۈزۈشتۇر. مانا بۇ تەقۋادارلىقنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن «قۇرئان كەرىم» تەقۋادارلارنى ھەرقانداق ئىشتا ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان يول باشلىغۇچى ۋە رەھبەر قىلىندى. دەرۋەقە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بېشىدىلا «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ ئەۋۋەلقى ئايەتلىرىدە بۇ كىتاب ﴿**تەقۋادارلارنىڭ يېتەكچىسىدۇر**﴾(بەقەرە: 2) دەپ سۈپەتلەندى. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» يەنە قەلبلىرىمىزنى كامىل تەقۋادارلىققا ئېرىشتۈردۇ.

ئى روزىدار قېرىنداشلىرىم! رامازاننىڭ سىزگە كامىل تەقۋادارلىق بېغىشلىشى ئۈچۈن، روزىڭىزنى ماددىي - مەنىۋى خاتالىقلاردىن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قوغداڭ.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز[1] رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش كۈندۈزى روزا تۇتۇش ۋە كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى تاشلاش ۋە ئاللاھ پەرز قىلغان ئىشلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. كىمكى يۇقىرىقىلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە بىر ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىنغان بولسا، گۈل ئۈستىگە گۈل قويغاندەك بولىدۇ»[2].

رامازان بەجايىكى تەقۋادارلىقنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىگە يېتىش ئۈچۈن مۇسابىقىلىشىدىغان بىر مەيداندۇر. ﴿**گۇناھلاردىن ساقلىنىشلار ئۈچۈن**﴾ ھەقىقىي تەقۋادارلار، رامازاننىڭ كېچە ۋە كۈندۈزلىرىنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئىبادىتىدە ساۋاب ئۈمىد قىلغان، نەپسىنى ھېسابقا تارتقان ھالدا ئۆتكۈزۈپلا قالماي،

---

(1) **خەلىپە** ئەبۇ ھەفس **ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز** ئىبنى مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەم ئەلئۇمەۋىي ئەلقۇرەشىي (عُمَرُ بنُ عَبْدِ العَزِيْزِ بنِ مَرْوَانَ الأُمَوِيُّ القُرَشِيُّ، ھ. 61 – 101 / م. 681 – 720) ـــــ تابىئىن. «ئۇمەۋىيلەر»نىڭ 8 - خەلىپىسى (ھ. 99 – 101 / م. 717 – 720). خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزى لەيلانىڭ ئوغلىدۇر. ئادالەتنى تىكلەپ، شۇرانى بەرپا قىلغان، ئىلىم - مەرىپەت يېيىشقا، ھەدىسلەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن زات. 2 يىل 5 ئايغا يېقىن خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىسلامغا قىلغان خىزمىتى ۋە تۇتقان ئادالەتلىك ھاكىمىيەت يولى بىلەن «راشىد خەلىپىلەرنىڭ بەشىنچىسى» دەپمۇ تەرىپلىنىدۇ. زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. ــ ت.

(2) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1 - توم، 400 - بەت.

رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئەمەلنى بىكار قىلغۇچى رىياكارلىق ۋە ئۆز - ئۆزىدىن ئەجەبلىنىشتىن ئىبارەت ئازاب ۋە جازاغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلىش ئۈچۈن نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ.

سەلەف - سالىھلەر تەقۋالىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ياشايتتى. ئۇنىڭ مەنا - مەقسەتلىرىنى بىلىپ ھاياتىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى ئىبادەتلىرىگە روھ بېغىشلايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە تەقۋالىق بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ روھى بار ئىدى. ناماز، روزا، دۇئا - زىكىر، تەۋبە، زاكات، ھەج - ئۆمرە، جىھاد، ساۋاب ئۈمىد قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ روھى بولۇپ، ئۇلار بۇ روھنى، تەقۋادارلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىدىن ئالغان ئىدى: ﴿**شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا «قۇرئان»نى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) «قۇرئان»نىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ، لېكىن بىز «قۇرئان»نى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز**﴾(شۇرا: 52).

كېلىڭلار! تەقۋالىقنىڭ ھەقىقىتىنى ــ خۇددى سەلەفلەر ياشاتقان تەقۋالىقتەك تەقۋالىقنى ــ ئۆزىمىزدە ھازىرلايلى! بەلكى ئۇ بىزدە رامازاننىڭ روھىنى ياشىتىشى مۇمكىن ۋە بەلكى ئۇنىڭ بىلەن رامازاننىڭ مەنالىرىنى ياشارتىشقا مۇيەسسەر بولارمىز:

- تالق ئىبنى ھەبىب[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەقۋالىقنىڭ روھىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋالىق دېگەن ئاللاھتىن كەلگەن نۇرغا تايىنىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئۇ زاتنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئاللاھتىن كەلگەن نۇرغا تايىنىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنى تاشلاپ ئۇ زاتنىڭ ئازابىدىن قورقۇشتۇر».

---

(1) **تالق ئىبنى ھەبىب** ئەلئەنەزىي (طَلْقُ بنُ حَبِيْبٍ العَنَزِيُّ)، ۋاپاتى ھ. 100 / م. 719 - يىلدىن بۇرۇن) ــ تابىئىن. بەسرەلىك مۇھەددىس ۋە زاھىد. ــ ت.

ھېلىغۇ رامازاندا تۇرۇپتىمىز، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئىتائەت قىلىشىمىز ۋە ئازابىدىن قورقۇشىمىز كېرەك. قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان ئۇچقۇر ئىككى قاناتقا ئوخشايدۇ. بىز رامازاندا تەقۋالىقنىڭ بۇ مەنالىرىنى ئۆزىمىزدە ھازىر قىلايلى.

• ئەبۇددەردائ[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەقۋالىقنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋالىق دېگەن بەندىنىڭ زەررىچىلىك نەرسىدە بولسىمۇ رەببىدىن قورقۇشىدۇر ۋە ئۆزى بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەردە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ھالال دەپ قارىغان بەزى نەرسىلەرنى ھارام بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تەرك ئېتىشىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئاخىرەتتە بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**﴾(زەلزەلە: 7 ــ 8) شۇڭا، سىز قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى كىچىك سانىماڭ».

ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، قېرىندىشىم؟! تەقۋالىق ھەققىدىكى بۇ ئىنچىكە مۇلاھىزە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدىڭىزمۇ؟ تەقۋالىق ئېيىدا زېھنىڭىزنى يۇقىرىقىلار بىلەن مەشغۇل قىلىشقا ھازىرلاندىڭىزمۇ؟! شۈبھىسىزكى بۇ، زەررىچىلىك نەرسىلەردە بولسىمۇ ئۆزىنى ھېسابقا تارتالايدىغان يۈكسەك روھقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئۇنۇتماڭكى، ھەربىرىمىز پات ئارىدا كىچىك سانىغان زەررىچىلىك ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىمىز ياكى جازاسىنى تارتىمىز.

شۇڭا بىز رامازاندا تەقۋالىقنىڭ مەنالىرىدىن بولغان بۇ مەنانىمۇ ئۆزىمىزدە ھازىرلايلى.

---

(1) **ئەبۇددەردائ** ئۇۋەيمىر (ياكى ئامىر) ئىبنى زەيد ئىبنى قەيس ئەلخەزرەجىي ئەلئەنسارىي (أَبُو الدَّرْدَاءِ عُوَيْمِرُ بنُ زَيْدِ بنِ قَيْسٍ الأَنْصَارِيُّ، ھ. بۇرۇن 43 – ھ. 32 / م. 580 – 653) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ ساھابە. فەقىھ ۋە قىرائەت ئۇستازى. خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە دەمەشقكە قازى بولغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات تاپقان. ــ ت.

• مەيمۇن ئىبنى مىھران[1] رەھمەھۇللاھ: «تەقۋا كىشى ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىشتا، بېخىلنىڭ ئۆز شېرىكىدىن ھېساب ئېلىشىدىنمۇ ئىنچىكە ھېساب ئالىدۇ» دېگەنىكەن. بىز بۇ ئالىمنىڭ سۆزىدىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، تەقۋالىق قەلبتە قانچىلىك ھەرىكەتلەنسە، ئۇنى نەپسىلەردىن ھېساب ئېلىشقا شۇنچىلىك ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ.

بىر يىل ئۆمرىگىزدىن بىر ئايىنى ئۆتكەن يىلى قىلغان ئىشلىرىگىزدىن ئۆزىگىزنى ھېسابقا تارتىش ۋە كېلەر يىلغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئايرىشىڭىز كۆپ ئەمەستۇر. بىز بۇ مەنانى رامازاندىكى تەقۋالىقىمىز ۋە ئىبادەتلىرىمىزنىڭ مەنالىرىغا قوشايلى.

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى سورالغاندا، ئۇ سوئال سورىغۇچىدىن:

— ئېيتقىنچۇ، سەن تىكەنلىك يولدا مېڭىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ:

— ھەئە، — دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

— سەن شۇ يولدا ماڭغان ۋاقتىڭدا قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— تىكەننى كۆرگەن ۋاقتىمدا يا باشقا بىر تەرەپكە بۇرۇلاتتىم، يا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەتتىم ۋە يا بولمىسا ئۇ يولدا يۈرۈشتىن ۋاز كېچەتتىم، — دەپ جاۋاپ بەردى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

— مانا بۇ تەقۋالىقتۇر، — دەپ جاۋاپ بەردى[2].

---

(1) ئەبۇ ئەييۇب **مەيمۇن ئىبنى مىھران** ئەلجەزەرىي (مَيْمُوْنُ بنُ مِهْرَانَ الجَزَرِيُّ، ھ. 37 – 116 / م. 657 – 734) — بۈيۈك تابىئىن، ئازادگەردە. ھەدىس ئىلمىدە ئىشەنچلىك، فىقھ ئىلمىدە ئىستىدادلىق كاتتا ئالىملاردىن بىرى. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مۇئەللىمى. قازى بولغان. ھ. 107 / م. 725 - يىلى قىبرىس(سىپرۇس) قا يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان. — ت.

(2) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1 - توم، 400 -، 401 - بەتلەر.

بىز رامازاندا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ئاللاھقا ئىشتىياق باغلاپ ماڭغان يولىمىزدا ھەر خىل تىكەنلەرگە دۇچ كېلىمىز. رامازان ئۇ تىكەنلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش ياكى باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىش بارىدا تەربىيەلىنىش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. مانا بۇ تەقۋالىقنىڭ يەنە بىر مەناسىدۇركى، شائىر ئىبنۇل مۇئتەز[1]نىڭ ئېيتقانلىرىغا ئەگىشىپ، ئۇنى رامازاندىكى ئىبادەتلىرىمىزگە قوشۇشقا ئېھتىياجىمىز بار:

**كىچىك يا چوڭ گۇناھلارنى تازىلىشىڭ تەقۋالىقتۇر.**

**تىكەنلىكتە يۈرگۈچى بول كۆرگىنىدىن ھەزەر قىلغۇر.**

**كىچىكلەرگە سەل قارىما، تاغمۇ ھەم قۇمدىن پۈتۈر.**

رامازاندا ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھارامنى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان يالغانچىلىق، زۇلۇم قىلىش ۋە ئىنسانلارغا قان، مال ۋەيا نام - ئابرۇي دۈشمەنلىكى قىلىشقا ئوخشاش قىلىقلارنى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ، رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردا مۇباھ قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەنلا ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى يالغان سۆزلەش ۋە يالغان بىلەن ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتمىسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تەرك ئېتىشىگە ئېھتىياجى يوقتۇر»[2] يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەرسىنى تەرك ئېتىشىگە ئېھتىياجى يوقتۇر»[2]

(1) ئەبۇل ئابباس ئابدۇللاھ **ئىبنى** مۇھەممەد **ئەلمۇئتەز** بىللاھ (عَبْدُ اللَّهِ بْنُ مُحَمَّدٍ المُعْتَزُّ بِاللهِ، ھ. 247 – 296 / م. 861 – 908) ــ ئەدىب، تەنقىدچى ۋە شائىر. مىلادىيە 908 - يىلى 17 - دېكابىردا ئابباسىي خەلىپىسى سايلىنىپ، ئەتىسى مۇخالىپەتچىلەرنىڭ ئىسيانى بىلەن قاچقان ۋە 25 - دېكابىر قولغا چۈشۈپ، 29 - دېكابىردە قەتل قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر كېچە بىر كۈندۈزلۈك خىلاپىتى ئەرەب ئەدەبىياتىدا بىر نەرسىنىڭ مۇددەت جەھەتتە بەك قىسقا بولۇشىغا يارقىن مەسەل قىلىنىدۇ. ــ ت.

(2) «بۇخارىي»، 1903 - ھەدىس.

دېگەن ۋە يەنە بىر ھەدىستىمۇ ئېيتقانكى: «يەپ - ئىچمىگەنگىلا روزا تۇتقان بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، روزا تۇتۇش بىھۇدە گەپ - سۆز ۋە ئەخلاقسىز ئىش - ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ»[1].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «روزا بىر قالقاندۇر. بىرىڭلار روزا تۇتقان بولسا، سەت گەپ قىلمىسۇن، پاسىقلىق قىلمىسۇن، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسۇن، ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا مەن روزىدار دېسۇن»[2]. ھەدىستىكى «قالقان» كىشىنى گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن قوغدايدىغان ۋە ئەيىبىنى ياپىدىغان نەرسىدۇر.

**ئى ئاللاھ! سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى، بىھاجەتلىكنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يەردە ئۆزۈڭدىن قورقۇشنى شۇنداقلا ھەرقاچان ھەقنىلا سۆزلەشنى سورايمىز... ئامىن!**

---

(1) «ئىبنى ھىببان»، 3479 - ھەدىس؛ «ئەلمۇستەدرەك»، 1570 - ھەدىس؛ «ئىبنى خۇزەيمە»، 1996 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1904 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1150 - ھەدىس.

8

# رامازاندىكى ئەخلاقىمىز

تەقۋالىقتا ئېرىشىش روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت پەرز ئىبادەتنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ ئىچكى تەسىرى بولسا، گۈزەل ئەدەب - ئەخلاق ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدۇر. بىر شەخسنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ياخشى بولۇشى تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا روزىدار ئەيمىنىش ۋە ئىتائەتنىڭ نۇرلىرى پارلاپ تۇرىدىغان ئېغىر - بېسىق، سالماق ۋە قەلبى ساپ ھالەتتە كۆرۈنىدۇ ياكى شۇنداق كۆرۈنۈشى كېرەك.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ شۇنداق بىر ماھىيىتى باركى، ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلەنگەنلەرنى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىنغانلارنى كۆرگەن كىشى دەرھال تونۇۋالالايدۇ.

ھەسەن بەسرىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «گۈزەل ئەخلاقنىڭ ماھىيىتى ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىش، باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك ۋە تەبەسسۇم قىلىشتۇر».

قازى ئىياز(1) مۇنداق دەيدۇ: «گۈزەل ئەخلاق دېگىنىمىز، كىشىلەر بىلەن خۇشخۇي ھالدا ئارىلىشىپ ياشاش، ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىش، كۆيۈنۈش، ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈش، ئەپۇ قىلىۋېتىش، ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلسا سەبىر قىلىش، كىبىر ۋە مەنمەنچىلىكنى تاشلاش، غەزەپلىنىش، كايىش ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىشتىن ئۇزاق تۇرۇشتۇر»(2).

---

(1) **قازى** ئەبۇلفەزل **ئىياز** ئىبنى مۇسا ئەليەھسۇبىي (القَاضِي عِيَاضٌ بنُ مُوْسَى اليَحْصُبِيُّ، ھ. 476 – 544 / م. 1083 – 1149) ـــ ماراكەشتە ئۆتكەن ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس. قازى، مالىكىي فەقىھ ۋە تىلشۇناس. «ئىكمالۇل مۇئلىم»، «ئەششىفائ» ۋە «مەشارىقۇل ئەنۋار» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى. ـــ ت.

(2) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1 - توم، 457 - بەت.

كۆرگىنىڭىزدەك، گۈزەل ئەخلاق شەرىئەتتە تەلەپ قىلىنغان، قىلىشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ كۈچى يېتىدىغان، باشقىلارغا پايدىسى تېگىشتىن ئىلگىرى شەخسنىڭ ئۆزىگە پايدىسى تېگىدىغان ئىشلاردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاققا بۇيرۇغان ۋە ئەبۇ زەر[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «قەيەردە بولسالىڭ، ئاللاھتىن قورققىن، بىر خاتالىقنى قىلىپ سالساڭ، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، گۈزەل ئىشتىن بىرنى قىل ۋە ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىل»[2]. ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش بولسا ئۇلار بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرى بويىچە ئارىلىشىپ ياشاشنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارغا ئارىلىشىپ ياشايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەبىر قىلىدىغان مۇئمىننىڭ ئەجرى ئىنسانلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەبىر قىلالمايدىغان مۇئمىننىڭكىدىن بۈيۈكتۇر»[3].

قىسمەن كىشىلەرنىڭ رامازاندىكى ئەدەب ـ ئەخلاقى دەل ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ. روزىنى باھانە قىلىپ ناھايىتى قوپاللىشىپ كېتىدۇ، باشقىلارغا يول قويمايدۇ، رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ، باشقىلار بىلەن ئۆلپەتلەشمەيدۇ، باشقىلارمۇ ئۇ كىشى بىلەن ئۆلپەتلىشەلمەيدۇ. ھەرقانداق كىشى بەزىدە مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن سىنىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا سەبىر قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىۋېتىش ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «گۈزەل ئەخلاق ئىنسانلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىۋېتىشتۇر»[4].

---

(1) **ئەبۇ زەر** جۇندۇب ئىبنى جۇنادە ئەلغىفارىي (أبو ذَرٍّ جُنْدُبُ بنُ جُنَادَةَ الغِفَارِيُّ)، ھ. بۇرۇن ؟ – 32 / م. ؟ – 653) ــ تۆتىنچى مۇسۇلمان بولغان بەش ساھابىنىڭ بىرى. مەككىدە مۇسۇلمانلىقنى ئوچۇق ئېلان قىلغان، ھەقنى سۆزلەشتە شجائەتلىك، دۇنياغا بېرىلمەي، غورىگىل ياشاشنى تەشەببۇس قىلغان زاھىد زات. ــ ت.
(2) تىرمىزىي: («ئەسسۇنەن»، 1987 ـ ھەدىس) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(3) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 5002 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2507 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 4032 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(4) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1 ـ توم، 457 ـ بەت.

رامازان ئېيىنى مەيلى شەخسىي ياكى ئىجتىمائىي سەۋىيەدە بولسۇن، يۈرۈش - تۇرۇش، نەپس ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر پروگراممىغا ئايلاندۇرۇشىمىز تامامەن مۇمكىن.

ئۇشبۇ ئايدا لەنىتى شەيتان زەنجىرلىنىپ، روزا تۇتقۇچىلارغا خاتىرجەملىك قونىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روزىدارلارغا يېقىمدىن يېقى گۈزەل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاچۇرۇپ بولماس پۇرسەتلەر تۇغۇلىدۇ. بۇنى يىلنىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدىمۇ داۋاملاشتۇرالىشىمىز مۇمكىن، ئەلبەتتە. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن رامازاندا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنىڭ قاتارىغا گۈزەل ئەخلاقنى ھەم قوشۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر. گۈزەل ئەخلاق ئىززگۇ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئەلاسى، ھەتتا ياخشىلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. دەرۋەقە، بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە «ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ جاۋاب بەردى(1).

بىز «قۇرئان كەرىم»دىكى ياخشىلىقنى، يەنى گۈزەل ئەخلاقنى ئۇستۇن قىلغان ئىما - ئىشارەلەرنى تەپەككۇر قىلىپ باقايلى. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى شەكىل ۋە كۆرۈنۈش بىلەن چەكلەپ قويماستىن، ئىچكى دۇنيا ۋە ماھىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت توغرا تەرەپكە يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى**

---

(1) «مۇسلىم»، 2553 - ھەدىس.

**يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر﴾**(بەقەرە: 177).

ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەتكۈنىگە ئىمان ئېيتىش نەپسىلەردە داۋاملىق ياخشىلىق قىلىش، گۈزەل ئەخلاق، سىلە - رەھىمنى ئۇلاش، ۋاپادار ۋە سەبرچان بولۇش قاتارلىقلارغا ئۈندەيدىغان بىر روھنى ئېلىپ كېلىدۇ.

كۆرگىنىڭىزدەك، بۇ ئەخلاقلار تەقۋالىقنىڭ سۈپەتلىرىدۇر ۋە رامازان دەل مۇشۇ تەقۋالىق ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغان. ئى روزىدار قېرىندىشىم! تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكىگە دىققەت قىلىڭ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ئىككى خىسلەتنى ئاتا قىلدى. ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن مەن بەكرەك قورقىمەن ۋە سىلەردىن بەكرەك تەقۋادارمەن»[1] دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇ زات ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تەقۋادارى بولۇپلا قالماي، ھەقتائالانىڭ: **﴿(ئى مۇھەممەد)، سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾**(قەلەم: 4) دېگىنىدەك ئەڭ ئەخلاقلىقى ھەم ئىدى.

تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى روشەنرەك قىلىپ ئېيتقاندا، تەقۋالىق قۇل بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتۇر؛ ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق بولسا بەندىنىڭ ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشىدۇر. بەندە ئۆزى بىلەن رەببىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان بولسا تەقۋادار بولىدۇ. ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان بولسا ياخشىلىق قىلغۇچى بولىدۇ. رامازان بولسا ھەر ئىككى ئىشنى قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە: **﴿ئى مۇئمىنلەر، (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامازان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾**(بەقەرە: 183) دېيىلگەن.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5063- ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1110 - ھەدىس.

ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىرىڭلار روزا تۇتقان بولسا، سەت گەپ قىلمىسۇن، ۋارقىراپ ـ جارقىرىمىسۇن»[1]. بىر بەندىدە تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىرلىكتە تېپىلىشى شۇ بەندىنى ئاللاھقا يېقىن قىلىنغان ئەۋلىيالارنىڭ سېپىگە ئۇلاشتۇرىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ بىرىنى ياكى ھەر ئىككىسىنى يوقىتىپ قويۇش كىشىنى جىنايەتچىلەرنىڭ يولىغا باشلايدۇ. گۈزەل ئەخلاق ياخشىلار بىلەن فاجىرلارنىڭ يولىنى ئايرىيدىغان بىر پاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا گۈزەل ئەخلاقنى ھەمدە گۈزەل ئەخلاققا چاقىرىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىدىن ئىلگىرى بۇ ئەخلاقلارنى چاك ـ توزاڭ ۋە قاراڭغۇلۇقلار بېسىۋالغان بولۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە موھتاج ئىدى. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى گۈزەل ۋە كامىل ھالىتىگە قايتۇرۇپ ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

رامازان ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ بىر ئايدۇركى، خۇددى ئۇشبۇ ئايدا چۈشۈرۈلگەن، چۈشۈرگۈچىسى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا: ﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ «قۇرئان»دۇر**﴾(ۋاقىئە: 77) دەپ سۈپەتلىگەن «قۇرئان كەرىم» ئۇلۇغدۇر؛ ئېنىقمۇ مۇھىمى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇزىنى: ﴿**ئى ئىنسان سېنى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟**﴾(ئىنفىتار: 6) دەپ سۈپەتلىگىنىدەك ئۇلۇغدۇر؛ ھەم بۇ «قۇرئان»نى ئېلىپ چۈشكەن پەرىشتە ــ جىبرىل ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دە ﴿**«قۇرئان» ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىززەتلىك بىر ئەلچىسى (ئارقىلىق نازىل) قىلىنغان سۆزىدۇر. ئۇ ئەلچى كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر**﴾(تەكۋىر: 19 – 20) دەپ سۈپەتلەنگەندەك ئۇلۇغدۇر؛ شۇنداقلا بۇ «قۇرئان كەرىم» چۈشۈرۈلگەن زاتمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر، ئۇنداق ئىكەن «قۇرئان كەرىم»نى ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىلىرىگە ئۈندىگۈچى دەپ قارىساق، قىلچە مۇبالىغە بولمايدۇ.

---

(1) «بۇخارىي»، 1904 ـ ھەدىس.
(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 8729 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندە، ئەڭ ئەۋۋەل ئۆزى «قۇرئان كەرىم» ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقلىرىدىن تويۇنۇش ئارقىلىق ئۇ ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلەندى ۋە «قۇرئان»نىڭ ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن ئۆزاق قىلىندى. دەرھەقىقەت، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەخلاقلىرى ھەققىدە سورالغاندا: «ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى ‹قۇرئان› ئىدى»[1] دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى.

پەيغەمبەرلەر، تەقۋادارلار ۋە سالىھلەرگە تارقالغان پۈتۈن گۈزەل ئەخلاقلار بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى ۋە تۈگەنچىسى بولمىش پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەخسىيىتىدە توپلانغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەخلاقىدا تارقالغان گۈزەل خۇلقلارنى توپلاپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاقلانغان «قۇرئان كەرىم»، چۈشكەن ۋاقتىدىكىدىن تا بۈگۈنگىچە قىلچە كونىراپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلانغان پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى زېھنىلەردە جانلىق ۋە روھلۇق ھالەتتە ياشىماقتا.

ئى روزىدار قېرىنداشىم! پەخىرلىنىڭ! سېخىيلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپىدا تۇرۇپسىز، ئۇشبۇ مۇبارەك ئايدا گۈزەل ئەخلاقتىن مول نىسۋىگە ئېرىشىپ ئىمانىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە رەببىڭىزنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرەلىشىڭىز ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى بۈيۈك غايىنىڭ ئالدىغا قويۇشىڭىز ۋاجىپتۇر. شۈبھىسىزكى، «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىدىن كامىلراقلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى بولغانلىرىدۇر»[2] ۋە ھەققەتەن ھەم «بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكرەكلىرى ئەخلاقى گۈزەل بولغانلىرىدۇر»[3].

روزىڭىزنى گۈزەل ئەخلاق ۋە تەقۋالىق بىلەن زىننەتلىيەلىسىڭىز رەببىڭىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيسىز ۋە جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنىسى

(1) «مۇسلىم»، 1233 ـ ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 24774 ـ ھەدىس.
(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 23684 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2612 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.
(3) تىرمىزىي: («تىرمىزىي»، 1082ـ ھەدىس) «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

بولالايسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكرەكلىرىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى ئورۇن جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر. ماڭا ئەڭ نەپرەتلىك بولغىنىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى ئورۇن جەھەتتە مەندىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغىنىڭلار ۋالاقتەككۈرلەر، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغانلار ۋە كىبىرلىكلىرىڭلاردۇر»(1).

**ئى ئاللاھ! بىزنى ئەمەللەرنىڭ ۋە ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىگە يېتەكلەپ قويغىن! سەندىن ئۆزگە ھېچكىم ئەڭ ياخشىسىغا ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئى ئاللاھ! بىزنى يامان ئەخلاق ۋە يامان ئەمەللەردىن ئۇزاق قىلغىن. سەندىن باشقا ھېچكىم يامانلىقلاردىن ئۇزاقلاشتۇرالمايدۇ... ئامىن!**

(1) تىرمىزىي: («تىرمىزىي»، 2018 ـ ھەدىس) «ھەسەن، غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

9

# رامازاندىكى زىكرلىرىڭىز

بەندىنىڭ قەلبىدىكى ئىمان گاھ كۆچىيىدۇ، گاھ زەئىپلىشىدۇ. ئىماننىڭ كۆچىيىشى ئىتائەت بىلەن بولسا، زەئىپلىشىشى گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن بولىدۇ.

ئىتائەت ئەمەللىرىنىڭ ئىچىدە، ئاللاھنىڭ زىكرىدىنمۇ ئەۋزەلرەك بىر ئەمەل بولمىسا كېرەك. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قىممەتلىك بولغىنىنى، دەرىجەڭلارنى ئەڭ ئۈستۈن قىلىدىغىنىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈش سەدىقە قىلىشىڭلاردىن ۋە دۈشمىنىڭلارغا ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىنمۇ ياخشىراق ئىشتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ــ دېگەندە، ساھابەلەر:

ــ بولىدۇ، يا رەسۇلۇللاھ! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنى ئەسلەشتۇر، ــ دېدى[1].

ئاللاھنى ئەسلەش ئىماننى يېڭىلايدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ. قەلبلەرنى تازىلاپ، دات بېسىپ كېتىشتىن ياكى گۇناھتىن قارىداپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى پاك ھالىتىگە قايتۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئەھلىنى رەببىنى زىكىر قىلىشقىلا بۇيرۇماستىن، بەلكى كۆپلەپ زىكىر قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿**ئى مۆئمىنلەر، ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار، (چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ)**﴾(ئەھزاب: 41 ـ 42) دېگەن ۋە ﴿**مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**﴾(جۇمۇئە: 10) دېگەن.

---

(1) «ترمزيي»، 3377 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3790 ـ ھەدىس. ئالبانيي: «سەھىھ» دېگەن.

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى كۆپ ئەسلىگەن كىشىنى: ﴿**ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ**﴾(ئال ئىمران: 191) دەپ ماختايدۇ.

ئاللاھ تائالا زىكىر ئېيتقۇچىلارغا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن بىرگە بۈيۈك ئەجىر بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى**﴾(ئەھزاب: 35).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ زىكىر قىلغۇچىلارنى «ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەر» دەپ خەۋەر بېرىپ: «مۇفەررىدلەر ئىلگىرلەپ/ئۇزۇپ كەتتى» دېگەنىدى. شۇندا ساھابە كىراملار:

ــ مۇفەررىدلەر كىملەر؟ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ــ دەپ سوراشتى. ئاللاھ رەسۇلى ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاياللار، ــ دەپ جاۋاب بەردى[1].

مۇفەررىدلەر دېگەن سۆز «مُفَرِّد» سۆزلۈكىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاتقان تەقدىردىمۇ، قەلبى ۋە تىلى بىلەن ئاللاھنى ئەسلەپ ئاللاھ بىلەن خالىي بولغۇچى» دېگەن مەنىدىدۇر.

شۇل بائىس زىكىر پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ روھىدۇر ۋە ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىشقاتقان (ھەممە) ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾(ئەنكەبۇت: 45).

(1) «مۇسلىم»، 2676 ـ ھەدىس.

ساجىيە

ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنى زىكىر قىلىش ھەرقانداق ئىشتىن ئۇلۇغدۇر. چۈنكى، زىكىر كۆپىنچە ئىتائەت ئەمەللىرىدىكى ئاساسلىق مەقسەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، سىرى ۋە روھى سانىلىدۇ».

زىكىر ئىتائەت ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. كەلىمەتۇ تەۋھىد — «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بىر زىكىردۇر. ھەتتا زىكىرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

ناماز زىكىر بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى: ﴿**مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**﴾(تاھا: 14).

ھەج زىكىر بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى: ﴿**سىلەر ھەججگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئاتا - بوۋاڭلارنى پەخىرلىنىپ ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار**﴾(بەقەرە: 200).

جىھاد زىكىر بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى: ﴿**ئى مۇئمىنلەر، (مۇشرىكلەردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**﴾(ئەنفال: 45).

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا دىنىنى قوغدىغۇچى ئالىملارنىڭ ئالامىتىنى زىكىر قىلغۇچىلار دەپ بېكىتتى. بەلكى ئۇلارنى زىكىر ئەھلى دەپ ئاتىدى: ﴿**ئەگەر بۇنى بىلمىسەڭلار، زىكىر ئەھلىدىن (ئەھلى ئىلمدىن) سوراڭلار**﴾(ئەنبىيا: 7).

ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە قېلىش مەھرۇم قېلىش ۋە زىيان تارتىشنىڭ ئالامىتىدىندۇر: ﴿**سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنۇتتۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر**﴾(ھەشر: 19).

بىر ئىنسان تىلىدا ھەم دىلىدا ئاللاھنىڭ زىكرىنى دائىم قىلماي تۇرۇپ غەپلەتتىن، مەھرۇم قېلىشتىن، نادانلىقتىن، كەمچىلىكتىن ۋە زىيان تارتقۇچىلىقتىن

قۇتۇلالمايدۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقانكى: «ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشتا ئاللاھنىڭ زىكرىدىنمۇ ئۈنۈملۈكرەك بىر قۇتۇلۇش يولى يوقتۇر»[2]. نەپسىمىزنىڭ زىكرنى كۆپ قىلىشقا ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن تىلىمىزنى ھەر زامان زىكىر قىلىشقا كۆندۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇشىمىز زۆرۈردۇر. شۇندىلا ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلغىلى ۋە ئىمانىنى زىيادە قىلغىلى بولىدۇ.

بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ زاتقا:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى ماڭا جىق كۆرۈنۈپ كەتتى، چىڭ ئېسىلىپ مېڭىشىم ئۈچۈن، ماڭا بىرلا ئىشنى تەۋسىيە قىلسىلا، — دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:

— تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن نەمدەلسۇن، — دېدى[3].

دىللارنىڭ ياشنىشى، ۋاقىتلارنىڭ بېزىلىشى ئۈچۈن كۈندىلىك زىكرنى داۋاملاشتۇرۇشتىنمۇ كۆپرەك تىل نەمدىلىنىدىغان باشقا بىرنەرسە بولمىسا كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دىن كۈندىلىك، ھەپتىلىك ياكى ئايلىق ئوقۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى داۋاملاشتۇرۇش قەلبنى ئىلاھىي ۋەھىيدە نۇرلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىشتۇر. كېچە ۋە كۈندۈزلۈك بەلگىلەنگەن زىكىرلەر مۆئمىن ئۈچۈن غەپلەتنىڭ پەردىلىرىنى يىرتىپ، ئالدىراشچىلىقنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلايدىغان ياخشى قورالدۇر.

ئىنسان كۆپىنچە، ۋاقتىنى قەدىرلىمىگەنلىكتىن ياكى پىلاندا يوق ئىشلار سەۋەبىدىن كۈندىلىك زىكىرلەرنى تاشلاپ قويىدۇ ياكى بەزىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

---

(1) ئەبۇ ئابدۇرراھمان **مۇئاز ئىبنى جەبەل** ئىبنى ئەمر ئەلئەنسارىي ئەلخەزرەجىي (مُعَاذُ بنُ جَبَلِ بنِ عَمْرٍو الأَنْصَارِيُّ، ھ. بۇرۇن 18 – ھ. 18 / م. 604 – 639) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ — 18 يېشىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىككىنچى «ئەقەبە بەيئىتى»گە، «بەدر غازىتى»غا ۋە ئۇندىن كېيىنكى بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. ساھابىلەر ئىچىدىكى ھالال - ھارام ئەھكاملىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان فەقىھ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن يەمەنگە ئەۋەتىلگەن. — ت.

(2) «تىرمىزىي»، 3377 - ھەدىس.

(3) «تىرمىزىي»، 3375 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3793 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئىماننى يېڭىلاپ تۇرغۇچى ياخشىلىقنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن بۇلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك زىكرلىرىنى پەيغەمبەرلىك يۈكلىرى، ئۇممەتنىڭ سىياسىي ئېغىرچىلىقلىرى ۋە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتىكى جەبىر - مۇشەققەتلەر ئىچىدىمۇ ھېچ ئۈزۈپ قويماستىن قانداق داۋام قىلغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

﴿ئەتىگەن ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن. كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت﴾(ئىنسان: 25 – 26).

مۇبارەك رامازان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى ۋە كېچىلىرىدە دۇنيا ئىشلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ پۈتۈن ۋاقتلىرىمىزنى ئىگىلەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كۈندىلىك پروگراممىلىرىمىزنى تەرتىپكە سېلىشقا ناھايىتى ياخشى پۇرسەتلەر باردۇر. كۈندىلىك پروگراممىلىرىمىزنى رامازاننىڭ بېشىدىن تارتىپ تەرتىپلىك ئىلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن زىكىرگە باشقا ئىشقا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان، باشقا ئىشمۇ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق ئورۇن ھازىرلىيالىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: بامداتتىن ئىلگىرى ئىستىغپار، بامداتتىن كېيىن تەسبىھ ئېيتىپ، كۈن چىققانغا قەدەر ئەتىگەنلىك زىكرلەر ئۈچۈن ئولتۇرالىشىڭىز مۇمكىن. كۈن چىقىپ، قۇربىڭىزنىڭ يېتىشىچە چاشگاھ نامىزى[1] ئوقۇغىنىڭىزدىن كېيىن، كۈندىلىك خىزمەتلىرىڭىزنى روھلۇق ھالەتتە داۋام قىلىشىڭىز ئۈچۈن ئازراق ئۇخلىۋېلىشىڭىزغا پۇرسەت بولىدۇ. كۈندىلىك خىزمەتلىرىڭىزدىن كېيىن، كۈن پېتىشتىن ۋە ئىپتاردىن ئىلگىرى ئاخشاملىق زىكرلەر ئۈچۈن پۇرسەت تاپالىشىڭىز مۇمكىن. دېمەككى، رامازان روزا، كېچىلىك ناماز، سېخىيلىق ۋە باشقا خىلمۇخىل ئىبادەتلەرنىڭ مەۋسۇمى بولغىنىدەك زىكرنىڭمۇ ھەم مەۋسۇمىدۇر.

(1) **چاشگاھ نامىزى (صَلاَةُ الضُّحَى)**: قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ تىكلەشكەنگە قەدەر ئوقۇلىدىغان كۈندۈزگە تەۋە نەپلە نامازدۇر. ئىككى رەكئەتتىن سەككىز رەكئەتكىچە ئوقۇلىدۇ. پەزىلىتى كاتتا بولغان بۇ نامازنىڭ ھۆكمى مۇستەھەپ ۋە سۈننەت بولۇپ، «سالاتۇل ئەۋۋابىين (ئىتائەتمەنلەر نامىزى)»، «سالاتۇل ئىشراق (كۈن يورۇش نامىزى)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ـــ ت.

رامازان ئېيىدىكى كۈندۈزلۈك ۋە كېچىلىك زىكىرلەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇ ساپلىق، ئېغىر - بېسىقلىق ۋە خۇشۇئىدىن ئىبارەت باشقا ۋاقىتلاردا تاپقىلى بولمايدىغان مەنىۋىي روھلارنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر رامازاندىكى زىكىرلەرنىڭ پەزىلەت ۋە ئەجرىدە باشقا ۋاقىتتىكى زىكىرلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزكۇر ئارتۇقچىلىقى يۇقىرىقىلارغا قوشۇلغىنىدا قانداق بولۇپ كېتەر - ھە؟!

ئىبراھىم نەخەئىي[1] مۇنداق دەيدۇ: «رامازاندىكى بىر كۈنلۈك روزا باشقا ۋاقىتتىكى مىڭ كۈنلۈك روزىدىن ئەۋزەلدۇر؛ رامازاندىكى بىر تەسبىھ باشقا ۋاقىتتىكى مىڭ تەسبىھتىن ئەۋزەلدۇر؛ رامازاندىكى بىر رەكئەت ناماز باشقا ۋاقىتتىكى مىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر»[2].

ئاللاھنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئەسلەيدىغان كىشى ئىماننى يېڭىلاپ تۇرغاندەك، مۇناپىقلىقتىن ئادا - جۇدالىقىنىمۇ يېڭىلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئەڭ ئاز ئەسلەيدىغان كىشىلەردۇر: ﴿**ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ**﴾(نىسا: 142). مۇئمىنلەر زىكىر ئېيتىش ۋە شۈكۈر قىلىش بىلەن مۇناپىقلاردىن پەرقلىق بولۇشقا بۇيرۇلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھنىڭ زىكرىنى كۆپ قىلسا، مۇناپىقلىقتىن ئادا - جۇدا بولغان بولىدۇ»[3].

ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان رەھمەتلىرىدىن بىرى شۈكى، بەندىلەرنىڭ ئۆزىنى ياد ئېتىپ زىكىر قىلىش - قىلماسلىقتا ئارىسالدى بولماسلىقى ۋە غەپلەتتە قالغىنىدا شەيتانغا ئەل بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىر بۆلۈك زىكىرلەرنى پەرز قىلدى. مەسىلەن، ناماز: ﴿**شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى**﴾(نىسا: 103)، ﴿**مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**﴾(تاھا: 14).

---

(1) ئەبۇ ئىمران **ئىبراھىم** ئىبنى يەزىد **ئەننەخەئىي** ئەلكۇفىي (إِبْرَاهِيْمُ بنُ يَزِيْدَ بنِ قَيْسٍ النَّخعِيّ الكُوْفِيُّ، ھ. 39 ياكى 47 – 96 / م. 659 ياكى 667 – 715) ــ تابىئىن. قىرائەت ئالىمى ۋە كاتتا فەقىھ. ــ ت.

(2) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 15 - بەت.

(3) بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 571 - ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزدىن باشقا نامازلارغىمۇ بۇيرۇپ تەكىتلىگەن سۈننەت قىلدى. بۇ نامازلار پەرز قىلىنغان زىكىرلەردە (نامازلاردا) يۈز بېرىپ قالىدىغان كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدىغان نەفلە ئىبادەتلەردۇر.

بۇ نەفلە نامازلار غەپلەتنىڭ ئۇزۇن سوزۇلمىسلىقى ئۈچۈن، پەرز نامازلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوقۇلىدىغان قىلىندى. بۇ نامازلارنى بەدەن ئەزالىرى قەلب بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا كېچە بىلەن كۈندۈزدە ھەممە ۋاقىتلاردا زىكىرلەر يولغا قويۇلدى، بۇلاردىن پەرز نامازدىن كېيىنكىلىرى تېخىمۇ تەكىتلەندى.

نامازخان ئۈچۈن ھەر پەرز نامازدىن كېيىن 33 قېتىم تەسبىھ، 33 قېتىم ھەمد، 33 قېتىم تەكبىر ئېيتىش ئاندىن زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بىلەن 100 قېتىم تەسبىھ ئېيتىش يولغا قويۇلدى.

بامدات بىلەن ئەسىردەك پەرز نامازلاردىن كېيىن نەفلە ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدىغان ۋاقىتلاردا زىكىرنى تىلدا كۆپ قىلىش يولغا قويۇلدى. ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ئايەتلەردە بۇ ھەقتە توختالغان: ﴿**ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار**﴾(ئەھزاب: 42)؛ ﴿**ئەتىگەن - ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن**﴾(ئىنسان: 25)؛ ﴿**گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى ۋە ئەتىگىنى پەرۋەردىگارىڭغا ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن**﴾(غافىر: 55) ۋە ﴿**كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن) ۋە ھەمد ئېيتقىن**﴾(تاھا: 130).

شۇڭلاشقا بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ، يەنى بامدات بىلەن ئەسىرنىڭ ۋە ئۇ ئىككىسىدىن كېيىنكى ۋاقىتلارنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن. بامدات مالائىكىلەر ھازىر بولىدىغان نامازدۇر: ﴿**(كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ**﴾(ئىسرا: 78). كۈچلۈك كۆزقاراشتا ئاللاھ تىلغا ئالغان ئوتتۇرا ناماز ئەسىر نامىزىدۇر: ﴿**(بەش) نامازنى بولۇپمۇ ئوتتۇرا نامازنى (يەنى ناماز دىگەرنى) داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى**

**بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار﴾**(بەقەرە: 238).

مەزكۇر ئىككى نامازغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سالقىن ۋاقىتتىكى ناماز» دەپمۇ نام بەرگەن: «كىمكى ئىككى سالقىن ۋاقىتتىكى ناماز (بامدات بىلەن ئەسىر) نى ئوقۇسا جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

بۇ ئىككى ناماز نامازلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئۇ ئىككىسىدىن كېيىنكى ۋاقىت «قۇرئان» ئوقۇش، ئۆگىنىش - ئۆگىتىش ۋە پايدىلىق ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئوخشاش ھەرقانداق بىر زىكىر ئۈچۈن ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىسىدۇر. لېكىن، (33 قېتىمدىن) تەسبىھ، ھەمد ۋە تەكبىر ئېيتىش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئىستىغپار ئېيتىش ۋە كېچە - كۈندۈزنىڭ زىكىرلىرى ئۈچۈن بۇ ئىككى نامازدىن كېيىن يەنى كۈن چىقىشتىن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەڭ ياخشى ۋاقىتتۇر.

غەپلەتتە يېتىۋەرمەڭ! ئى روزىدار قېرىنداشىم! رامازان ئېيىدىكى بۇ پەزىلەتلىك ۋاقىتلارنى غەنىيمەت بىلىڭ. بۇ ۋاقىتلاردا كېلىدىغان ئۇيقۇنىڭ شېرىن لەززىتى ياكى سوھۇر ۋە ئىفتار ھازىرلىقلىرىغا ئوخشاش ئىشلار بىزنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە قويماسلىقى ئۈچۈن، ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.

ئى قېرىندىشىم! كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ زىكىرلىرى ۋە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىبادەتلىرىڭىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تاپىسىز، شۇ زىكىرلەرنى تاشلاپ قويماي داۋاملاشتۇرۇڭ! تىلىڭىزنى زىكىرلەرگە كۆندۈرۈڭ ۋە زىكىرلەر ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىڭ! تىلەيمىزكى، ئاللاھ تائالا سىزنى ۋە بىزنى رەببىنى كۆپ زىكىر قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىغا يازغاي.

ـــ قانداق قىلغاندا بىر كىشى كۆپ زىكىر قىلغۇچىلاردىن بولالايدۇ؟ ـــ دەپ سورالغاندا، ئىمام ئەمر ئىبنى سالاھ[2] مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەنىكەن:

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 574 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 635 ـ ھەدىس.

(2) تەقىييۇددىن ئەبۇ **ئەمر ئىبنى سالاھ**، ئوسمان ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئوسمان ئەششەھرەزۇرىي (عُثْمَان بنُ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بنِ عُثْمَانَ، أَبُو عَمْرٍو بنِ الصَلَاحِ الشَّهْرَزُورِيُّ، ھ. 557 – 643 / م. 1161 – 1245) ـــ مۇھەددىس ۋە شافىئىي فەقىھ، ئەسەرلىرى: «مۇقەددىمەتۇ ئىبنى سالاھ»، « پەتۋالار»، «تاباقاتۇلفۇقاھائ» ۋە باشقىلار. ـــ ت.

ـــ كىشى سەھەر ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئەتىگەن ۋە ئاخشامنىڭ زىكىرلىرىنى ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردا بايان قىلىنغان خىلمۇخىل ۋاقىت ۋە شارائىتلاردا قىلىشقا تېگىشلىك زىكىرلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋام قىلغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچىلاردىن بولالايدۇ[1].

**ئى ئاللاھ! سېنى زىكىر قىلىشىمىزغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمىزغا ۋە ساڭا گۈزەل ئىبادەت قىلىشىمىزغا ياردەم بەرگىن، بىزنى غاپىللاردىن قىلمىغىن!... ئامىن!**

---

(1) ئىبنى سالاھ: «فەتاۋا ۋە مەسائىلۇ ئىبنى سالاھ»، 1 ـ توم، 150 ـ بەت.


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

# 10

## رامازاندىكى تىلاۋەتىڭىز

رامازان ئېيى «قۇرئان كەرىم» بىلەن قوشكېزەكتۇر. چۈنكى، ئۇ ئۇلۇغ كىتاب دەل مۇشۇ ئايدا نازىل قىلىنغان: ﴿**رامازان ئېيىدا «قۇرئان» نازىل قىلىنغاندۇر**﴾(بەقەرە: 185).

رامازاننىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلىنىشى روزىنىڭ «قۇرئان»دا پەرز قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. روزا «قۇرئان كەرىم»دىن يېيىلغان ئىلاھىي نۇرلارنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدىغان ئىنسانىي ئالاقىلەرنى يوقاتقۇچى ئەڭ كۈچلۈك ۋاسىتىدۇر. شۇڭلاشقا، روزا تۇتۇش بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى زىچتۇر.

رامازان «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۈزۈلى بىلەن ئۇلۇغلانغان بىر ئاي بولغاچ، روزا تۇتۇشقا خاس قىلىنىشى ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە نازىل قىلغان ھىدايەتكە ئۇچرىشىشى ئۈچۈن، ئەڭ مۇناسىپ ھالىتى روزىدار ھالىتىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» رامازاننىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ ﴿**رامازان سىلەرگە پەرز قىلىندى**﴾(بەقەرە: 183) دېگەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ رامازاندا نازىل بولغانلىقىنى ئەسكەرتتى: ﴿**رامازان ئېيىدا «قۇرئان» نازىل بولۇشقا باشلىدى**﴾(بەقەرە: 185). بۇنداق كېلىشى رامازان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ مەخسۇس «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن ئىكەنلىكىدىندۇر. مۇبارەك ئايەتلەر سىزگە شۇنى ھېس قىلدۇرىدۇكى، روزا تۇتۇشقا بۇيرۇشنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسەتلىرىدىن بىرى پىكىر يولىمىزنى «قۇرئان»نى ياخشى چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە ساپلاشتۇرۇشتۇر.

بۇنىڭدىن رامازان ئېيىنىڭ ۋە روزا تۇتۇشنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئاينىڭ «قۇرئان ئېيى» دەپ ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر.

بىزدىن ئىلگىرىكىلەر، سەلەف ـ سالىھلەر بۇ مەنىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن. رامازان ئېيىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسىنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە كۆڭۈل بۆلۈش، «قۇرئان كەرىم» بىلەن كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن زېھنىلەرنى بوشىتىش مەقسىتىدە روزا تۇتۇش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى.

ئىمام زۇھرىي[1]دىن رامازاندىكى ئەمەللەر ھەققىدە سورالغىنىدا: «‹قۇرئان› تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاچلارغا تاماق بېرىشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

مەشھۇر مۇھەددىس ئابدۇررازاق[2] نەقىل قىلىدۇ: «ئىمام سۇفيان ئەسسەۋرىي رامازان ئېيى كىرگەندە، ۋاجىپ ئىبادەتلەردىن باشقا پۈتۈن ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىپ، ‹قۇرئان› تىلاۋەت قىلىشقا يۈزلىنەتتى».

ئىبنى ئابدۇلھەكەم[3] رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام مالىك[4] رامازان ئېيى كىرگەندە، ئىلىم سورۇنلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ، ‹قۇرئان› تىلاۋىتىگە يۈزلىنەتتى»[1].

---

(1) **ئىمام** ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب **ئەززۇھرىي** (مُحَمَّد بن مُسلم بْن عبيد الله بن عَبْد الله بن شِهَاب الزُّهْرِيُّ، ھ. 51 – 124 / م. 671 – 742) ـــ تابىئىن، «ئۇمەۋىيلەر» خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەمرى بىلەن ھەدىسلەرنى رەسمىي توپلىغان ئالىم ۋە فەقىھ. «ئىبنى شىھاب» دەپمۇ تونۇلغان كاتتا زات. ـــ ت.

(2) ئەبۇبەكرى **ئابدۇرراززاق** ئىبنى ھەممام ئىبنى نافىئ ئەسسەنئانىي ئەلھىمىيەرىي (عَبْدُ الرَّزَّاقِ بنُ هَمَّامِ بنِ نَافِعٍ الحِمْيَرِيُّ، ھ. 126 – 211 / م. 744 – 827) ـــ يەمەنلىك ئازادگەردە. مەشھۇر مۇھەددىس، تەفسىرشۇناس. «تەفسىرۇ ئابدۇررازاق»نىڭ ۋە 11 توملۇق «مۇسەننەفۇ ئابدۇررازاق» ناملىق ھەدىس ۋە سەلەف ـ سالىھلەرنىڭ سۆزلىرى توپلانغان چوڭ ھەجىملىك كىتابنىڭ مۇئەللىفى. ـــ ت.

(3) ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ **ئىبنى ئابدۇلھەكەم** ئىبنى ئەئيەن ئىبنى لەيس ئەلئۇمەۋىي (عبدُ اللهِ بنُ عبدِ الحكمِ بنِ أَعْيَنَ بنِ اللَّيثِ الأُمويُّ، ھ. 159 – 214 / م. 767 – 829) ـــ مىسىرلىق فەقىھ، ئىمام مالىكنىڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى. مىسىرلىق مالىكىيلارنىڭ پېشۋاسى، مالىكىي مەزھەب فىقھىدا «ئەلقازائۇ فىلبۇنيان» ۋە «ئەلمەناسىك» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ـــ ت.

(4) **ئىمام** ئەبۇ ئابدۇللاھ **مالىك** ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلئەسبەھىي ئەلمەدەنىي (الإمَامُ مَالك بن أنس بن مَالك الأصبحي الْمَدَنِيّ) (ھ. 93 – 179 / م. 712 – 795) ـــ مەدىنىدە ياشاپ ئۆتكەن=

خاھ رامازان خاھ باشقا ۋاقىتلاردىكى «قۇرئان» تىلاۋىتى ھەققىدە گەپ قىلغان ۋاقتىمىزدا، «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسەتنىڭ ئاللاھنىڭ كالامىنى چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام ئىبنۇلقەييىم «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ تىلاۋەت قىلىشنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئون سەۋەبنىڭ بىرىنچىسى قىلدى: «‹قۇرئان كەرىم›نى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش، مەنا ـ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش، خۇددى بىر قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆزىدىن نېمىنى كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن كۆرسەتمە قوللانمىسىنى يادلىۋېلىشى، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشى ۋە شەرھلىشىگە ئوخشاشتۇر»[2].

ھەسەن ئىبنى ئەلى[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ‹قۇرئان كەرىم›نى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن بىر مەكتۇپ دەپ قاراپ، كېچىلىرى تەپەككۇر بىلەن ئوقۇپ، كۈندۈزلىرى ھاياتقا تەدبىقلايتتى»[4] دېگەن.

ئىمام ئىبنۇل جەۋزىي: «‹قۇرئان كەرىم›نى تىلاۋەت قىلغان كىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز سۆزلىرىنىڭ مەنالىرىنى زېھنىلەرگە ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن (‹قۇرئان›نى نەقەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن ياراتقانلىقىغا قارىسۇنكى، ئوقۇۋاتقان كىتابنىڭ ئىنساننىڭ

---

=بۈيۈك مۇھەددىس، تەبەئى تابىئىن. مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «مالىكىي مەزھىبى»نىڭ ئىمامى. «ئەلمۇۋەتتا» ئاتلىق مەشھۇر ھەدىس كىتابى باردۇر. ـــ ت.

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 42 ـ بەت.

(2) ئىبنۇلقەييىم: «مەدارىجۇسسالىكىن»، 3 ـ توم، 7 ـ بەت.

(3) ھەزرىتى **ئەلھەسەن ئىبنى ئەلى** ئىبنى ئەبى تالىب ئەلھاشىمىي ئەلقۇرەشىي (الحَسَنُ بنُ عَلِيّ بنِ أَبِي طَالِبِ بنِ عَبْدِ المطَّلِبِ، ھ. 3 – ھ. 50 / م. 625 – 670) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ـــ ھەزرىتى فاتىمە بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئوغلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى، خەلىپىلەرنىڭ بەشىنچىسى، «ئەھلى جەننەت يىگىتلىرىنىڭ خوجىسى». ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن سۇلھى تۈزۈپ قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان زات. ـــ ت.

(4) ئىمام نەۋەۋىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 61 ـ بەت.

سۆزى ئەمەسلىكىنى بىلسۇن، قەلبىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ كالامىنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇسۇن»[1] دەيدۇ.

بارلىق مىننەت ـ تەشەككۇرلەر ئاللاھقا خاستۇر، چۈنكى ئۇ بىزدەك ئاجىز مەخلۇقلىرىغا ئۇ زاتقا مۇناجات قىلىش، كىتابى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە مەنىلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە رۇخسەت قىلغان.

ئىبنى سالاھ ئېيتىدۇ: «‹قۇرئان كەرىم›نى ئوقۇش ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئەزىز قىلىپ بەرگەن بىر ئىمتىيازدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مالائىكىلەرگە بۇ نېسىپ قىلىنمىغان ۋە ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلاردىن ئاڭلاشقا ھېرىسمەندۇرلەر»[2].

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تۆرلۈك نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچىدۇر. رەببىمىزگە مۇناجات ئەيلەش ۋە كىتابىنى تەپەككۇر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۇلۇغ ماقاملارنى بېرىشى شۇ جۈملىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە ئاللاھ ئەجرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر**﴾(فاتىر: 29 – 30).

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ ئەھلى ۋە خاس كىشىلىرى قىلدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە يېقىن كىشىلىرى بار! ــ دېدى.

---

(1) ئەلمەقدىسىي: «مۇختەسەر مىنھاجۇل قاسىدىن»، 28 ـ بەت.
(2) سۇيۇتىي: «ئەلئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان»، 1 ـ توم، 191 ـ بەت.

ـــ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇلار كىملەر؟ ـــ دەپ سوراشقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن ۋە خاس كىشىلىرى قۇرئان ئەھلىدۇر، ـــ دېدى».[1]

ئى روزىدار قېرىنداشلىرىم! رامازاندا «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىش ۋە ئۆگىنىش سىزنىڭ «قۇرئان» بىلەن بولغان ئالاقىڭىزنى توغرىلاشنىڭ باشلىنىشى بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، «قۇرئان» ئەھلىدىن، يەنى ئاللاھنىڭ ئەھلى ۋە خاس كىشىلىرىدىن بولالايسىز. شۇندىلا «قۇرئان كەرىم»نى تەرك ئېتىپ: ﴿**ئى پەرۋەردىگارىم، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ «قۇرئان»نى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى**﴾(فۇرقان: 30) دېگەن ئايەتتىكى ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىكايىتىگە ئۇچرىغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالايسىز.

«قۇرئان كەرىم»نى تەرك ئەتكەن كىشىلەردىن ئەمەس، بەلكى زىكىر ئەھلىدىن بولۇشىڭىز ئۈچۈن، رامازاندا «قۇرئان كەرىم»دىن كۈندىلىك بىرەر پارە ئەتراپىدا ئوقۇشتەك ۋەزىپىلەرنى بەلگىلىۋېلىڭ ۋە بۇ شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇڭ. «قۇرئان كەرىم»نى كۈندە ئوقۇش ئۈچۈن ۋەزىپە بەلگىلىۋېلىش زامانىمىزدا تەرك ئېتىلگەن بولسىمۇ سۈننەت ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ سۈننەت قارا بودۇن تەرىپىدىنلا ئەمەس، دەۋەتچىلەر ۋە دىنىي زاتلار تەرىپىدىنمۇ تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. سەلەف - سالىھلەر «قۇرئان كەرىم»دىن ھەر كۈنى مۇئەييەن مىقدار ئوقۇشنى مۇقىمداپ، شۇ بويىچە داۋام قىلاتتى. ئوقۇيدىغان كۈندىلىك «قۇرئان كەرىم» مىقدارىنى ھىزب[2] ياكى ۋىرد (ۋەزىپە) ۋە ياكى پارە (جۇز) دەپ ئاتايتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى يا ئايدا بىر قېتىم ياكى ھەپتىدە بىر قېتىم ۋە ياكى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تامام قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر. مەسىلەن، پەيغەمبەر

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 12264 - ھەدىس؛ نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، 8031 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 215 - ھەدىس. ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 215 - ھەدىس) «سەھىھ» دېگەن.

(2) «قۇرئان كەرىم» جەمئىي 60 ھىزب (حِزْبٌ) قا بۆلۈنىدۇ، يەنى، ھەربىر پارە ئىككى ھىزبقا، ھەربىر ھىزب تۆت رۇبئىغا بۆلۈنىدۇ. ـــ ت.

ئەلەيهىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىمكى كىچىلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىرقىسمىنى ئادا قىلالماي، ئۇنى ئەتىسى بامدات بىلەن پېشىننىڭ ئارىلىقىدا ئادا قىلىۋالسا، خۇددى ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغاندەك بولىدۇ»[1].

ساھابە كىراملارمۇ «قۇرئان كەرىم»نى بۆلۈپ ئوقۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئەگىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ چېدىرىدا كۈتۈۋالغانىدى، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ھەركۈنى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەدىس سۆزلەپ بېرەتتى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېچىكىپ قالدى، ئۇلار:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۈگۈن كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېگەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

— «قۇرئان كەرىم»دىن تىلاۋەت قىلىشقا تېگىشلىك يەر بار ئىدى، تامام قىلماستىن چىققۇم كەلمىدى، — دېدى.

بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئەۋس ئىبنى ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن:

— «قۇرئان كەرىم»نى قانداق بۆلۈپ ئوقۇيتتىڭلار؟ — دەپ سورىدىم. ئۇلار:

— (تۇنجى:) ئۈچ سۈرە («بەقەرە»، «ئال ئىمران»، «نىسا»)؛

(ئىككىنچى:) بەش سۈرە («مائىدە»دىن «تەۋبە»نىڭ ئاخىرىغىچە)؛

(ئۈچىنچى:) يەتتە سۈرە («يۇنۇس»تىن «نەھل»نىڭ ئاخىرىغىچە)؛

(تۆتىنچى:) توققۇز سۈرە («ئىسرا»دىن «فۇرقان»نىڭ ئاخىرىغىچە)؛

(بەشىنچى:) ئون بىر سۈرە («شۇئەرا»دىن «ياسىن»نىڭ ئاخىرىغىچە)؛

(ئالتىنچى:) ئون ئۈچ سۈرە («سافقات»تىن «ھۇجۇرات»نىڭ ئاخىرىغىچە)؛

(1) «مۇسلىم»، 747 ـ ھەدىس.

(يەتتىنچى:) قىسقا سۈرىلەر («قاف» تىن «قۇرئان»نىڭ ئاخىرىغىچە) ئىدى، ـــ دەپ جاۋاب بېرىشتى»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «قۇرئان كەرىم»نى يەتتە كۈندە تامام قىلىش ئۈچۈن بۆلەتتى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «مەن كۆرپىدە ياكى كارۋاتتا ئولتۇرغان ھالدا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يەتتىدىن بىرىنى ياكى ئوقۇش ئۈچۈن بەلگىلىۋالغان يەرلەرنى ئوقۇيمەن»[2].

رامازاندا سەلەف ـ سالىھلەر «قۇرئان» تىلاۋىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتىنىڭ ئاۋازى ھەسەل ھەرىسى غوڭۇلدىغاندەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شەھرى رامازان باشتىن ـ ئاخىر بىر پۈتۈن زامان سۈپىتىدە زىكىر ـ تىلاۋەت قىلىشقا نىسبەتەن ئۇلۇغ بىر پۇرسەتتۇر. بولۇپمۇ رامازان كېچىلىرى تېپىلغۇسىز بۈيۈك نېئمەتتۇر. كېچە قەلبلەرنى يۇمشىتىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتىدۇر. بەلكىم مۇشۇ ۋەجىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزئارا ئوقۇش ۋە تىڭشىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا رامازاننىڭ كېچىلىرىدە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇ مەزمۇندىكى ھەدىسىنى ئىمام ئىبنى رەجەب شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس رامازاننىڭ كېچىلىرىدە قۇرئان تىلاۋىتىنى كۆپ قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، كېچىدە ھەلەكچىلىكلەر توختايدۇ، ھىممەتلەر توپلىنىدۇ، تىل ۋە دىل «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشقا ئۇيغۇن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە بەندىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ**﴾(مۇززەممىل: 6).

---

(1) «ئىبنى ماجە»، 1345 ـ ھەدىس. ئىراقىي: «ھەسەن» دېگەن.

(2) ئابدۇرراززاق: «ئەلمۇسەننەف»، 1322 ـ ھەدىس؛ ئىبنى ئەبى شەيبە: «ئەلمۇسەننەف»، 8659 ـ ھەدىس. ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى»، 1 ـ توم، 186 ـ بەت.

يۇقىرىقىلار ئەۋزەل زامانلاردۇر. «قۇرئان» تىلاۋىتى ئەۋزەل بولىدىغان ماكانلارغا كەلسەك، قىرائەت ئۈچۈن ئەڭ ئەلا ماكان مەسجىدلەردۇر. بولۇپمۇ «قۇرئان»نى يادلاش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرى تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەيدۇكى: «قاچانكى، بىر جامائە ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، ‹قۇرئان كەرىم›نى تىلاۋەت قىلسا ۋە ئۆزئارا ئۆگەنسە، ئۇلارغا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك يۇزلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمەت پەرىشتىلىرى ئورىۋالىدۇ»[1].

**ئى ئاللاھ! «قۇرئان كەرىم»نى كۆڭۈللىرىمىزنىڭ باھارى، قەلبلىرىمىزنىڭ نۇرى ۋە غەم - قايغۇلىرىمىزنىڭ شىفاسى قىلىپ بەرگىن. ئۇنتۇلۇپ قالغان ئايەتلىرىمىزنى ئەسلىتىپ قويغىن. بىلمىگەنلىرىمىزنى بىلدۈرۈپ قويغىن. «قۇرئان كەرىم»نى كېچە - كۈندۈز زاتىڭ بىزدىن رازى بولىدىغان شەكىلدە تىلاۋەت قىلىشنى نېسىپ قىلغىن... ئامىن!**

(1) «مۇسلىم»، 2699 ـ ھەدىس.

ساجىيە

11

# رامازاندىكى ئۆيىڭىز

سەلەفلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى رامازاندا مېهىر - شەپقەت نۇرلىرى بىلەن يورۇپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۈزۈلمەس «قۇرئان» تىلاۋىتىدىن خۇددى غوڭۇلدىغان ھەسەل ھەرە ئۇۋىلىرىغا ئوخشاپ قالاتتى.

رامازاندىن ئىبارەت ئۇشبۇ ساناقلىق كۈنلەرنىڭ كارامەتلىرى كۆپ بولۇپ، يالغۇز بىرلا ئىنساننى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ ياخشىلىيالايدۇ. ئەگەر ھەربىرىمىز رامازان ئىچىدە ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىشقا بەل باغلىساق، ئۇنداقتا ئائىلىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى، بىز مەسئۇلىيەت ئىگىسىمىز، ھەربىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئەلبەتتە ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن سورىلىدۇ.

جىن - شەيتانلارنىڭ كاتتىباشلىرى رامازاندا باغلىنىدىغان بولسىمۇ، باغلانمىغانلىرى ئادىمىي شەيتانلارنى ياللاپ، كىشىلەرنى بۇ ئايدا ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىپاقلىشىدۇ. ھەتتا ئۇلار رامازان باشلىنىشتىن ئايلار بۇرۇنلا رامازان ئىچىنىڭ كۈندۈز ۋە تۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى قاساۋەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشىدۇ. ياخشى خىسلەتلەرنى كۆپەيتىشتە مۇسابىقىلىشىش ئورنىغا تەسىرى زېمىنىنىلا ئەمەس ھاۋا بوشلۇقىنىمۇ بۇلغاپ، جەمئىيەتنى ناچار خۇلققا تۇشقۇزۇۋېتىدىغان ھەرخىل ناچار كىنو - تىياتىر، پەسكەش كومېدىيە، تېتىقسىز مۇسابىقە... قاتارلىق ياخشىلىقتىن تولىمۇ يىراق رەزىل نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ.

ئەي مۇسۇلمان قېرىندىشىم! «قۇرئان» تىلاۋىتى ۋە روزا ئارقىلىق يۈكسىلەلمەيدىغان، ئۆزۈن ئۇقۇلغان كېچە نامىزى ۋە زىكىرلەرگە سەبر قىلالمايدىغان، كۆز، قۇلاق ۋە قەلبلەرنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆشبۇ ساناقلىق تائەت - ئىبادەت كۈنلىرىدە قەلب ساپلىقنى ئوغرىلاشنى ئاساسي نىشان قىلغان، روھىيەتنى كىرلەتكۈچى ھۇجۇملارغا قارشى تۇرۇش دەل سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىزدۇر.

ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭ: ﴿**(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ**﴾(ئىسرا: 36).

بىلىشىڭىز كېرەككى، ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ قۇلاق، كۆز ۋە قەلبلىرىمىزنىڭ ئەمەللىرىدىن سورىلىپلا قالماي، مەسئۇلىيەت دائىرىمىزدىكىلەرنىڭكىدىنمۇ، بىزگە ئامانەت قىلىنغانلارنىڭكىدىنمۇ سورىلىمىز.

ئاللاھ تائالا بىزگە ﴿**ئى مۇئمىنلەر!**﴾ ﴿**ئى ئىمان ئېيتقانلار!**﴾ دەپ نىدا قىلىپ تۇرۇپ، بىزنى ــ رامازاندا ۋە باشقا چاغلاردا ــ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمىزنى پىتنىدىن ساقلاپ، ئازابتىن ساقلاشقا چاقىرىدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ**﴾(تەھرىم: 6).

بۇ مۇبارەك ئايدا بالا - چاقىلىرى بىلەن كارى بولماي، بۇ مۇبارەك ئايدا ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز پاساتچىلىق ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا تاشلاپ قويغانلارنى كۆرمەيۋاتامسىز؟! ئەجەبا بۇ بالىلىرىغا كۆيۈنگەنلىكمۇ؟! ئۇلار ئۆزىنى ۋە ئەھلىنى جەھەننەم ئوتىدىن قانداقمۇ ساقلاپ قالار؟! رامازاندىمۇ باشقا ۋاقىتلىكىگە ئوخشاش ئىبادەتكە سەل قاراۋاتقانلار قانداقمۇ تەقۋادار ھېسابلىنىسۇن؟!

ئائىلە ئەزالىرىڭىزنىڭ روزا تۇتۇشىغا باشلامچى بولۇڭ! ئۇلارنى تەراۋىھ ئوقۇشقا يېتەكلەڭ، تەھەججۇدقا ئويغىتىڭ، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىش جەريانىدىكى ھال -

ئەھۋاللىرىغا زەن سېلىپ، ئىمان ۋە ئىتائەت بارىدىكى تەرەققىياتلىرىنى، بولۇپمۇ نامازدىكى ئىلگىرىلەشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭ: **﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾**(تاھا: 132).

ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ، ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىنىڭ دىنىنى (يەنى ئاخىرەتلىكىنى) دۇنيالىقىدىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكى، بولۇپمۇ نامازغا سەل قارىمىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، رەسۇل ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴾**(مەريەم: 54 – 55).

ئەي روزىدار قېرىنداشىم ۋە روزىدار ھەمشىرەم! رامازان ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى بەرپا قىلىدىغان مەزگىل بولغاچقا، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن ۋاقتى ھۆرمەتلىكتۇر، بىز مۇسۇلمانلار شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە رەببىمىزنىڭ بۇيرۇق - چەكلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇلدۇق: **﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾**(ھەج: 32) ۋە **﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾**(ھەج: 30).

❃ رامازانغىلا خاس شۇ پاك - پاكىز ۋاقىتلارنى بۇلغايدىغان بەتبەشىرە، ئەخلاقسىز، ناشايان رەسىملەر ۋە كىشىلەرگە «قۇرئان»نى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ھەرخىل ناخشا - مۇزىكىلارنى ئائىلىمىزگە يېقىن يولاتماسلىقىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش جۈملىسىدىندۇر. ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ: **﴿بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ﴾**(لوقمان: 6).

❁ باللىرىمىز جامائەت نامىزىغا چىقمىسا كارىمىز بولماي تاشلاپ قويماسلىقىمىزمۇ ئۆشبۇ مۇبارەك رامازان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، جامائەت نامىزىغا سەل قاراش چوڭ يوقىتىش ۋە ھالاكەتكە قەدەم ئالغانلىقتۇر. ﴿**ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ**﴾(مەريەم: 59 – 60). ھالبۇكى رامازان نامازلارنى زايە قىلىۋېتىشكە تەۋبە قىلىۋېلىش ۋە باللارنى جامائەت ۋە مەسجىد بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشىلاشقا كۆندۈرۈشتىكى ياخشى بىر پۇرسەتتۇر.

❁ پەرزەنتلەرنى نومۇسچان، ھايالىق يېتىشتۈرۈشمۇ بۇ مۇبارەك ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھتىن ھايا قىلىش ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغاچ روزىنىڭ جەۋھىرى ۋە روزىدارلارنىڭ زىننىتى ھېسابلىنىدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ ئەي خالايىق! ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىڭلار! ــــ دېگەندە، ساھابەلەر:

ــ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز ھايا قىلىمىز، ــــ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

ــــ ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىش ــ باشنى ۋە باشتىكى ئەزالارنى، قورساق ۋە قورساق ئىچىدىكى ئەزالارنىمۇ ھارامدىن ساقلاش، شۇنداقلا ئۆلۈمنى ۋە (ئۆلۈمدىن كېيىنكى) چىرىشنى ئەسلەشتۇر، كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى تاشلايدۇ، كىمكى شۇنداق قىلسا، ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلغان بولىدۇ، ــ دېدى[1].

---

(1) «تىرمىزىي»، 2458 ـ ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 3662 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

❋ رامازان ئېيىنى بۇزۇپ - چېچىشتىن يىراق، تۈرلۈك ھەۋەسلەردىن خالىي، زىكىر - تەسبىھ، دۇرۇد - نامازلارغا بېرىلگەن ھالدا ئۆتكۈزۈشمۇ رامازاننى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنداق قىلغاندىلا كېلەچەك ئەۋلادلارغا «رامازان دېگەن كېچىنى نوقۇل يەپ - ئىچىدىغان، كۈندۈزنى بىھۇدە دۇنيا ئىشلىرى بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان نادان - ئەخمەقلەرنىڭ كەيپ - ساپا، كۆڭۈل ئېچىشقا تولغان، تائەت - ئىبادەتسىز غەپلەت ئېيى ئىكەن» دېگەن خاتا ئىدىيەنىڭ سىڭىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئەي ئائىلە بالا - چاقىلىرىدىن مەسئۇل قېرىنداشىم! سىز رامازاندا 30 كۈنلۈك پروگراممىا تۈزۈڭ! ئائىلىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئەزالارغا قارىتا يېپيېڭى شەكىللىك كۇرۇس ئورۇنلاشتۇرۇڭ. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى «قۇرئان» بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ «قۇرئان» يادلىشىغا ياردەملىشىڭ، ئۆتنۈپ قالغانلىرىنى تەكرار قىلىشىپ بېرىڭ، ئۆگەنگەن ۋە چۈشەنگەنلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر»[1] دەپ تەلىم بەرگىنىدەك، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى «قۇرئان» ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشى تۇرسا، ئەلبەتتە «قۇرئان» ئۆگىنىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشى دەل سىز، ئۆگىتىشىڭىزگە ئەڭ ھەقلىقى ئەلبەتتە سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەر بولىدۇ - دە! دېمەك، رامازاندا ئائىلىنىڭ «قۇرئان» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغان ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەت بار.

رامازانلىق ئائىلە پروگراممىڭىزدا ئائىلىڭىزدىكىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايىتىنى چىڭ تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشالايسىز.

تۈنجى قەدەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ۋە روزىدىكى تۇتقان يولى بولسۇن. بۇ پروگراممىدا يەنە قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى باشقۇرۇشقا قىزىقتۇرىدىغان، مەردلىك ۋە ئەپۇچانلىققا، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا ھېرىسمەن ۋە مۇلايىم

(1) «بۇخارىي»، 5027 - ھەدىس.

بولۇشقا چاقىرىدىغان رامازان ئەخلاقلىرى بىلەن ئائىلىگىزدىكىلەرنى ئىسلام ئەخلاقىغا يېتەكلىيەلەيسىز.

بالا - چاقىلىرىڭىزنى رامازان ھۆرمىتىنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق دىنىي ئەھكاملارنى ئۇلۇغلاشقا ئادەتلەندۈرەلەيسىز. رامازاننى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ھىمايە قىلغان كىشى ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كۈنلەرنىمۇ ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ھىمايە قىلىدۇ، ئەلبەتتە. چۈنكى، ئاللاھقا يېقىنلىشىش مۇئەييەن ۋاقىت بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ.

ئاتىلارنىڭ بالىلىرىغا قارىتا رامازان ئېيىدىكى مەسئۇلىيىتى دۇنيالىق ئىشلارنى تەلىم بېرىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بالا - چاقىلىرىنى ئاللاھنىڭ تەقۋادارلىقتا بەسلەشكەن ئىنتائەتمەن بەندىلىرىگە بېرىدىغان ئالىي مۇكاپاتى ۋە يۈكسەك رەھمىتىگە ئالدىرىتىشى بىلەن ئادا تاپىدۇ.

**بالىلىرىچۈن پۇل ۋە مال، دەپىن - دۇنيا يىغقانلار،**

**ھەسەت، تارلىق، غىيبەتنىڭ پۈراغىدىن قورقۇرلار.**

**بولسا بايلىق بەس ئېرۇر، قىلماس پەرۋا ھەر نەگە،**

**قايتار ئۇڭا ئالدىنىپ ئاخىرەتكە، مەھشەرگە.**

**ئاڭلا سۆزۈم، ئەي دوستۇم، نەسىھەتىم قۇلاق سال،**

**توپلاپ يۈرمە بالاڭغا دۇنيا مالى ـــ پۇچەك مال.**

**بالىلىرىچۈن «قۇرئان»، «سۈننەت» توغرا يول،**

**ساقلانسۇنلار مال دۇنيادىن قىز - ئوغۇل.**

كۆپايدۇر رەببىك ئاڭا ھەم قوغدار،

بىل ھەر زامان ۋەدىسىدە ھەق تۇرار.

چەتنەپ كەتسە ھىدايەتتىن گەر ئۇلار،

بۇزغۇنچىلىق قەرزگىمۇ ھەم بوغار.

ھەق يولىدىن قايغان كۈنى زالالەتكە پۈت باسار،

چۈمۈلىدەك تەرگەن مالىك ئىشرەتخورغا يار بولار.

**ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن، بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى قىلغىن!... ئامىن!**


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس

12

# رامازاندىكى تۇغقاندارچىلىقىڭىز

تۇغقاندارچىلىق مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى قوشۇمچە بىر ئىش بولماستىن، بەلكى ئىسلام رىسالىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

شەرقىي رىم قەيسەرى ھېراكلىيۇس ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب[1]تىن ــ ئۇ تېخى مۇشرىك ئىدى ــ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئېلان قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ ئىچىدە شۇلار بار ئىدى:

ھېراكلىيۇس:

ــ ئۇ پەيغەمبەر سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟

ئەبۇ سۇفيان:

ــ بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، تۇغقاندارچىلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ ــ دېدى[2].

---

(1) **ئەبۇ سۇفيان** سەخر **ئىبنى ھەرب** ئىبنى ئۇمەييە ئەلئۇمەۋىي ئەلقۇرەشىي (أَبُو سُفْيَانَ صَخْرُ بنُ حَرْبِ بنِ أُمَيَّةَ الأُمَوِيُّ القُرَشِيُّ، ھ. بۇرۇن 57 – ھ. 31 / م. 566 ـ 567 – 652) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ــ مەككەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خانىملىرىدىن ئۇممۇ ھەبىبە ئانىمىزنىڭ ۋە «ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى. مەككە فەتھى بولغاندا مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى نەجرانغا ۋالىي قىلغان. كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە غازاتلارغا قاتناشقان. بىر كۆزى «تائىف غازىتى»دا، يەنە بىر كۆزى «يەرمۇك ئۇرۇشى»دا قۇيۇلۇپ كەتكەن. ــ ت.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 4553 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1733 ـ ھەدىس.

ئەمر ئىبنى ئەبەسە[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبەرلىكنىڭ غايىلىرى ھەققىدە سوئال سورىغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا مېنى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىپ تاشلاشقا ۋە ئاللاھقا ھېچقانداق بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا (چاقىرىشقا) ئەۋەتتى» دېدى[2].

شەيتان ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىغا پىتنە - پاسات تېرىغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىكى ئالاقە بۇزۇلىدۇ ۋە ياخشىلىقنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، بۇنىڭغا يول قويماسلىق، بەلكى ئارىلارنى ياخشىلاش ۋە ئىجىل - ئىناق بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش، تاشلىشىپ كەتكەن تۇغقانلار بىلەن يارىشىۋېلىش ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەمەل قىلغۇچىلاردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، قەلبلەر ۋە ھېس - تۇيغۇلار يۇمشايدىغان ئىتائەت ۋاقىتلىرى ۋە ياخشى زامانلارنى غەنىيمەت بىلىشىمىز كېرەك. ﴿**ئۇلار ئاللاھ ئالاقىلىشىشنى بۇيرۇغانلار بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ**﴾(رەئد: 21).

تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلاش ـــ تەقۋالىق ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن زىننەتلەنگەن قەلبنىڭ گۈزەللىكىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ياخشى ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كۆرۈنۈشىنى ئىسلاھ قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئائىلە - تاۋابىئاتى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىغا قىلغان گۈزەل مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئۇ زاتقا نازىل بولغاننىڭ راستتىنلا ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندى.

---

(1) ئەبۇ نۇجەيھ **ئەمر ئىبنى ئەبەسە** ئىبنى خالىد ئىبنى ھۇزەيفە ئەسسۇلەمىي (عَمْرُو بنُ عَبَسَةَ بنِ خَالِدِ بنِ حُذَيْفَةَ السُّلَمِيُّ) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـــ دەسلەپتە مۇسۇلمان بولغان ساھابىلەردىن. ھەربىي قوماندان. «يەرمۇك ئۇرۇشى»دا قوماندان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە (م. 644 – 656) شامدا ۋاپات بولغان زات. ـــ ت.

(2) «مۇسلىم»، 832 - ھەدىس.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى چۈشۈشكە باشلىغاندا ناھايىتى قاتتىق قورقۇپ ۋە چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن خەدىچە ئانىمىزغا:

ـــ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى چۈمكەپ قويۇڭلار! مېنى چۈمكەپ قويۇڭلار! ــ دېگەن ۋاقتىدا، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئۇنداق دېمىگىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز يامان كۈنگە قويمايدۇ. چۈنكى، سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن؛ ئاجىز ـ بىچارىلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىسەن؛ يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن؛ مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن؛ بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن، ـــ دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇنچىنى يەڭگىللەتكەن ئىدى[1].

دېمەك، تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلاش ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان پەزىلەتلىك ئىبادەتتۇر. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ماڭا مېنى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە جەھەننەمدىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويسىلا، ـــ دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:

ــ ئاللاھقا ھېچنىمىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىل، نامازنى (ۋاقتىدا) ئوقۇ، زاكاتنى (جايىدا) بەر ۋە تۇغقاندارچىلىقنى ياخشى قىل، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم قايتىپ كەتكەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېدى:

ــ ئەگەر ئۇ كىشى بۇيرۇلغان ئىشلارغا چىڭ ئېسىلسا جەننەتكە كىرىدۇ[2].

تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلاش مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت باغچىسى بولمىش جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئاسان يولدۇر، ئەكسىچە قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان تۈيۈق يوللارنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن تاشلىشىپ كېتىش يەر يۈزىدە پاساتچىلىق قىلىش بىلەن بىرلىكتە

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 4954 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 160 ـ ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 13 ـ ھەدىس.

بايان قىلىندى: ﴿**سىلەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە تۇغقانلىرىڭلارنى تاشلاپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇلار ئاللاھ لەنەت قىلغان كىشىلەردۇركى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى**﴾(مۇھەممەد: 22 – 23).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشىنى ئازابتىن قورقۇتۇپ: «سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن[1].

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تاشلىنىشپ كېتىشنى كىچىك ساناپ ھەپتىلەر، ئايلار، بەلكى ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇ گۇناھتىن قايتمايدۇ. يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بىلەن قىلغان خۇسۇمەتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجىسى بولغان زاتنىڭ ئالدىدا خۇسۇمەتلىشىشكە ئايلىنىدىغانلىقىدىن غەپلەتتە ياشايدۇ.

ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ بۇ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ ئورنىمۇ؟ ـــ دەپ سورىغاندى، ئاللاھ:

ـــ **ھەئە، ساڭا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزگەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزسەم رازى بولامسەن؟**ـ دېدى. رەھىم:

ـ ئەلبەتتە رازى بولىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھ:

ـ **ئۇنداق بولسا، بۇ ھەق ساڭا بېرىلدى**، ـ دېدى». رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئەگەر خاھلىساڭلار: ﴿**سىلەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5984 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2556 ـ ھەدىس.

**تۇغقانلىرىڭلارنى تاشلاپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇلار ئاللاھ لەنەت قىلغان كىشىلەردۇركى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾**(مۇھەممەد: 22 – 23) دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار» دېدى[1].

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلىغان كىشىگە ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ ۋە شۇ ياخشىلانغان تۇغقاندارچىلىق كۆڭۈل راھىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، تۇغقاندارچىلىقنى پىتنە - پاساتسىز، تالاش - تارتىشسىز ساپ ھالەتتە داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە ياكى پىتنە - ئىغۋا، دەتالاشلار تۇغۇلغاندا ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى ئوڭشاپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇشقا زور تىرىشچانلىقلار كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى ئوڭشاپ قويغان كىشى ئىتائەت ۋە ئېھساننىڭ ئەڭ يۇقىرى ماقامىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتىنىڭ تولىسىدا ياخشىلىق يوقتۇر، پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ۋەياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان كىشىلەر(نىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾**(نىسا: 114).

رامازان بۇ خىل ئەپلەشتۈرۈش ۋە تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلاشنىڭ ئەڭ ياخشى زامانىدۇر.

رامازان ياخشىلىق، تۇغقاندارچىلىق، ئائىلە - تاۋابىئات ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بولغان ئالاقىلەرنى ياخشىلاش مەۋسۇمىدۇر. بولۇپمۇ تەلەپ قىلىنغان ياخشىلىق ۋە مەقسەت قىلىنغان سىلە - رەھىم ئاتا - ئانىغا ئالاقىدار بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، ئۇلاردىن ئۇزاقلىشىش ياكى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاندەك ياخشىلىق قىلماسلىق گۇناھنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئەڭ ئېغىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5987 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2554 - ھەدىس.

**ئۇھ دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەرانە مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾**(ئىسرا: 23 – 24). ئۇشبۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھوقۇقلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلىرىنى تەكىتلەيدۇ.

ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى پەرزەنت رامازان يېتىپ كەلسىمۇ تەۋبە قىلىۋالماي، ئۇشبۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىگەن شېرىكتىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ گۇناھتا ئەزۋەيلىسە، قايسى روزىسى ئۇنىڭغا نەپ بېرەر - ھە؟! قايسى كىچىلىك ئىبادىتى ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلار؟! ئەجەبا ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋھىد بىلەن بىللە بايان قىلىپ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى**﴾ دېگىنىنى ئۇنۇتتىمۇ؟

يەنە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنى بىللە تىلغا ئېلىپ، ساھابىلەرگە قايتا - قايتا ئۈچ قېتىم:

— مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟

— دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

— ماقۇل، خەۋەر بەرسىلە، يا رەسۇلۇللاھ! — دېدى. رەسۇلۇللاھ :

— ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، — دەپ تىك ئولتۇردى[1].

ياخشىلاڭ ئەي روزىدار قېرىنداشىم! ئاتا - ئانىڭىزغا ھەمراھ بولۇشنىڭ سۆيۈمىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا قىلغان مۇئامىلىرىڭىزنى ياخشىلاڭ! شۇندىلا روزىڭىزمۇ ياخشى بولغۇسى.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5976 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 87 - ھەدىس.

ئەگەر رامازان سىزگە قوچاق ئاچقاندا ئاتا - ئانىڭىزنىڭ بىرسى ياكى ھەر ئىككىسى ھايات بولسا، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەي قىلىپ، روزىڭىزنى زايە قىلماڭ. ئەكسىچە، ئاتا - ئانىڭىزنى ھەركۈنى يوقلاپ، كۆڭلىنى ئېلىشكى سىزگە ياخشىلىقلار يېغىشقا باشلىسۇن. چۈنكى، جەننەتكە كىرىش ئۇ ئىككىيلەننىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدۇ، بولۇپمۇ ئانىڭىزنىڭ رازىلىقى ئېخمۇ مۇھىمدۇركى، ئۇ ئۇلۇغ ئىنسانىنىڭ رازىلىقىسىز جەننەت سىزگە قارىمايدۇ. ئانىغا ئەزىيەت بەرگۈچى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ.

بىر كىشى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىھادقا قاتنىششىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـــ ئاناڭ ھاياتمۇ؟ ـــ دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى:

ـــ ھەئە، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـــ ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلمىغىن! چۈنكى، جەننەت ئانىلارنىڭ تاپانلىرىنىڭ ئاستىدا، ـــ دېدى[1].

مادامىكى، رامازان تائەت - ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشنىڭ ئېيى بولغانىكەن، ئۇنداقتا تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلاشقا باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەستىن ئالدىراش ۋە نەتىجىسىنىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشى چىقىرىش كېرەك. قىسمەن كىشىلەر ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تاشلاپ ياتلىشىپ كېتىشتە قارشى تەرەپنىڭ ئەۋۋەل يوقلاپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىشىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلار خاتالاشتى:

بىرىنچىدىن، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماي، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ خاتالاشتى؛

ئىككىنچىدىن، تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ، گۇناھتا قارشى تەرەپ بىلەن ئوخشاش بولۇپ خاتالاشتى؛

---

(1) «نەسائىي»، 3104 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئۈچىنچىدىن، ئۆزۈلگەن تۇغقاندارچىلىقنى ئۇلاشقا تىرىشماي، ئۇلۇغ رامازان ئېيىنى باشقا ۋاقىتلار بىلەن باراۋەر قىلىپ قويۇپ خاتالاشتى؛

تۆتىنچىدىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەگكەتەك يوقلاپ تۇرغۇچى تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغان ھېسابلانمايدۇ. تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى بولسا باشقىلار تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن رىشتىنى ئۇلىغان ئادەمدۇر»[1] دېگەن سۆزىگە پەرۋا قىلماي، «تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويغان كىشىگە بىز ئۇلىساقمۇ، ئۇ ئۇلىمايدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىپ خاتالاشتى.

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، «ئۇلار مۇشۇنىڭغا لايىق ئىدى» دەپ تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر كۆرسىتىدىغان بەزى قىسمەن كىشىلەردىن باشقا، يەنە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار، گەپ يېمەس ۋە تاشيۈرەك ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ۋاقىتتا يۈزلىرى قىزىرىشتىن قورقىدىغان كىشىلەردۇر.

بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار. مەن ئۇلارغا سىلە - رەھىم قىلىپ تۇرىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا سىلە - رەھىم قىلمايدۇ. مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىمەن، بىراق ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا مېھرىبانلارچە مۇئامىلە قىلىمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا نادانلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئېيتقانلىرىڭدەك قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۆزىگە، لېكىن سەن بۇ ئىشنى داۋام قىلىپلا تۇرساڭ، ئاللاھ تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى سەن بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇپ، سېنى ئۇلاردىن قوغدايدۇ، — دېدى[2].

---

(1) «بۇخارىي»، 5991 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 2558 - ھەدىس.

ئى ئاللاھ! ئاتا - ئانامغا قىلغان ياخشىلىقىمنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن. تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلىغانلىرىمىزغا رەھىم - شەپقەت قىلغىن. ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلاپ بەرگىن! ... ئامىن!


شهر رمضان

ساجيه

13

# رامازاندىكى قېرىنداشلىرىڭىز

مۇسۇلمانلارئارا ئۆلپەتلىشىش ۋە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش شەرىئەت ۋە دىنىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز شەرىئىتىدە بىزنى دائىم ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشكە ۋە بىرلىششكە چاقىرىپ، بۆلۈنۈشتىن ۋە تالاش - تارتىش قىلىشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئەدەب - ئەخلاق ۋە غايە - مەقسەتلەر يولغا قويدى. ئەگەر بىز بۇ ئەڭ يۈكسەك ئىدىئاللەرنى بەجا كەلتۈرگەن ۋە بۇ ئەخلاقلار بىلەن خۇلقلانغان بولساق، دائىم بىر تەن - بىر جان بولغان بولاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ھەقىقە ياردەم بەرگەن ۋە دىنىنى كۈچلەندۈرگەن بولاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ. لېكىن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كەمالى قۇدرەتى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾(ئەنفال: 62 – 63).

قېرىنداشلارئارا ئۆلپەتلىشىش سەۋەبكە ئالاقىسىز تەقدىر بولماستىن، بەلكى ئىجرا قىلىنىدىغان شەرىئەتنىڭ ۋە ئورۇندىلىدىغان ۋاجىباتلارنىڭ مېۋىسىدۇر. شەرىئەت شۇنداق ھۆكۈم قىلدۇكى: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، قېرىندىشىنى قوغدىماي ھالاكەتكە تاشلىۋەتمەيدۇ»(1) ۋە يەنە: «مۇئمىنلەر بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتا خۇددى بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇكى،

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 2442 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2580 - ھەدىس.

بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، باشقا پۈتۈن ئەزالار بىئارام بولۇپ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ»[1].

ئى روزىدار قېرىندىشىم ۋە ھەمشىرەم! كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى، ئۇشبۇ رامازان ئېيىدا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئىبارەت ئىلاھىي نېئمەت ۋە بەخشەندىلەرنى بولۇشىغا قولغا كەلتۈرۈشكە ھەممىڭلار تولىمۇ ھېرىسمەنسىلەر.

بارچىمىز رامازان ئېيىدا ئەپۇ قىلىنىشنى، كەچۈرۈم ـ مەغپىرەتكە نائىل بولۇشنى، سەھۋ ـ خاتالىقلىرىمىزنىڭ مەخپىي قېلىشىنى، ئىنسانلاردىن بىھاجەت بولۇپ، ھاجەتلىرىمىزنىڭ ئادا قىلىنىشىنى، كەمتۈكلىرىمىزنىڭ تولۇقلىنىپ، قىيىنچىلىقلىرىمىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاسان بولۇشىنى تەمە ۋە ئۈمىد قىلىمىز. پېقىر ھەرگىزمۇ بۇلارغا ئېرىشىشىڭىزنى مۇمكىن ئەمەس ياكى يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يىراق دەپ قارىمايمەن، چۈنكى سىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەب ۋە ئاچقۇچلىرىغا ئىگىسىز.

بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش سىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىڭىزگە بېرىشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسە (لەر) نى ئىنسانلارغا بېرىشىڭىز بىلەن بولىدۇ. ئۆزىڭىز ئەپۇ قىلىنىشىڭىز ئۈچۈن ئەۋۋەل باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشىڭىز، كەچۈرۈلۈشىڭىز ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى كەچۈرۈۋېتىشىڭىز، خاتالىقلىرىڭىزنىڭ ئاشكارىلانماسلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى يېپىشىڭىز، ئاسانچىلىققا ئېرىشىشىڭىز ئۈچۈن باشقىلارغا ئاسانلاشتۇرۇشىڭىز، سېخىيلەرچە مۇئامىلىگە ئېرىشىشىڭىز ئۈچۈن سېخىيلەرچە مۇئامىلە قىلىشىڭىز، رەھىم قىلىنىشىڭىز ئۈچۈن رەھىم قىلىشىڭىز، ئېغىرچىلىقلىرىڭىزنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ياخشىلىق پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا مۇكاپاتلاندۇرۇلىدۇ. مۇكاپات ياكى جازا ئەمەلگە قارىتا بولىدۇ: ﴿**ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ**﴾(رەھمان: 60).

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 6011 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2586 ـ ھەدىس.

بۇ مەنىلەرنى ھىدايەت ئىمامى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىنىپ بېقىڭ! پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بىشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقتىن بىرنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ھەمدەمدە بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ»[2] دەيدۇ ۋە باشقا بىر ھەدىستە ھەم: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ سىرىنى ساقلىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرىنى قىيامەت كۈنى كەچۈرۈۋېتىدۇ»[3] دېگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ياخشىلىق قىلغۇچىلار ياخشىلىق بىلەن، قولايلاشتۇرغۇچىلار قولايلاشتۇرۇلۇش بىلەن، سېخىيلىق قىلغۇچىلار سېخىيلىق بىلەن، رەھمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلار رەھمەت بىلەن مۇكاپاتلاندۇرۇلىدۇ: «ئاللاھ بەندىلىرىدىن رەھىم - شەپقەتلىكلەرگىلا رەھىم قىلىدۇ»[4].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلاشتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق بىر ئىش، ئەمەلىيەتتە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشىنى ياخشىلاشتۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يالىڭاچ، ئاچ، ئۇسسۇز، ناھايىتى ھارغىن

---

(1) «مۇسلىم»، 2699 ـ ھەدىس.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1284 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2580 ـ ھەدىس.
(3) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 7122 ـ ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 3001 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 2190 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(4) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1284 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 923 ـ ھەدىس.

هالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ. كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن كىيىم كىيدۈرگەن بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە كىيىم كىيدۈرىدۇ. كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئاچ قالغاننى تويغۇزغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى تويغۇزىدۇ. كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ. كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئەيۇ قىلغۇچىلىق قىلىپ قىلىنغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئەيۇ قىلىۋېتىدۇ»[1].

قېرىنداشلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان بۇ سالىھ ئەمەللەر زىكىر، دۇئا، روزا ۋە نامازغا ئوخشاش ئىبادەتلەر بىلەن بىرگە، بۇ ياخشىلىقلارغا ئالدىراش ئۈچۈن مۇسابىقىلىشىدىغان بىر مەيدان بار دېيىلسە، رامازان شۇ مەيداننىڭ مەركىزى بولىدۇ. ﴿**ئەنە شۇلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا مۇسابىقىلىشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەردۇر**﴾(مۇئمىنۇن: 61).

شۈبھىسىزكى، ئىمانىي قېرىنداشلىق مەجبۇرىيەت ۋە ئەمەلىيەتتىن مۇستەسنا ئىچى قۇرۇق بىر شوئار بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە تالىق تۈرتكە ۋە ئامىللىرى ھەمدە تەلەپ ۋە تەقەززالىرى باردۇر. ئىمانىي قېرىنداشلىقنىڭ تەلەپ - تەقەززالىرى دوستلۇقنى ئىپادىلەش، خالىسانە ياردەم بېرىش ھەمدە ياخشى كۆرۈش ۋە نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ كۈچلۈك ئىمان تۇتقالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈش ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقالىرىنىڭ بىرىدۇر»[2]. ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىن يەنە تۇغقاندارچىلىقنى ياخشىلاش ۋە ھەربىر مۇسۇلماننى دىندارلىقىغا قارىتا ھۆرمەتلەشمۇ باردۇر.

رامازاندا ئۆزئارا ئىنىگە بولۇش ۋە بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇشنىڭ مەنىسى دىندىكى قېرىنداشلىقنىڭ تۈرتكىسىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئاچ قالغان (لار) نى

---

(1) مۇنزىرىي: «ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2 - توم، 66 - بەت.
(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 18524 - ھەدىس. باھا بەرگۈچىلەر: «باشقا شاھىتلىرى بىلەن ھەسەن ھەدىس» دېگەن. تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، 10378 - ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

تويغۇزۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش، شۇنىڭدەك قولىدىن كەلگەنچە پۈتۈن ياخشىلىقلارنى قىلىش، ئەزىيەت بېرىشتىن قېچىش، سەدىقە بېرىش، زاكاتلارنى ئادا قىلىش، ناماز (لار) نى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇش، بىرلىكتە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئەھلى ئارىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق ۋە قېرىنداشلىق تۇرتكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىر ئاي بويىچە پۈتۈن ئۇممەتنىڭ كوللېكتىپ شەكىلدە روزا تۇتۇشىنىڭ ئۆزى ھېس - تۇيغۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قەلبلەرنى بىر - بىرىگە يېقىن قىلىدۇ. بىر شەھەردە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار بىرلىكتە روزا تۇتىدۇ، بىرلىكتە ئىپتار قىلىشىدۇ. ئۇلار روزا تۇتۇشتا، ئىپتاردا، ئاچلىقتا، توقلۇقتا باراۋەردۇر. ئۇلار بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمۈئە نامىزى ئۈچۈن مەسجىدلەرگە كەلگىنىدە، سەپلىرى مۇستەھكەم قېرىنداشلار بولۇپ ھەممىسى بىرلىكتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىدۇ. رامازان ئېيى تۈگىگەن ۋاقىتتا، ھەممەيلەن يىغىلىپ خۇشال ھالدا ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ ۋە شۈكۈر ئېيتىپ تەكبىر توۋلىشىدۇ.

ئى روزىدار قېرىندىشىم! رامازاننىڭ مەكتۇبىغا دىققىتىڭىزنى بېرىڭ! سىز چوڭ بىر جامائەت ئىچىدىكى يەككە بىر شەخس، بۇ جامائەتتىكى ھەربىر شەخسنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە مۇئەييەن ھەققىي بار. سىزگە سېخىيلىق ئېيىدا ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەڭ يارىشىدىغىنى ئاشۇ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشتۇر.

❉ سىزنىڭ خىلمۇخىل يېمەك - ئىچمەكلەرگە تولۇپ تاشقان داستىخىنىڭىزدا قايسىنى ئېلىپ قايسىنى ئالماسلىقنى بىلەلمەي تۇرغىنىڭىزدا، قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە ئىپتار قىلىدىغانغا بىرەر تال خورما ياكى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغانغا سوغۇققىنا بىر يۇتۇم سۇمۇ تاپالمايدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇماڭ!

❉ سىز ئازادە ھەم تىنچ ئۆيىڭىزدە يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدە راھەت سوزۇلۇپ ياتقىنىڭىزدا، خىلمۇخىل بالايىئاپەت ياكى ئۇرۇش سىناقلىرى بىلەن تولغان رايونلاردا جانلار، جانانلار ۋە ياش ئەۋلادلارغا ھەممە ماللار ۋە باغۇاران، زىرائەتلەرگە يەتكەن

ئەزىيەت ۋە زىيانلارنىڭ دەستىدىن قورقۇنچ، چەدىغۇسىز ئاچلىق، قاتتىق سوغۇق ۋە پىژغىرىم ئىسسىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى خاتىرجەمسىزلىك قامچىسىنىڭ ئاستىدا جان تالىشىپ، قولاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇزىدىغان كىشىلەر نۇرغۇندۇر.

❋ ھەيدەي دېسىڭىز بىرقانچىلىغان ماشىنىلىرىڭىز، ئولتۇرۇپ - قوپاي دېسىڭىز خىلمۇخىل ئالىي كۆرپە - يېكەندازلىرىڭىز، پەرياستۇقلىرىڭىز، خىلمۇخىل نەرسە - كېرەك ۋە ئەشيا - ماللىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە پاناھلىنىدىغان يېرى، ئولتۇرىدىغان ئۆيى، جىددىي ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قوللىنىدىغانغا قاتناش ۋاستىسى يوقلار ئاز ئەمەستۇر.

❋ سىز باي - باياشاتچىلىق، بەخت - سائادەت ئىچىدە خاتىرجەم ياشاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىزدىن باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلىرىڭىز قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان، كېسەللىكلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ياكى ئۇلارنىڭ جەبىر - جاپاسىنى، رەنج - مۇشەققەتلىرىنى ئەسلەيدىغان ۋاپادار كىشىلەرگە تەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

❋ ئى روزىدار قېرىندىشىم! رامازان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئەۋلادلىرىڭىزغا ئەڭ ياخشى يېمەك - ئىچمەك، ئەڭ ياخشى كىيىم - كېچەك، ئەڭ ياخشى ئويۇن تۈرلىرىنى تاللاپ بولالماي تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا باشقا بىر قېرىندىشىڭىز قولىنىڭ تارلىقىدىن ياكى نېئمەت بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ بېخىللىقىدىن ئەۋلادلىرىنىڭ قايسىسىغا بېرىپ، قايسىسىغا بەرمەسلىكتە تەڭلىكتە قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدىڭىز؟!

ئى قىممەتلىك قېرىندىشىم، سىز قېرىنداشلىرىڭىزغا سېخىيلىق قىلغان ۋاقتىتا ئۆزىڭىزگە سېخىيلىق قىلغان بولىسىز، بۇ ئارقىلىق سىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە قەرزىي ھەسەنە بەرگەن بولىسىز. ئاللاھ تائالا سىزگە بۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنى دۇنيادا قاتتىق موھتاج بولغان كۈنلىرىڭىزدە، شۇنداقلا ئىنسان ئۆز قېرىندىشى، ئانىسى ۋە

دادىسىدىنمۇ قاچىدىغان كۈن يەنى قىيامەت كۈنىدە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ:
﴿كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىدىكەن) ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ﴾(ھەدىد: 11).

**ئى ئاللاھ! بىزنى سېنىڭ دىنىڭغا چىڭ ئېسىلىدىغانلاردىن، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغانلاردىن، سېنىڭ ئىتائىتىڭدە بىر - بىرىمىزگە رەھىم - شەپقەت كۆرسىتىدىغانلاردىن قىلغىن! ... ئامىن!**


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

14

# رامازاندىكى دۈشمەنلىرىڭىز

سىزنىڭ قېرىنداش، دوست - بۇرادەرلىرىڭىز بولغىنىدەك، دۈشمەنلىرىڭىزمۇ بولۇشى ئېنىق. بىر يىل ئىچىدىكى رامازان ئېيىدىن باشقا چاغدا دۈشمىنىڭىزگە قارشى رامازاندىكىدەك ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىز. سىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك دۈشمىنىڭىز رامازاندا زەنجىر - كىشەن سېلىنىدىغان قارغىش تەگكۈر شەيتان ۋە ئۇنىڭ لەنەتگەردى ئەۋلادلىرىدۇر. مۇئمىن بۇ مۇبارەك ئايدا ــ يىلنىڭ قېپقالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا ياخشى بىر ھازىرلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ــ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «رامازان ئېيى كەلگەندە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلار (زەنجىرلەر بىلەن) كىشەنلىنىدۇ»[1].

شەيتانلارنىڭ كىشەنلىنىشى ياكى زەنجىرلىنىشى بىلەن ئۇلار ئىنسانلارغا دارىيالمايدۇ، يەنى ئىنسانلارنىڭ دىللىرىغا كىرىدىغان شەھۋەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس يوللىرى تاقىلىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر[2] رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇشتا بەدەننى تازىلاش ۋە شەيتاننىڭ يوللىرىنى تارايتىش باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1766 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1793 - ھەدىس.

(2) **ئىمام** ئەبۇلفىدا ئىمادۇددىن ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر **ئىبنى كەسىر** ئەلقۇرەشىي ئەلبەسرىي ئەددىمەشقىي (أَبُو الفِداءِ إِسْمَاعِيلُ بنُ عُمَرَ بنِ كَثِيرٍ القُرَشِيُّ البَصْرِيُّ الدِّمَشْقِيُّ، ھ. 701 – 774 / م. 1301 – 1373) ــ ئاتاقلىق مۇفەسسىر، تارىخچى، ھەدىسشۇناس ۋە شافىئىي فەقىھ. ئىمام ئىبنى تەيمىييەنىڭ شاگىرتى. مەشھۇر «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم)»، «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، «شافىئىي فۇقاھالار تەرجىمىھاللىرى»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «سەھىھۇل بۇخارىي شەرھى»(بىزگە يېتىپ كەلمىگەن) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى. ــ ت.

‹سەھەبەين›دە: ‹ئى ياشلار! سىلەردىن ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتكەنلەر بولسا (دەرھال) ئۆيلەنسۇن، كىمنىڭكى ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتمىسە روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەلڭ ياخشى شەھۋەت كەسكۈچىدۇر››[1] دەپ كەلگەن».

رامازاندا ۋە رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردا روزا تۇتۇشنىڭ شەيتاننىڭ يوللىرىنى تارايتىشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى باردۇر. ئەمما، رامازاندا شەيتاننىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىرىغىلا يول تارايتىلماستىن، بەلكى كاتتىباشلىرى ھەقىقىي بىر شەكىلدە ئىنسانلاردىن چەكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چەكلىنىشى بىلەن مۆئمىن بۇ ئايدا ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدىن قۇتۇلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ياردەمگە ئېرىشكەن بولىدۇ. لېكىن، باغلانمايدىغان ۋە زەنجىرلەنمەيدىغان ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپسىگە قارشى ئۇلۇغ ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراشقا موھتاجدۇر.

ئىنسان بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك جەڭ ھېچقاچان توختاپ قالمايدۇ. رامازاندىكى بۇ تىنچلىقتا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا شەيتاننىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى، شۇنداقلا نەپسىنىڭ شەيتاننىڭ پىتنە - پاساتلىرى، ۋەسۋەسە ۋە ئازدۇرۇشلىرىغا قارشى ياردەمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئىمانىي كۈچ - قۇۋۋەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇرسەت باردۇر.

رامازاننىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە ئۈچ ئىشقا ناھايىتى بەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ ئىش ھەرقانداق زامان ياكى ماكاندا شەيتانغا قارشى ئەڭ ياخشى قورالدۇر. بۇلار:

**بىرىنچىسى**، غەپلەتكە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن زىكرىنى كۆپ ئېيتىش؛

**ئىككىنچىسى**، ئىسراپقا قارشى ئىقتىسادچىل بولۇش؛

**ئۈچىنچىسى**، ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلىدىغان، تائەت - ئىبادەت پۇرسەتلىرىنى قاچۇرۇۋېتىدىغان پايدىسى يوق ئىش - ھەرىكەتلەرگە بېرىلمەي، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا يۈزلىنىش.

(1) ئىبنى كەسىر: سۈرە «بەقەرە» 183 - ئايەتنىڭ تەپسىرى. بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5066 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1400 - ھەدىس.

ئىنسان كۆپ زىكىر - تەسبىھ ئېيتىش، ئىقتىسادچانلىق قىلىش ۋە پايدىسى يوق ئىشلارنى تەرك ئېتىش قاتارلىق بۇ ئۈچ قورال بىلەن شەيتانغا قارشى ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ.

1. **زىكىر:** يەنى رامازان ئېيىدىكى «قۇرئان» ئوقۇش ۋە كېچىلىك قىيام. بۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن بىرى بولغان «غەپلەتتە قالدۇرۇش»نى پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بەندە ئاللاھنى ئەسلىگەن ۋاقتىدا شەيتان يوشۇرۇنىدۇ، غەپلەتتە قالغان ۋاقتىدا ۋەسۋەسە قىلىدۇ.

2. **ئىقتىسادچانلىق:** بۇ رامازان روزىسىنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ شەيتاننىڭ ئىنساننى ئارتۇق گەپ قىلىش، ئارتۇق تاماق يېيىش، ئارتۇقچە ئۇخلاش، بىھۇدە قاراش، ئۆزىگە پايدىسىز سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن ئىبارەت ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ ئازدۇرۇشىنى چەكلىيەلەيدۇ. بۇ يەردىكى «ئارتۇق»تىن مەقسەت «مۇباھ»تىن زىيادە بولغان مىقدار ياكى مۇباھتا ئىسراپچىلىق قىلىشتۇر. مۇباھتا ئىقتىسادچان ياكى ئوتتۇراھال بولماسلىق شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ كىرىش ئىشىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿**ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**﴾(ئەئراف: 31).

3. **پايدىسى يوق ئىشلارنى تەرك ئېتىش:** بۇنىڭدىن رامازاندا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلىنىدۇ. يەنى مەيلى رامازاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا مەسجىدلەردە قىلىنىدىغان ئېتىكاپ بولسۇن ياكى ئىنسانلارنىڭ ئەيىبلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەيىبى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئىنسانلارنى ھېسابقا تارتىشتىن ئۇزاق تۇرۇپ، ئۆز نەپسىنى ھېسابقا تارتىش دېگەندەك ئومۇمىي شەكىلدە ئىنسانلاردىن ئۆزىنى تارتىش بولسۇن، ھەممىسى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىمام ئىبنۇلقەييىم مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى شەيتاننىڭ ئۈچ تەرەپتىن كىلەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ:

**بىرى**، ئېھتىياج مىقداردىن ئارتۇق ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىسراپخورلۇق؛ بۇ شەيتاننىڭ نېسىۋىسى ۋە ئۇنىڭ قەلبكە كىرىش ئېغىزىدۇر. بۇنىڭدىن

قۇتۇلۇشنىڭ يولى ــ يېمەك - ئىچمەك، ئۇيقۇ - ئارام ۋە راھەت - پاراغەت قاتارلىق نەرسىلەرنى نەپسىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بېرىشتىن ساقلىنىشتۇر. بۇ ئىشىك قاچان تاقالسا، شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ كىرىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ.

**يەنە بىرى**، غەپلەتتە قېلىش؛ ھەقىقەتەن زىكىر ئېيتقۇچى زىكىر قورغىنىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. قاچانكى غەپلەتتە قالسا، قورغانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، دۈشمەن كىرىۋالىدۇ. ئۇ دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش بەسى مۈشكۈلدۇر.

**ئۈچىنچى بىرى**، ھەرقانداق جەھەتتە پايدىسى يوق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش»[1].

شەيتانلارنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ باغلىنىشى بىلەن مۆئمىنلەرگە ــ ئىنسانلاردىن بولسۇن ياكى جىنلاردىن بولسۇن كىچىك شەيتانلارغا قارشى تۇرۇشلىرى ئۈچۈن ــ شەيتانلارنىڭ چوڭلىرىدىن كېلىدىغان كۆپلىگەن يامانلىقلاردىن ساقلىنىشتا ئاسانچىلىق باردۇر. بۇ بىر يىل ئىچىدە پەقەت بىر ئايلا بولىدىغان پۇرسەتتۇر. ئىمام ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ: «ئەي مۇسۇلمانلار، سۆيۈنچە! سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى سىلەر ئۈچۈن بۇ ئايدا ئېچىلدى. جەننەتنىڭ مەيىن شاماللىرى مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئۇرۇلغۇسى. جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى سىلەر ئۈچۈن تاقالدى. شەيتاننىڭ كاتتىباشلىرى ۋە ئەۋلادلىرى سىلەر ئۈچۈن باغلاندى. شەيتاننىڭ شان - شەۋكىتىنى تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن پاچاقلاپ تاشلاڭلار. شەيتان پەزىلەتلىك ۋاقىتلاردىن ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا پاچاقلاپ تاشلىنىشىنىڭ ئەلەم ئازابىدىن ئىڭرايدۇ. بۇ ئايدا گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىپ، رەھمەت ياغقانلىقىدىن رەھمان تائالانىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلىپ، شەيتان گۇرۇھى مەغلۇپ بولغانلىقىغا چىدىيالماي چىرقىراپ كېتىدۇ»[2].

گەرچە بۇ ئايدا ئىنسانلارنىڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن شەيتانلار باغلانسىمۇ، يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپس ۋە توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچى ھاۋايى -

(1) ئىبنۇلقەييىم: «فەۋائىد»، 119 - بەت.

(2) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 53 - بەت.

ساجىيە

ھەۋەستىن ئىبارەت ئىككى دۈشمىنى ئىنسانغا يەنىلا ھەمراھتۇر. كىشى ئۇچۇن ئۇ ئىككى دۈشمەنگە قارشى ياردەمچىمۇ تەيياردۇر.

ناچار ئىشلاردىن ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇپ، نەپسىنى پىتنە - پاساتلاردىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنى يۈكسەك ماقاملارغا يۈزلەندۇرىدىغان ساغلام قەلب يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسكە قارشى ياردەم بېرىدۇ.

نەپسنىڭ دۈشمەنلىكىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە نەپسنىڭ يېقىن ۋە يامانلىقىنىڭ يوشۇرۇن ئىكەنلىكى ۋەجىدىن، شەيتاندىن پاناھ تىلەشتىن ئىلگىرى نەپسنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن ھەر نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسىسەن. ساڭا سىغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ ۋە شېرىكلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، ئۆز نەپسىمگە ياكى بىر مۇسۇلمانغا يامان ئىش قىلىپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

شەيتان ئىنساننى نەپسى ئىشتىھا قىلىدىغان نەرسە بىلەن تەدرىجىي مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، روزا تۇتۇشتا نەپسنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى تازىلاش ئۇچۇن بىر تەربىيەلىنىش باردۇر.

ھاۋايى - ھەۋەس ئەقىل بىلەن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئەقىلنى نېئمەت قىلىپ بېرىشى ھاۋايى - ھەۋەسنى كونترول قىلىشى ئۇچۇندۇر. توغرا ئەقىل ئىنساننى تەگسىز ھاڭلارغا ئېلىپ بارىدىغان يەڭگىلتەكلىكتىن قوغدايدۇ.

ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ھاۋا «هوى (يەنى چۈشمەك، دومىلىماق، غۇلاپ كەتمەك)» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئەقىللەرگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان، ھەتتا ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ قىلىنغان چاغدا، ئىگىسىنى ھاڭغا تاشلايدىغانلىقى ۋە مۇسىبەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۇچۇندۇر.

---

(1) «ترمىزىي»، 3452 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

**﴿ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپس - خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپس - خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاپ قېلىش) ئۈچۈن ھامىي بولالامسەن؟ ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر، دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾**(فۇرقان: 43 – 44).

ئىنسان شەيتىنىغا، ھاۋايى - ھەۋەسگە ۋە نەپسىگە قارشى ئاللاھتىن ياردەم سوراشتا زىكىر قورغىنى بىلەن قوغدىنىش، داۋاملىق ئاللاھقا سىغىنىش، يالۋۇرۇش، موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ۋە چىن كۆڭلىدىن **﴿ئى رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾**(فاتىھە: 5) دېيىش بىلەن بىرلىكتە، ئەقىل بىلەن زىننەتلىنىش ۋە دىن - دىيانەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت شەرىئەتتە بۇيرۇلغان سەۋەبلەرنى تۇتۇپ مېڭىشى زۆرۈردۇر. ئەقىللىق كىشى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا بەرگەن سەۋەبلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇ زاتتىن ياردەم سوراپ، ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئەڭ كۈچلۈك قورالنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ.

ئىبنۇلقەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا شەيتان بىلەن پەرىشتىنى، ئەقىل بىلەن ھاۋايى - ھەۋەسنى، يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپس بىلەن پاك قەلبنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلدى. بەندىنى شۇنىڭ بىلەن سىناپ بۇلارنىڭ ئارىسىنى جۇغلاپ ھەربىر تەرەپكە قوشۇن ۋە ياردەمچىلەرنى ياراتتى. ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش، بىرسى يەنە بىرسىنى مەغلۇپ قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئەگەر قەلب، ئەقىل ۋە پەرىشتە غەلىبە قىلسا، خۇشاللىق، نېئمەت، لەززەت، سۆيۈنۈش، ياخشى ھايات، كۆڭۈل راھەتلىكى ۋە غەنىيمەتلەر بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشىش بولىدۇ. ئەگەر نەپس، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە شەيتان غەلىبە قىلسا، غەم - قايغۇ، دىلغۇللۇق، خىلمۇخىل يامان كۆرۈلگەن ئىشلار ۋە كۆڭۈل راھەتسىزلىكى بولىدۇ»[1].

بىز رامازاندا، رامازاندىن كېيىنكى ھايات ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشقا كىرىشكە مەجبۇرمىز. ئاللاھ بۇ ئۇرۇشتا بىزگە ياردەم بېرىشكە كېپىل بولدى. رامازاننى بىزگە

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «فەۋائىد»، 60 - بەت.

ئەڭ كۈچلۈك قالقان ۋە ئەڭ كۈچلۈك قورال قىلىپ بەردى. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «روزا سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۇرۇشتىكى قالقىنىغا ئوخشاش بىر قالقاندۇر»[1] ياكى: «روزا مەزمۇت قالقاندۇر»[2].

**ئى ئاللاھ! بىزنى روزا ۋە تەقۋالىق بىلەن قوغدىغىن. دۈشمىنىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن. بىزنى نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن... ئامىن!**

(1) «نەسائىي»، 2230 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن
(2) «ترمىزىي»، 614 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.


شهر رمضان

15

# رامازاندىكى شەھۋەتلىرىڭىز

رامازان روزىسى روھنىڭ شەھۋەتلەر ئەسىرلىكىدىن بىر ئاي قۇتۇلىدىغان ھۆرىيەتىدۇر. چۈنكى، روھ يىل بويى تەننىڭ ئىستەك - ئارزۇلىرى سەۋەبىدىن نېسۋىسىنى ئالالمىغىلى تاس قالىدۇ. ھەۋەس - شەھۋەت ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا غەرق بولغان تەندىن ئۇزاقلاشقان روھقا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر ئاي ئىنساپلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. تەننىڭ ئۆزى، رامازاننىڭ كۈندۈزىدە شەھۋەت ۋە ئارزۇلاردىن مەجبۇرىي يىراق تۇتقۇچى ئىبادەت بولغان روزا تۇتۇش بىلەن (رامازاننىڭ كېچىلىرى ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ قىيامدا تۇرۇش بىلەن) ئەمەلىيلىشىدىغان ئالاھىدە بىر چېنىقىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. روھنىڭ ۋە ۋۇجۇدنىڭ چېنىقتۇرۇلۇشى بىلەن، نەپسىمىز ۋاجىپ ۋە تەكلىپلەرنىڭ ئېغىرلىقلىرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەربىيە ۋە تەييارلىقتىن ئىبارەت ئۆزى موھتاج بولغان نەرسىلەرنى تاپىدۇ.

نىجاتلىقنى تەلەپ قىلغۇچى بالايىئاپەتلەر چېچىلغان، قاتمۇقات توسالغۇلارغا تولغان بىر يولدا ماڭىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ــ ئادەمىي ۋە جىننىي شەيتانلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرى كۈچلەندۈرىدىغان نەپسىنىڭ ئىستەك - شەھۋەتلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ــ ئاللاھقا سەپەر قىلىشنىڭ جەبىر - جاپالىرىغا چىداش ئۈچۈن چېنىقىشقا موھتاجدۇر. مانا بۇ چېنىقىش ئۈچۈن رامازان ئېيىدىنمۇ ياخشىراق بىر ۋاقىت بولمىسا كېرەك.

**﴿ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك،**

**سىلەرگىمۇ (رامازان روزىسى) پەرز قىلىندى﴿**(بەقەرە: 183). فەخرۇددىن ئەررازىي[1] ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇشبۇ رامازان روزىسى) روزا تۇتۇش ۋە شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلار ئۈچۈن پەرز قىلىندى. بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈش قانچىلىك كۈچلۈك بولغانچە ئۇ نەرسىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇزاق تۇرۇش شۇنچىلىك تەس بولىدۇ. يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشقا بولغان شەھۋەت باشقا نەرسىگە بولغان قىزىقىشتىن تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر. سىلەرگە يېمەك - ئىچمەكنى ۋە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئاللاھتىن قورقۇش ئاسانلاشقان ۋاقىتتا باشقا نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش تېخىمۇ قولاي ۋە ئاساندۇر»[2].

روزا روزىدارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى نەپسىنىڭ ئارزۇ - ئارمان ۋە تۈرلۈك شەھۋەتلىرىدىن ئۈستۈن بىلىشكە يېتەكلەيدۇ. بۇ بولسا ئىماندا يۈكسىلىشتىكى تەربىيەنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئىبنى رەجەب ئەلھەنبەلىي مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتۇش نەپسنىڭ ئاساسىي نېسىۋە ۋە تەبىئىي شەھۋەتلىرىنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن خالىس تەرك ئېتىشتۇر. بۇ خىل تەرك ئېتىش روزىدىن باشقا ئىبادەتلەردە تېپىلمايدۇ. نەپسنىڭ كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشنىڭ كۈچىيىشى، ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە تەرك ئېتەلىشى ساغلام ئىماننىڭ دەلىلىدۇر. روزا تۇتقۇچى ھەرقاچان قاراپ تۇرىدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى، خالىي قالغان ۋاقىتتىمۇ ئۆزى خاھلىغانچە شەھۋەتكە بېرىلىشنى ھارام قىلىنغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان، جازاسىدىن قورققان ھالدا چەكلىملىرىدىن يانىدۇ ۋە رەببىگە ئىتائەت قىلىپ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۇشبۇ ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىپ، بەندىنىڭ بۇ ئەمىلىنى قالغان ئەمەللىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە خاس قىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: «**ئۇ مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ تاماقنى،**

---

(1) ئىمام فەخرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەررازىي ((الإِمَامُ فَخْر الدِّيْنِ مُحَمَّدُ بنُ عُمَرَ الرَّازِيّ، ھ. 544 – 606 / م. 1150 – 1210) ــــ «فەخرۇررازىي» دەپ تونۇلغان ئاتاقلىق مۇفەسسىر ۋە كاتتا شەرىئەتشۇناس ئالىم. «تەفسىرى فەخرۇررازىي» ئاتلىق ئەسىرى مەشھۇردۇر. ــ ت.

(2) «تەفسىرۇ فەخرۇررازىي»، 5 - توم، 76 - بەت.

**شەھۋەتنى تەرك ئېتىدۇ»**[1]. سەلەفلەرنىڭ بەزىسى مۇنداق دېگەن: «كۆز بىلەن كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شەھۋەتنى كۆرۈپ باقمىغان بىر ۋەدە ئۈچۈن تاشلىغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!»[2]

نەپسنىڭ ئاساسلىق شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن ئالللاھقا يېقىنلىششتا ئەھلى ئىلىملەر زىكىر قىلغان بىرقانچە پايدىلار باردۇر:

شۇ پايدىلارنىڭ بىرى نەپسنىڭ بويسۇنۇشىدۇر؛ چۈنكى، كۆپ يەپ - ئىچىش ۋە ئايالى بىلەن بىرگە بولۇش كەبى نەپسنىڭ تۈپ شەھۋەتلىرى تەرك ئېتىلگەندە، نەپسنى كىبىردىن ۋە غەپلەتتە قېلىشتىن توسۇپ قالغىلى بولىدۇ.

شۇ پايدىلارنىڭ قاتارىدىن يەنە شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىش بىلەن قەلبنى نوقۇل ئالللاھنىڭ زىكرى ۋە تەپەككۇرى ئۈچۈن خالىي قالدۇرغىلى بولىدۇ؛ چۈنكى، بىھۇدە شەھۋەتپەرەسلىك قەلبنى داتلاشتۇرىدۇ ۋە قارىغۇ قىلىدۇ. قەلبنى ساغلام، ئاكتىپ بىر قەلب بولۇشتىن توسۇپ، غەپلەتتە قالدۇرىدۇ - دە، قەلب بارغانسېرى يۇمشاقلىقنى يوقىتىپ، دەتتە - دەتتە قاتىدۇ. ھەتتا ئاقىۋەتتە دات ۋە قاساۋەت بېسىپ كېتىشكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، نەپسنىڭ ئاساسلىق شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن ئالللاھقا يېقىنلاشقاندا قەلبنى زىكىر ۋە تەپەككۇر ئۈچۈن خالىي قويغىلى بولىدۇ.

بۇ ساناقلىق رامازان كۈنلىرىدە نېگىزلىك شەھۋەتلەرنى تاشلاشنىڭ پايدىلىرىدىن يەنە: باي كىشى كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق ھەۋەس ۋە ئىستەكلىرىنى ئۇشبۇ رامازان ئۈچۈن تەرك ئېتىپ، ئالللاھنىڭ ھېكمەت ۋە تەقدىرى بىلەن نۇرغۇن كەمبەغەللەرگە بەرمىگەن نېئمەتنى ئۆزىگە بەرگەنلىكىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلىدۇ. باي كىشى ئۇ نېئمەتلەرنى ئۆز ئىختىيار ۋە ئەركى بىلەن تەرك ئەتكەن ۋاقىتتا، ئەقەللىي بىرقانچە سائەت مۇشەققەت تارتىپ، ئايلار، ھەتتا يىللار بويىچە شۇ نېئمەتلەردىن مەھرۇم قالغان كىشىنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلىدۇ. بۇ، شۇ كىشىگە ئۆزىنى باي قىلغان ئالللاھنىڭ نېئمىتىگە شۈكۈر ئېيتىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ كىشىنى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 7492 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1151 - ھەدىس.
(2) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 17 - بەت.

بالايىئاپەتلەر بىلەن سىنالغان ۋە جەبىر - جاپا، رەنج - مۇشەققەتتە قالغان كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىشقا، چىن كۆڭلىدىن ئۇلارغا قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشكە ۋە مېلى بىلەن ئۇلارغا تەسەللىي بېرىشكە يېتەكلەيدۇ.

روزا تۇتۇش ئارقىلىق نېگىزلىك شەھۋەتلەرنى تاشلاشنىڭ پايدىلىرىدىن يەنە: قوغلاندى شەيتاننىڭ ھەرىكەت ساھەسى بولغان ئىنسان تومۇرلىرىنىڭ تارىيىشىدۇر. ھەدىس شەرىپتە: «ھەقىقەتەن شەيتان ئىنسانىڭ تومۇرلىرىدا ھەرىكەت قىلىدۇ» دەپ كەلگەن. شۇڭا، روزا تۇتقاندا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى بېسىقىپ، شەھۋەت ۋە غەزەپنىڭ ھۇجۇملىرى پەسىيىدۇ. بۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىشكە كۆچى يەتمىگەن ياشلارغا قىلغان سۆزىدە روزىنى «شەھۋەتنى سۇندۇرغۇچى» دەپ سۈپەتلىشىدىكى سەۋەبدۇر: «كىمكى ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىسا روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەلىك ياخشى شەھۋەت كەسكۈچىدۇر»[1].

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، روزىدار كىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا ھارام قىلىنغان ھەۋەس ۋە شەھۋەتلەردىن ساقلىنىپلا قالماي، ئادەتتە چەكلەنمىگەن ئىستەكلىرىدىنمۇ ساقلىنىپ، نەپسى ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆز نەپسى، روھىيىتى ھەمدە تېنى ھارامدىن پاكلانغاندىنمۇ بەكرەك راھەتلىنەلمەيدۇ.

ئىبنى رەجەب رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «روزىدار مۇئمىن ئاللاھ رازىلىقىنىڭ ئىستەك ۋە شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىشتە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، رەببىنىڭ رازىلىقىنى ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. شەھۋەتنى ئاللاھ ئۈچۈن تاشلاش لەززەتكە ئايلىنىدۇ، بۇ لەززەت ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقىغا بولغان چىن ئىماندا بولىدۇكى، رەھمان تائالانىڭ جازا مۇكاپاتىنىڭ ئۆزى يالغۇز قالغان چاغدىكى بىردەملىك شەھۋەتكە بېرىلىشنىڭ لەززىتىدىن

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 18 - بەت، بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5066 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1400 - ھەدىس.

دۇنيالارچە چوڭ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا خالىي قالغان ۋاقتىدا ئۇ ئىستەكلەرنى تېتىپ كۆرۈشنى دەررىنىڭ ئەلەم - ئازابلىرىدىنمۇ بەكرەك يامان كۆرۈپ، ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەپ شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىدۇ.

دەرۋەقە، يېيىش - ئىچىش ۋە ھالال جىنسىي ئالاقە روزا تۇتقاندىلا ھارام قىلىنغان بىلەن، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، بىراۋ (لار) نىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش، نام - ئابرۇيى (لىرى) نى ناھەق دەپسەندە قىلىش ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا ھارام قىلىنغان. شۇڭا، ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلىدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى چوقۇم تەكتلەش ۋە ساقلىنىش تولىمۇ مۇھىم»[1].

ئەييۇھەنناس! مۇبارەك رامازان ئېيىدا ئۇشبۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغانلار ئۇممەتنى ئالداپ، شەھۋەت قوزغايدىغان، روزىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆپلەپ تارقاتماقتا. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر رامازان كۈنلىرىدە ئۆزىنى روزىدار دەپ ھېسابلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن كېچىنى يامانلىقلار بىلەن بۇلغاپ سوھۇرلۇق يېگەن، يەنە ئېپتارغىچە گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرمىغان ھالدا ـــ ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ھالالنى كەڭرى قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى رامازاندا ۋە رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ھارامدىن بىھاجەت قىلغان تۇرۇقلۇق ـــ سوھۇر بىلەن ئېپتار ئارىلىقىدا ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان ئىشلارغا غەرق بولىدۇ.

رامازاندا روزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بۇزغۇچى، ھارام قىلىنغان شەھۋەتلەر ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق ۋە ئەۋرەتلەرنىڭ شەھۋەتلىرىگىلا يىغىنچاقلانغان ئەمەس. بەلكى يەنە قورساقنىڭ شەھۋىتىمۇ باردۇر. بىر ئىنساننىڭ پۇل - مېلى ھارام بولغان تەقدىردە شۇ پۇلغا سېتىۋېلىنغان يېمەك - ئىچمەك ئوخشاشلا ھارامدۇر. بىر كىشى يېمەك - ئىچمەكنى «پەقەت بەدەنگە كىرىپ چىقىپ كېتىدىغان بىر ماددا، خالاس» دەپ ئويلىغان بولسا بەكلا خاتالاشقان بولىدۇ، «قورساققا كىرگەن نەرسە ئەزالارنىڭ ھەربىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ھالال بولسۇن ياكى ھارام بولسۇن، بەرىبىر» دەپ ئويلاپ قالغىنىدا خاتالىقى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 18 - بەت.

تەقۋالىقنىڭ ھەقىقىتى دېگەن ھارام نەرسىنى يېيىش ۋىجدانلارنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ، قەلبلەردە يامان ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ ۋە ئەقىللەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئادەم بالىسى ھارام نەرسىنى يەپ - ئىچىۋەرگەندە، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىنسانلىق سۈپىتىنى يوقىتىدۇ. كۆپلىگەن ھارام كەسىپلەردىن كىرىم قىلىشنى ئاللاھ تائالا يېيىش دەپ ئاتىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدىن قىلغان كىرىم ئاقىۋەتتە يېمەك - ئىچمەككە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ھالال يەپ - ئىچتىم دەپ ئويلىسىمۇ، ناپاكنى يەپ - ئىچكەن بولىدۇ.

❃ «قۇرئان كەرىم» يېتىملەرنىڭ مېلىنى يەۋېلىش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن پايدىنى چەكلىگەندۇر: ﴿**زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا يەنى (لاۋۇلداپ تۇرغان) جەھەننەمگە كىرىدۇ**﴾(نىسا: 10).

❃ «قۇرئان كەرىم» جازانە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مالدىن قورقۇتقاندۇر: ﴿**جازانە ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ**﴾(بەقەرە: 275).

❃ «قۇرئان كەرىم» پارا يەپ قولغا كەلتۈرۈلگەن مالنى قاتتىق يامان كۆرسەتكەندۇر: ﴿**بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ، بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ماللىرىدىن زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن، ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار**﴾(بەقەرە: 188).

❃ «قۇرئان كەرىم» ھارامدىن، سېھىرگەرلىكتىن، كاھىنلىقتىن پۇل تېپىپ يېيىشنى قاتتىق يامان كۆرگەندۇر: ﴿**ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھقا، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان**﴾(مائىدە: 62).

✲ ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى دىندىن پايدىلىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن مالدىن يەپ - ئىچىشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغاندۇر: ﴿**ئى مۇئمىنلەر، ھىبرىلەر ۋە راھىبلاردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ**﴾(تەۋبە: 34).

ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشى ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتىن ۋە ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشنىڭ ئورنىغا ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپسىنىڭ قۇللۇقىغا بويسۇنغانلىقىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ**﴾(مەريەم: 59 – 60).

**ئى ئاللاھ! بىزنى ھالال رىزقىڭ ئارقىلىق ھارامدىن ساقلىغىن. ئۆز پەزل - مەرھەمىتىڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭدىن باشقىسىدىن بىزنى بىھاجەت قىلغىن! ... ئامىن!**


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس

16

# رامازاندىكى قۇلاقلىرىڭىز

ئىنساننىڭ ئەقىل، نەپس، روھ ۋە قەلب پاكلىقى ئۈنىڭ ئاڭلىغان نەرسىلىرىگە باغلىقتۇر. كىشى ياخشى نەرسە ئاڭلىسا، ئەقىل، نەپس، روھ ۋە قەلبلىرى ياخشىلىنىدۇ. ئەكسىچە، ئاڭلىغىنى يارىماس نەرسە بولسا، قەلب ۋە روھىيىتىگە ناچارلىق يۈزلىنىپ، ئەقىل ۋە نەپسىگە يامانلىق سىڭىپ كىرىدۇ.

شۇڭا، ھارام قىلىنغان نەرسىنى ئاڭلاش فىقھى تەرەپتىن روزىنى بۇزمىسىمۇ، لېكىن رامازاندا چەكلىنىدۇ. قۇلاق ھارامدىن چەكلەنگىنىدە رامازاندىكى ئۇلۇغ ۋاقىتقا لايىق بىر شەكىلدە قۇللۇق قىلىشنىڭ تەقەززالىرىنى ئورۇنلاش جەھەتتە قەلبكە ياردەم بېرىدۇ. بۇ چاغدا قۇلاقنى ئاللاھ غەزەپلىنىدىغان نەرسىلەردىن ساقلاش روزىنىڭ سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرى ئەمەس، بەلكى پەرزلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى، خۇددى رەببىمىزنىڭ: ﴿**(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ**﴾(ئىسرا: 36) دېگىنىدەك، قۇلاق يىل بويى ھېسابقا تارتىلىدۇ، رامازان ئېيىدا ئىنساننىڭ قۇلىقىغا قارىتا مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، رامازاننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش تېخىمۇ قەبىھتۇر. جابىر[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «روزا تۇتساڭ قۇلاق، كۆز ۋە تىلىڭنى ھارامدىن ساقلىغىن»[2] دېگەن. ئاڭلاش ھارام

---

(1) ئەبۇ ئابدۇللاھ **جابىر** ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ئەسسەلىمىي ئەلئەنسارىي (جَابِرُ بنُ عَبْدِ اللهِ بنِ عَمْرِو بنِ حَرَامٍ السَّلِمِيُّ الْأَنْصَارِيّ، ھ. بۇرۇن 16 – ھ. 78 / م. 607 – 697) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ــ «ئەقەبە بەيئىتى»گە ئاتىسى بىلەن قاتناشقان، كېيىن «رىزۋان بەيئىتى»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن 15 غازاتقا قاتناشقان كاتتا ساھابە. ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان (1,540 ھەدىس) ئالىم زاتلاردىن. ــ ت.

(2) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 21 - بەت.

قىلىنغان ئاۋازلار كۆپۈر سۆزلىرى، گۇناھ ئىبارىلىرى ۋە شەيتان ئازدۇرىدىغان ئاھاڭلاردۇر.

ئەي روزىدار! رامازاننىڭ ھۆرمىتى بىلەن قاتناشقان سورۇن ياكى ئۆچرىشىشلىرىڭدا قۇلىقىڭنى باتىل نەرسىلەردىن ساقلىغىن. ھەربىر باتىل نەرسىنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزى (بىۋاستە قوبۇل قىلىش، رازىلىق كۆرسىتىش ۋە ياخشى كۆرۈش بىلەن بولغان ۋاقىتدا) بىر باتىللىقتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇلاقنى ساقلاشنى مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ خاس سۈپەتلىرىدىن قىلدى. «مۆئمىنۇن» سۈرىسىدە كەلگەن مۆئمىنلەرنىڭ ئون خىل سۈپىتىدە نامازدىكى خۇشۇئنىڭ كەينىدىلا بىھۇدە ئىش ۋە سۆزلەردىن ئۆزلىرىنى ئۇزاق تۇتىدىغانلىقى زىكىر قىلىنغان. ئاللاھ تائالا: ﴿**مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۆئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر**﴾(مۆئمىنۇن: 1 – 3) دەيدۇ. مۆئمىن دېگەن ياخشى نەرسىلەرنى ئاڭلايدۇ، چۈنكى ناچار نەرسىلەرنى ئاڭلاش قەلبتىكى ياخشى نەرسىلەرنى ئاڭلاشنىڭ ئورنىنى زايە قىلىۋېتىدۇ ۋە نەپسكە ھەقنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى قالايمىقان كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇلاقلىرىنى پاكىز تۇتقان كىشىلەرنى پاكلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ**﴾(قەسەس: 55).

رامازاندا قۇلاقنىڭ باتىلنى ئاڭلىماسلىقىغا قارىتا مەسئۇلىيىتى ئېغىرلاشقىنىدەك، ھەقنى ئاڭلاشقا قارىتا مەسئۇلىيىتىمۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى، سەھەر ـ كەچلەردە جامائەت بولۇپ ئۇنلۇك قىرائەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان پەرز (بامدات، شام ۋە خۇپتەن) ۋە نەفلە (تەراۋىھ قاتارلىق) نامازلار گۈزەل رەۋىشتە دىققەت بىلەن ئاڭلاشنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغاندەك، ئىلىم مەجلىسى ۋە زىكىر سورۇنلىرىمۇ ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېتىكلىك ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە قىلغۇچىلارنى ماختىغان كاتتا ئىبادەت دەل «قۇرئان» ئاڭلاشتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، «قۇرئان» ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار!)**﴾(ئەئراف 204). «قۇرئان»دا جىنلارنىڭ ئۆز غەيب ئالىمدە «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىنغىنىدا جىمجىت بولۇشۇپ، بېرىلىپ ئاڭلىغانلىقىنى مەدھىيىلەپ بىر سۈرە چۈشكەن، ئۇ بولسىمۇ «جىن» سۈرىسى: ﴿**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ «قۇرئان»نى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق**﴾(جىن: 1). بىز ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىغىنىدا خۇددى شۇ جىنلار ئېيتقانىنى ئېيتالايدىغانلار بارمىدۇ؟ ﴿**بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ «قۇرئان»نى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز**﴾(جىن: 1 – 2). قانچىلىك ئىنسان ئۇلار چۈشەنگەننى چۈشىنىپ، ئۇلار چاقىرغان ھىدايەتكە چاقىرىشىدۇ؟ ئۇلار ئۆز قەۋمىنى «قۇرئان» ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتكە چاقىرىشقان ئىدى: ﴿**ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ**﴾(ئەھقاف: 31).

«قۇرئان»نى ھەقىقىي تۈردە مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن قەلبنى ھازىرلاپ دىققەت بىلەن ئاڭلاش ۋە ئەقلنى سەگەك تۇتۇش قاتارلىق بىرقانچە شەرتلەر تېپىلغاندا تىڭشالغان «قۇرئان» قۇلاقتىن قەلبكە يېتىپ بارىدۇ: ﴿**بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلبەتتە ۋەز - نەسىھەتلەر باردۇر**﴾(قاف: 37).

ئىبنۇلقەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ««قۇرئان»دىن مەنپەئەتلىنەي دېسەڭ، ئۇنى ئوقۇغاندا ۋە ئاڭلىغاندا قەلبىڭنى ھازىر تۇت، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇپ

سۆزلەۋاتقان كىشىدەك تۇيغۇدا بول! چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق ساڭا قىلغان خىتابىدۇر. مەزكۇر ئايەت بۇلارنى ئىخچام لەۋزى بىلەن تولۇق ئىپادىلىگەن. ئۇشبۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ﴿بۇنىڭدا ئەلبەتتە ۋەز - نەسىھەتلەر باردۇر﴾ دېگەن يەرگە كەلگۈچە مەقسەت ئاللاھ توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىدىغان تىرىك قەلبتۇر. ئەۋۋەلا ‹قۇرئان›دىن ئىبارەت تەسىر كۆرسەتكۈچى بولسا، ئاندىن قوبۇل قىلىدىغان قەلب تىرىك، ئەستايىدىل ۋە ھازىر بولسا، شۇنداقلا قەلبنى مەقسەتتىن باشقا نەرسىگە بۇراپ كېتىدىغان بىرەر ئامىل بولمىسا، ئەنە شۇندا مەنپەئەتلىنىشتىن ئىبارەت مۇراد ھاسىل بولۇر»[1].

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ مۆئمىنلەرنى ﴿**ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، «قۇرئان» ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)**﴾(ئەئراف: 204) دەپ ئۆز سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشقا بۇيرۇشى قۇلاقلارغا نىسبەتەن بىر شەرەپ ۋە پاكلاشتۇر. ھەمدە بۇ قۇلاقلارنىڭ ئۆزىمۇ شۈكۈر ئېيتىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان بىر نېئمەتتۇر: ﴿**يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر**﴾(سەجدە: 9).

ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنىلا ئاڭلاپ يامانلىقتا قۇلاق سېلىشتىن يىراق تۇرغان كىشىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. رامازان قۇلاقلارنى تائەتلەر بىلەن پاكلاپ، يامانلىقتىن يىراق قىلىدىغان ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. ئاڭلاشنىڭ ئۆزى ئالاھىدە بىر ئىبادەت بولۇپ، بۇ توغرىسىدا ئىمام ئىبنۇلقەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلى ۋاجىب قىلغان ئىمان ۋە ئىسلامغا ئالاقىدار پەرزلەرگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش، شۇنداقلا ئۇنلۇك ئوقۇلىدىغان نامازلاردىكى ئىمامنىڭ قىرائىتىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىش بىلەن بىرگە جۈمەنىڭ خۇتبىسىگە قۇلاق سېلىش ۋاجىپتۇر.

كۇپۇر ۋە بىدئەتكە قۇلاق سېلىش ـــ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ياكى كۇپۇر ۋە بىدئەت ئەھلىگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىش، ياكى كۇپۇر ۋە بىدئەتنى تونۇش بىلەن

(1) ئىبنۇلقەييىم: «فەۋائىد»، 3 - بەت.

ئىمان ۋە سۈننەتنى يەنىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە ئوخشاش كۆچلۈك مەنپەئەت بولمىغان ۋاقىتىدا ــ ھارامدۇر. ھەمدە ئاللاھنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەققىنى ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇسۇلمانغا ئەزىيەت بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، سېنىڭ بىلىپ قېلىشىڭنى خاھلىمايدىغان بىر قېرىندىشىڭنىڭ سىرلىرىغا قۇلاق سېلىشىڭ ھارامدۇر. يەنە شۇنداقلا گۇۋاھلىق بېرىش ياكى قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر مۇئامىلە، پەتىۋا سوراش، سوتلىشىش ۋە ياكى داۋالاش دېگەندەك ئاۋازلىرى بىلەن پىتنە بولۇشىدىن قورقۇلىدىغان نامەھرەم ئاياللارغا قۇلاق سېلىش ھارامدۇر.

ۋە يەنە خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلىرىغا قۇلاق سېلىش ھارامدۇر. چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئاۋازى كىشى ئاڭلاشنى خاھلىمىغان ۋاقىتتىمۇ قۇلاققا كىرىپ قالغان بولسا، قۇلىقىنى ئېتىۋېلىش ۋاجىپ ئەمەس. لېكىن، شۇ ساز - چالغۇلارغا مايىللىقتىن ۋە قۇلاق سالغان ۋاقىتىدا ھارامغا ئېلىپ بارغۇسى ئامىللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاڭلاشتىن ساقلىنىش ۋاجىپتۇر. مۇستەھەپ ئىلملەرگە، ‹قۇرئان› قىرائىتىگە، ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا ۋە پەرز بولمىغان، ئەمما ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان پۈتۈن نەرسىلەرگە قۇلاق سېلىش مۇستەھەپتۇر. مەكرۇھ بولسا جازا كەلمەيدىغان پۈتۈن يامان كۆرۈلگەن نەرسىلەرگە قۇلاق سېلىشتۇر. مۇباھ ئوچۇق - ئاشكارىدۇر»[1].

**ئى ئاللاھ! سەن بىزنى ياشاتقان مۇددەتچە قۇلاقلىرىمىزغا، كۆزلىرىمىزگە ۋە كۈچ - قۇۋۋەتلىرىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ھاياتىمىز بويىچە بىزنى شۇلاردىن ئايرىمىغىن!... ئامىن!**

(1) ئىبنۇلقەييىم: «مەدارىجۇسسالىكىن»، 1 - توم، 115 - بەت.


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

17

# رامازاندىكى كۆزلىرىڭىز

رامازان سەبر ۋە تىرىشچانلىق ئېيىدۇر. كىشىنىڭ ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قاراشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى ياكى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى سەبر ۋە تىرىشچانلىقنىڭ قاتارىدىندۇر.

بۇنداق قىلىش كىشىنىڭ قەلبىنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن گۈللىنىدىغان رامازان ئېيىنىڭ روھى بولمىش تەقۋالىق بىلەن ئۇزۇقلاندۇرىدىغان بۇيۈك ئىمانىي ئەخلاققا ئادەتلەندۈرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بارلىق مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىنە ئاياللارنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىققا بۇيرۇغان. چۈنكى، بۇ ئىمانىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۆئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن**﴾(نۇر: 30 – 31). ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتلەرنى تەپسىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق ۋە ھارام نەرسىلەردىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقا قىلىنغان بۇيرۇقىدۇر. ئەگەر ئىنساننىڭ كۆزى مەقسەتسىز ھالدا ھارام قىلىنغان نەرسىگە چۈشۈپ قالسا، كۆزلىرىنى تېزلىكتە باشقا يانغا بۇرۇۋېلىشى كېرەك»[1].

(1) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 3 - توم، 28 - بەت.

هارامغا قاراشتىن ساقلىنىش ئەۋرەتنى هارامدىن ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە قوغدىلىشى ئىنساننى قىيامەت كۈنىدىكى پۇشايماندىن قوغداپ قالىدۇ. هارامغا قاراش مىسالى زەھەرلىك بىر ئوقتۇر، ئۇنىڭ قادىلىش يېرى دەل قەلبتۇر، كۆز هارام قىلىنغان نەرسىگە قارىغانسېرى، قەلب قاراڭغۇلۇققا چۆكقۇرلاپ چۆكۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلبنىڭ قارىدىشى ۋە بۇزۇلۇپ كېتىشى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىدۇ. بەلكى بۇ قارىداپ كېتىش ئەقىلنى پەردىلەپ، ھەقنى كۆرۈشتىن كور قىلىپ قويۇشى ياكى هىدايەتنى تېپىشتىن توسۇپ قويۇشى مۇمكىن.

بەندە ئۇچۇن ئىشلار قالايمىقان بولۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇ ياخشى ئىشلارنى تونۇمايدىغان (قەدرىگە يەتمەيدىغان)، مۇنكەر ئىشلارنى ئىنكار قىلمايدىغان، ھەقنىڭ هالاۋىتىنى، باتىلنىڭ زەھەرلىك ئاچچىقلىرىنى تېتىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەلەفلەر مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۆزىنى قوغدىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە بىر نۇر ئاتا قىلىدۇ». بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر**﴾(نۇر: 30) دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان بىر چۈشەنچىدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ بۇنى تۇتۇپ مېڭىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، كۆزنى نامەھرەملەرگە يۇمۇش ئۇلار ئۆزلىرىنى پاكىز تۇتىدىغان ۋە مەدھىيەگە لايىق بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر[1].

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قايسىبىر مۇسۇلمان نامەھرەم بىر ئايالنىڭ گۈزەل يەرلىرىگە قاراپ سېلىپ، ئاندىن (ئاللاھتىن قورقۇپ)، كۆزىنى باشقا بىر تەرەپكە بۇرىۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە هالاۋىتىنى هېس قىلالايدىغان بىر ئىبادەتنى ئاتا قىلىدۇ»[2]. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ هەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىك بار. لېكىن، بۇنداق ھەدىسلەرنى تەرغىب ئۈچۈن ئىشلىتىشتە كەڭرىلىك باردۇر»[3].

---

(1) «تەفسىرۇ فەخرۇررازىي»، 23 - توم، 206 - بەت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 22332 - هەدىس. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى بەك زەئىف» دېگەن.

(3) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 3 - توم، 282 - بەت.

ھەقىقەتەن ئىمانىنىڭ ھالاۋىتى ھارام قىلىنغان لەززەتلەردىن ئىبارەت شەيتان ئالدايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا يۆكسەك ھېس - تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە نامەھرەملەرگە پۈتۈنلەي قارىماسلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى «تىكلىپ قارىمسۇن» بولىدى (بۇنىڭدىن ئۆز ئىرادىسى بىلەن قارىسا بولىدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلبەتتە. ــ ت). پۈتۈنلەي قارىمسۇن دېمەستىن، بەلكى بىزدىن ھارامغا قارىماسلىقتا ھەقىقىي بىر شەكىلدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى ــ كۆز ئۇشتۇمتۇت ھارامغا قاراپ سالغان ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇلۇغلاپ، ئىككىنچى قېتىم قاراپ سالمايدىغان بىر دەرىجىدە ــ تەلەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئەلى! بىر قارىغاندىن كېيىن يەنە قاراۋەرمىگىن. دەسلەپكى قاراشتا رۇخسەت بار، ئىككىنچى قاراشقا رۇخسەت يوق»[1] دېگەن ئىدى.

نامەھرەملەرگە قارىماسلىق ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاش ئارقىلىق نەپسنى ھالاكەتتىن قوغداپ قالغىلى بولۇپلا قالماي، يەنە كاتتا مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ. بەلكى ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا پۈتۈن يەر - جاھان تولغۇدەك دۇنيانىڭ نازۇنېمەت، زىبۇزىننەت ۋە گۈزەللىكلىرى تەڭ كېلەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم ماڭا ئىككى لېۋى بىلەن ئىككى پاچىقىنىڭ ئارىسىنى مەھكەم ساقلاشقا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن»[2].

ھارامغا قارىماسلىق ئەۋرەتنى پاك ساقلاشتا ئەڭ چوڭ ياردەمچى بولغاچقا، ئايەتتە ئەۋرەتنى (ھارامدىن) ساقلاشتىن ئىلگىرى بايان قىلىنىدى. چۈنكى، ھارامغا قاراۋېرىش ئەۋۋەل شەھۋانىي خىياللارغا سالىدۇ، ئاندىن بۇزۇقچىلىققا باشلايدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىكى بالايىئاپەت ئېغىر ۋە ئۇنى كونترول قىلىش تولىمۇ تەستۇر[3].

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 22991 - ھەدىس. باھا بەرگۈچىلەر: «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن. «ئەبۇ داۋۇد»، 2149 - ھەدىس؛ تىرمىزىي: (2777 - ھەدىس) «ھەسەن» دېگەن. ھاكىم، زەھەبىي ۋە ئالبانىيلار: «سەھىھ» دېگەن.

(2) «بۇخارىي»، 6474 - ھەدىس.

(3) «تەفسىرۇ فەخرۇررازىي»، 23 - توم، 206 - بەت.

بەزىلەر نامەھرەملەردىن كۆزنى يۇمۇش نەپسكە زۇلۇم قىلغانلىق دەپ ئويلىشى ياكى ھارامغا قاراشنى دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىدىن ھوزۇرلىنىش دەپ قارايدىغانلار ئەركىنلىكنى بوغۇپ قويۇش دەپ بىلجىرلىشى مۇمكىن. لېكىن، شەرىئەتنىڭ ھېكمەتنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلاپ باققان كىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ كۆرسەتمىسىدە ــ مەزكۇر گۇناھنىڭ ئورنىغا قەلبنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ساغلاملىقىغا ئېرىشكەن، بۇنداق ھاراملارنى خاھلىغانچە قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەبەدىي، ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرگە ئىنتىلگەن ۋاقىتتا ــ ئىنسانلارغا قولايلىق يارىتىشنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، دۇنيانىڭ يامانلىق ۋە ساختىلىقلىرىدىن چەكلەنمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ جەننەتنىڭ نازۇنېمەتلىرى، خۇشاللىقلىرى ۋە ھۆر پەرىلىرىگە ئېرىشكىلى بولسۇن؟!

توغرا، ھارامغا قاراش ئۇشبۇ دۇنيادا ئازغىنە ئۆتكۈنچى لەززەت ۋە ۋاقىتلىق خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ھارام قىلىنغان بۇ قاراشلار بىلەن كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەرقانداق زىياندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر زىيانغا قېلىشى، يەنى ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراشنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

ئىنسان نامەھرەملەرگە قارىماسلىق قاتارلىقلاردا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ جامالىغا قاراش نېئمىتىگە ئېرىشىپ نىجات تاپىدۇ. ئەگەر ئىتائەتنىڭ پايدىسى پەقەت مۇشۇلا بولغان تەقدىردىمۇ، ئەلبەتتە ئۇ ئىنسانغا مۇھىملىق ۋە شەرەپ جەھەتتە يېتىپ ئاشقان بولاتتى. ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿**بۇ كۈندە، (ساﺋادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ**﴾(قىيامەت: 22 – 23).

نامەھرەمگە قاراش، خىلمۇخىل گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ئىبارەت زەھەرلەردىن قەلبى ساق قالمىغان كىشى قانداقمۇ ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراشقا مۇشەررەپ بولالىسۇن: ﴿**ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ**﴾(شۇئەرا: 88 – 89).

نامەھەرەملەرگە قاراش ــ قارىغان كىشىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ـــ ناھايىتى ئاز مىقداردا ھۆزۈر ۋە خۇشاللىق بېرىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ۋاقىتلىق ھۆزۈر ئاخىرەتتىن ئىلگىرى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا بەختسىزلىك ۋە شەقىيلىككە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ تۇرلۇك كىشىلەر ئۈيلەرگە ئىشىكلىرىدىن كىرمىدى، ئىزدىگەن توغرىلىقىقا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەلەفلەر: «گاھىدا بىردەملىك ھۆزۈر ئۇزۇن مۇددەتلىك خارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش خارلىقنى ئېلىپ كەلگۈچى لەززەتلىنىش بىلەن ـــ شەقىيلىك بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بەخت - سائادەتنىڭ ۋە گۇناھلار دۇغلاشتۇرۇۋەتكەن ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئارقىسىدا يوگۈرۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ـــ رامازاندا ۋە رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ۋاقىتلارنى زايە قىلىۋېتىش باردۇر.

**ھەر نە ۋاقىت تەڭلىسەڭ ئەۋرەتنىڭ ھارامغا،**

**باشلامچىسى كۆزلىرىڭ قەلبىڭ قالۇر ئازابقا.**

**كۆرگىنىڭنىڭ ھەممىدىن يۇمالمايسەن كۆزۈڭنى،**

**سەبر قىلغىن بەزىگە، ئويلان، تۇتقىن ئۆزۈڭنى.**

روزىدار تۇرۇپ ھارامدىن كۆزۈڭنى ئۇزەلمەي، «ھەسەلنىڭ قىلنى ئىلغاپ، ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يېگەن» ئادەمگە ئوخشاپ قالمىغىن! (قورسىقىڭ ھالال يېمەك - ئىچمەكتىن ئۆزىنى تارتىپ روزا تۇتسا، كۆزلىرىڭ «نەدە ھارام باركىن» دەپ ئىزدەپ يۈرمىسۇن!)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سەن روزا تۇتقىنىڭدا قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ ۋە تىلىڭ يالغانچىلىقتىن ۋە ھاراملاردىن روزا تۇتسۇن. قوشناڭغا ئەزىيەت بەرمە. ئېغىر - بېسىق ۋە سالماق بول. روزا تۇتقان كۈنۈڭنى روزا تۇتمىغان كۈنۈڭ

بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويما»[1]. شۇنداق، روزا تۇتقان كۈنىڭىزنى روزا تۇتمىغان كۈنىڭىز بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويماڭ.

**ئى ئاللاھ! كۆزلىرىمىزگە ھەقنى ھەق كۆرىدىغان نۇر ئاتا قىلغايسەن، قۇلاقلىرىمىزغا ھىدايەت چاقىرىقلىرىنى ئاڭلايدىغان، باتىلنى توسۇۋالىدىغان نۇر ئاتا قىلغايسەن ۋە قەلبلىرىمىزنى ئۆز ھىدايەت نۇرۇڭ بىلەن نۇرلاندۇرىۋەتكەيسەن!**

**ئى ئاسمان - زېمىننىڭ نۇرى بولغان ئاللاھ! قىيامەت كۈنى بىزگە (پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ساق - سالامەت ئۆتۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن) نۇر ئاتا قىلغىن... ئامىن!**

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 21 ـ بەت.

18

# رامازاندىكى تىلىڭىز

رامازاندا تىلىڭىزنى بەزى ۋاقىتلاردا زىكىر ئېيتىش ۋە بەزى ۋاقىتلاردا سۈكۈت قىلىشتىن ئىبارەت ئىبادىتى باردۇر. سۈكۈت قىلىشمۇ ھەزرىتى مەريەم ئېيتقاندەك روزىنىڭ مەنىلىرىدىن بىرىدۇر: ﴿**مەن ھەقىقەتەن راھمان تائالاغا شۇنداق بىر روزىنى نەزىر قىلدىمكى، بۈگۈن ھېچبىر ئىنسانغا سۆز قىلمايمەن**﴾(مەريەم: 26).

ھەزرىتى مەريەم ۋەدە قىلغان روزا گەپ قىلماسلىق ۋە سۈكۈت قىلىش ئىدى. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ روزىمىزدا تەلەپ قىلىنغان سۈكۈت قىلىش تىل ئارقىلىق سادىر بولغۇسى گۇناھلاردىن، گەپ - سۆزنىڭ ئاپەتلىرىدىن ساقلىنىشتۇر. گەپ - سۆزنىڭ ئاپەتلىرى بولسا پەرۋا قىلماستىن تىلدىن سادىر بولغان نەرسىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنى دوزاخقا دۈم تاشلايدىغان نەرسە شۇ تىللىرى بولماي نېمە؟»[1]

تىلنىڭ ئاپەتلىرى بولسا غەيۋەتخورلۇق، سۆخەنچىلىك، يالغانچىلىق، مەسخىرىۋازلىق، ھاقارەتخورلۇق، يالغان گۇۋاھلىق ۋە مەنىستمەسلىك دېگەندەك تولىمۇ كۆپتۇر.

يۇقىرىقىلاردىنمۇ يامانراقى، يەنى كىشى ئاللاھقا خالىس تەۋبە قىلمىغىنىدا جەھەننەمدە ئەبەدىي قېلىشقا سەۋەب بولىدىغىنى كۇپۇر ۋە شېرىك سۆزلەردۇر.

ئىنسان روزىسىدا تىلىنى ھارام قىلىنغان ئاپەتلەردىن قوغدىمىسا، تۇتقان روزىسىنىڭ پايدىسى نېمە؟! مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ روزا تۇتۇشتىن مەقسەت قىلىنغان

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 21008 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2616 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3963 - ھەدىس. ئالبانىي «ھەسەن» دېگەن.

تەقۋالىق ئەمەلىيلىشەمدۇ؟! تىلنىڭ ئاپەتلىرىدىن بىرى بولغان يالغانچىلىق روزىنىڭ روھىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ۋە يوق قىلىۋېتىدۇ. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «(روزىدار) كىشى يالغان سۆزلەش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتمىسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى تەرك ئېتىشىگە ئېھتىياجى يوقتۇر»[1]. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە: «روزا بىر قالقاندۇر، بىرىڭلار روزا تۇتقان بولسا، سەت گەپ قىلمىسۇن، پاسىقلىق قىلمىسۇن، ۋارقىراپ - جارقىرىمىسۇن. ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ‹مەن روزىدار› دېسۇن»[2] دەپ بۇيرۇش ئارقىلىق روزىنىڭ ئاساسىنىڭ يېمىرىلىپ كېتىپ، قالقان ياكى قوغدىغۇچى بولالماي قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناشايان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق ۋە پۇچەك تەبىئەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇ قاتاردا پاسىقلىق ۋە جاھالەت كەبى ئىككى چوڭ نۇقسان سەۋەبلىك ئاغزىدىن نامۇناسىپ سۆزلەرنىڭ تۆكۈلۈشى روزىنىڭ جەھەننەمدىن قوغدىغۇچى قالقانلىق سۈپىتىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.

ئىمام ئىبنۇل جەۋزىي مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار يېمەك - ئىچمەكتىن روزا تۇتىدۇ - يۇ، گەپ - سۆزدىن روزا تۇتمايدۇ؛ كېچىلىرى داۋاملىق قىيامدا تۇرىدۇ - يۇ، لېكىن ئىنسانلارغا ئەزىيەت بېرىدۇ. بۇ تۈرلۈك كىشىلەر تىلى ۋە ھەرىكىتى سەۋەبلىك گۇناھكاردۇر، روزىسى ۋە كېچىلىك قىيامىدا ئەجىر - مۇكاپاتسىزدۇر. قېنى ھىدايەتتىن ئۇزاقلىشىپ، يامان يوللارغا باشلامچىلىق قىلغۇچىلار؟ قېنى گۇناھلار قەلبىنى قارايتىۋەتسىمۇ تەۋبىگە ئالدىرىمىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمىغان كىشىلەر؟ ئەي مىسكىن! ھالىڭغا ۋاي! رەھمەت ۋە مەغپىرەتنى ئۈز ئىچىگە ئالغان رامازان ئېيىنى غەنىيمەت بىل! ئى مىسكىن! ئۆلۈم ئىشىك قېقىشتىن ئىلگىرى بۇرۇلۇپ نەپسىڭگە بىر قارا!»[3]

(1) «بۇخارىي»، 1903 - ھەدىس.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1904 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1151 - ھەدىس.
(3) ئىبنۇل جەۋزىي: «بۇستانۇل ۋائىزىن»، 312 - بەت.

ئى روزىدار دوستۇم! بۇ ئازغىنە كۈنلەرنى ئۇلۇغلاڭ، غەنىيمەت بىلىڭ، راست بولسۇن ياكى چاقچاق بولسۇن، خۇشال ۋاقتىڭىزدا ياكى ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل قىلىچىدىن ۋە گەپ - سۆز ئوقىدىن روزىڭىزنى قوغداڭ!

ئى روزىدار قېرىندىشىم! رامازان ئېيى تىلىڭىزنى ھەقتائالاغا قۇللۇق قىلىشقا كۆندۈرۈشىڭىز ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. پەرز، ۋاجىپ ۋە مۇستەھەپلەردە قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا، ھارام ۋە مەكرۇھلاردىن يىراق تۇرۇشتا تىلىڭىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قۇللۇقلىرى باردۇر.

ئىمام ئىبنۇلقەييىم بۇ قۇللۇقلارنى زىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ قىسىملىرىنى ۋە ھەر قىسىمغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تىلنىڭ بەش تۈرلۈك قۇللۇقى باردۇر. ئۇلاردىن ۋاجىپ بولغانلىرى:

✵ ئىككى شاھادەتنى تەلەپپۇز قىلىش؛

✵ نامازنىڭ دۇرۇس ئادا تېپىشى ئۈچۈن ‹قۇرئان كەرىم›دىن (يادقا) تىلاۋەت قىلالىغۇدەك ئايەتلەرنى توغرا تىلاۋەت قىلىش؛

✵ رۇكۇ ۋە سەجدىلەردىكى تەسبىھ، رۇكۇدىن قوپقاندىن كېيىن ‹رەببەنا لەكەل ھەمد› دېيىش، تەشەھھۇد ۋە تەكبىرگە ئوخشاش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان نامازدىكى ۋاجىپ زىكىرلەرنى تەلەپپۇز قىلىش.

تىلنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ قاتارىدىن يەنە: سالامغا جاۋاپ قايتۇرۇش، باشتا سالام قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىدا ئىككى خىل قاراش بار. ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، بىلمىگەنگە ئۆگىتىش، توغرا يولنى كۆرسىتىش، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىش ۋە راست گەپ قىلىش قاتارلىقلار باردۇر.

مۇستەھەپ بولغىنى: «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىش، داۋاملىق ئاللاھنى ئەسلەش، پايدىلىق ئىلىملەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۆگىنىش ۋەھاكازالار.

تىلغا هارام قىلىنغان نەرسىلەر: ئاللاھ تائالا رەسۇلىنى ئەۋەتكەن نەرسىگە قارشى بىدئەتلەرنى سۆزلەش، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش، ئۇنى گۈزەل كۆرسىتىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە هاراملىقى ئەڭ ئېغىر بولغان ـــ ئاللاھ توغرىسىدا ئىلىمسىز گەپ قىلىشقا ئوخشاش ـــ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى يامان كۆرىدىغان بارلىق يامان نەرسىلەرنى سۆزلەش.

تىلغا مەكروھ بولغان نەرسىلەر: گەپ قىلماسلىق ياخشى بولغان ئىشلاردا گەپ قىلىسا جازالانمايدىغان تۇرۇقلۇقمۇ گەپ قىلىپ يۈرۈش»[1].

تىل بەدەندىكى قالغان ئەزالارغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەدىستە: «ئادەم ئەۋلادى تاڭ ئاتقۇزۇشى بىلەن بارلىق ئەزالىرى تىلغا يالۋۇرۇپ: ‹ئاللاھتىن قورق، بىزنىڭ بارلىقىمىز سېنىڭ بىلەن بىرگە. سەن توغرا بولسالڭ، بىزمۇ توغرا بولىمىز؛ سەن ئەگرى بولسالڭ، بىزمۇ ئەگرى بولىمىز› دەيدۇ»[2] دېيىلگەن.

ئىنسان قىلالايدىغان ئەڭ ئاسان ئىش گەپ قىلىش بولۇشى مۇمكىن، تىلنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى قولاي، ئۇدۇللا بولىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «سۈكۈت قىلىش بەكمۇ ئاز كىشى ئورۇندىغان ھۆكۈمدۇر» دېيىلگەن.

ئاز گەپ قىلىش سالىھلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر، ئۇلار پەقەت گەپ قىلىش زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىلا ياكى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ۋە ياكى باشقىلاردىن پايدا ئالىدىغان نەرسىلەردە گەپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدۇ: «تىلىڭنى يىغ، ئۆيۈڭدە ئولتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن يىغلا»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن مۇئازغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش بىلەن تىلنى قوغداش ئارىسىدىكى كۈچلۈك ئالاقىنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «مەدارىجۇسسالىكىن»، 1 ـ توم، 114 ـ، 115ـ بەتلەر.
(2) «تىرمىزىي»، 2407 ـ ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 11472 ـ ھەدىس. ئەبى سەئىدنىڭ رىۋايىتى، ئالبانىي «ھەسەن» دېگەن.
(3) تىرمىزىي: («سۇنەن»، 2406 ـ ھەدىس) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

رامازاندا روزنى بۇزغۇچى بارلىق ناچار ئامىللاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، تەقۋالىق بولسا تىلنى تۇتۇۋېلىشقا باغلىقتۇر. دېمەك، مەيلى قاچانلا بولسۇن، تىلنىڭ روزىسى باشقا ئەزالارنىڭ روزىسىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

مۇشكۇلاتلىرىمىزدىن بىرى ھەم شۇكى، تىللىرىمىزدىن پەرۋاسىزلارچە سادىر بولغان گەپ - سۆزلەرگە توشۇپ كەتكەن ئەمەل دەپتىرىمىز بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا، بىز تولەشكە تېگىشلىك بەدەلنىڭ قىممىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىمىزدۇر. چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، مىسال تەرىقىسىدە بىر يىل ئىچىدە قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىمىز تېلېفون تالونىغا ئوخشاش تالون شەكلىدە كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى! ئەجەبا ئۇ تالوننىڭ ئىچىگە قىلىشقان گەپ - سۆزلەرنىڭ سانى، ۋاقتى، قايسىسى ھەق، قايسىسى باتىل، ياخشىسى نەچچە، يامىنى نەچچە، قانچە ساۋاب، قانچە گۇناھ ھەممىسى بىرمۇبىر يېزىلغان بولسا، بۇ تالون قانچە بەت ۋە ھەربىر بەت ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك نەرخ قانچىلىك بولار - ھە؟!

ئەجەبلىنەرلىكى، بەزىلىرىمىز ھاياتىنىڭ بىرنەچچە كۈنى ياكى سائەتلىرىگە قىياسلىغىلى بولمايدىغان بىرقانچە مىنۇتلۇق پاراڭ خاتىرلەنگەن تېلېفون تالونىنى تاپشۇرۇپ ئالغان، سېكۇنت - سانىيەلىرى بىلەن خاتىرلەنگەن شۇ تالوننىڭ ناھايىتى قىممەت توختاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، چېكىمىزدىن تەرلەر ئاققان ھالدا بۇنچىلىك چىقىمغا سەۋەب بولغان شۇ پاراڭ ھەققىدە ئويلىنىمىز. مۇشۇنچىۋالا چىقىم تۆلىنىشكە ھەقلىقمۇ؟ بۇ پاراڭلىشىشلارنىڭ شۇ چىقىملارغا تەڭ كەلگۈدەك قىممىتى بارمىدى؟! بەزى كىشىلەر ناھايىتى چېكلىق قىلىپ، تېلېفون قىلىپ ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىپ چىقىمدار بولماسلىق ئۈچۈن، تېلېفوننى پەقەت كەلگەن تېلېفونلارنىلا قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان، ئەمما ئۆزى تېلېفون قىلغىلى ۋە ئۇچۇر ئەۋەتكىلى بولمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئەقىللىق كىشى گەپ قىلىشتىن كۆپرەك ئاڭلاش ئۈچۈن بەزى مۇھىم ئىشلىرىنى قولىقىغا ھاۋالە قىلغان ۋاقىتتا تىلى بىلەن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشى قىيامەت كۈنى گەپ - سۆزلىرىنىڭ تالونلىرىنى ئۆتىيەلمەسلىكتىن قورقىدۇ.

ئى روزىدار قىرىندىشىم! ئاخىرەتنىڭ ھېسابات تالونى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چىگىش بىر شەكىلدە تىلىڭىزدىن پەرۋاسىزلەرچە تۆكۈلگەن گەپ - سۆزلىرىڭىزگە ئاساسەن بولىدۇ.

بۇ تالونلارنىڭ ئېغىرلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن يېگانە چىقىش يولىڭىز شۈكى، سىزنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭىزغا ھېرىسمەن، مۇئمىنلەرگە ئامراق ۋە كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى تۇتۇپ مېڭىشىڭىزدۇر. ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «تىلىڭنى يىغ!»

**ئى ئاللاھ! تىلىرىمىزنى سېنى ئەسلەيدىغان، ساڭا شۈكۈر ئېيتىدىغان ۋە سېنىڭ دىنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان قىلىپ بەر، تىلىرىمىزنى بىزنى ھالاكەتكە باشلىغۇچى پايدىسىز ئىشلاردىن ئۇزاق قىلىپ بەرگىن... ئامىن!**

19

# رامازاندىكى قەلبىڭىز

قۇلاق ۋە كۆزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بولغىنىدەك، قەلبىڭىزمۇ ھەم مەسئۇلىيىتى باردۇر. بىزلەر پات ئارىدا قۇلىقىمىز ئاڭلىغان، كۆزىمىز كۆرگەن نەرسىلەردىن سورالغاندەكلا، دىلىمىزدا ئورۇنلاشقان ۋە قەلبىمىزدە قارار بەرگەن نەرسىلەردىنمۇ سورىلىمىز. ﴿**(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ**﴾(ئىسرا: 36). يەنى شۇ ئەزالاردىن ۋە شۇ ئەزالارنىڭ قىلمىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىمىز. قەلبنىڭ باشقا ئەزالارغا قارىغاندا ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى باردۇر. چۈنكى، قەلب رەسۇلۇللاھ ئېيتقاندەك: «ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزەلىدىغان، ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدىغان بىر چىشلەم گۆشتۇر»[1].

رامازان ئېيىدا پۈتۈن بەدەن ئەزالىرى قاتارىدا قەلبىڭىزمۇ ئالاھىدە ئىبادەتتە باردۇر. قەلب بەدەن ئەزالىرىنىڭ رەھبىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتلەرنىڭ باشلامچىسى بولغان ئىخلاس بىلەن خاس قىلىنغاندۇر. ئىبادەتلەر ئىچىدە ئىخلاسقا ــــ بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئارىسىدىكى ئىبادەت بولغان ــ روزىدىنمۇ يېقىنراق ئىبادەت بولمىسا كېرەك، روزىنىڭ ئىخلاسسىز بىر ئىتائەت بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بەلكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن رىۋايەت قىلغان سۆزىنىڭ مەنىسى بولۇشى مۇمكىن: «**ئادەم ئەۋلادىنىڭ روزىدىن باشقا قىلغان پۈتۈن ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، روزا ئۇنىڭ سىرتىدا، روزا پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ،**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 52 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1599 ـ ھەدىس.

**ئۈنىڭ ئەجرىنى مەن بېرىمەن»**[1]. ئىمام قۇرتۇبىي[2] مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە پۈتۈن ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىنىدىغان بولسىمۇ، روزىنى باشقا ئىبادەتلەردىن پەرقلىق قىلغان ئىككى سەۋەب تۈپەيلى ھەقتائالا ئۇنى ئۆزىگە خاس قىلدى:

1. روزا باشقا ئىبادەتلەردە چەكلەنمەيدىغان نەپسانىي ئارزۇ ۋە شەھۋەتلىرىنى چەكلەيدۇ؛

2. روزا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە ئاشكارا بولمايدىغان، بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىردۇر. روزىدىن باشقا ئىبادەتلەر ئاشكارا بولغانلىقى، بەزى ۋاقىتتا ياسالمىلىق ياكى رىيا بىلەن قىلىنىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، روزا ئاللاھقا خاس قىلىندى. شۇڭلاشقا روزا باشقا ئىبادەتلەرگە قارىغاندا ئەڭ خاس ئىبادەتكە ئايلاندى»[3].

كىشى رامازان ئېيىدا قەلبىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ۋە رامازاندىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىغا قىياس قىلىپ بېقىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ قەلبىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز نۇقتىلىرىنى تونۇيالايدۇ ھەمدە بۇ قىياس بىلەن رامازان ئېيىدا ۋە قالغان 11 ئايدا ئاللاھقا بولغان قۇللۇقى بىردەكمۇ - ئەمەسمۇ، رەببىگە بولغان مۇئامىلىسى رامازاندا ئالاھىدە ئۇلۇغلاش قوشۇلۇپ، يىلنىڭ باشقا ئايلىرىدا سەل قاراش بارمۇ - يوقمۇ بىلىپ يېتەلەيدۇ.

ئەسلىدە ئاللاھقا بولغان قۇللۇقىمىز ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇستۈن بىلىش ئاساسىدا بولۇشى، بۇ خىل ئۇلۇغلاش رامازاندا ۋە رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئوخشاش بولۇشى كېرەك. دەرھەقىقەت، روزا ئاللاھ تائالاغا قارشى كېلىشتىن

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5927 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1151 - ھەدىس.

(2) **ئىمام** شەمسۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلئەنسارىي **ئەلقۇرتۇبىي** (الإِمَامُ شَمْسُ الدِّيْنِ مُحَمَّدُ بنُ أَحْمَدَ الأَنْصَارِيُّ القُرْطُبِيُّ، ھ. 600 – 671 / م. 1204 – 1273) ــ ئاتاقلىق مۇفەسسىر ۋە ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھەب فەقىھى. «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي» (ئەلجامىئۇ لىئەھكامىل قۇرئان) ناملىق تەفسىرىدىن باشقا «ئەتتەزكىرە»، «ئەلئەسنا» ۋە «ئەلئىئلام» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇردۇر. ــ ت.

(3) «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 1 - توم، 274 - بەت.

قورقۇش، شۇنداقلا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەر يەردە ئۇ زاتتىن ھايا قىلىش ئۇستىگە تۈرغۈزۈلغان بىر ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، رامازاندا بۇ خىل ئۇلۇغلاشنى قەلبلىرىمىزدە ئاشۇرۇشقا قادىر بولالايمىز. ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشنىڭ يولى ئۇ زاتنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھەربىر سۆزىنى ۋە شۇ سۆزلەردىكى بۇيرۇق - چەكلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاش بىلەن بولىدۇ.

«قۇرئان» ۋە سۈننەتنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىش ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئەمەل قىلىش، شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى، يارىتىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ئىنچىكىلىكىنى ئويلاش ئۇلۇغلاشنى ئاتا قىلىدۇ. كىمكى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ۋە ئۆرنەك - تەقلىدسىز يارىتىشنىڭ كارامەتلىرىنى قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقتىدا، مەزكۇر قەلب بىلەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ ئۇلۇغلاشنى، ئىمانىنى ۋە ئىتائەتنى ۋاجىپ قىلىدىغان بۈيۈكلۈكنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿**نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىدىن قورقمايسىلەر؟**﴾(نۇھ: 13) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: «يەنى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنى ھەقىقىي ئۇلۇغلاشتا ئۇلۇغلىمايسىلەر؟»[1] دەيدۇ. ئۇلۇغلاشنىڭ ھەقىقىتى قەلب بىلەن ئۇلۇغلاشتۇر. قەلب بىلەن ئۇلۇغلاشنىڭ ھەقىقىتى ئەزالار بىلەن ئىتائەت قىلىشتۇر.

ئىمام ئىبنۇلقەييىم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كىشىلەر ئاللاھ ئۇلۇغلانغان ئۇلۇغلۇقنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە چەكلىمىلىرىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئىتائەت قىلغان ۋە شۈكۈر ئېيتقان بولاتتى. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، چەكلىمىلىرىدىن يېنىش ۋە ئۇ زاتتىن ھايا قىلىش قەلبتىكى ئۇلۇغلاشنىڭ مىقدارىغا قارىتا بولىدۇ»[2].

لېكىن، ئاللاھنى قەلبەن ئۇلۇغلاش ـــ تەۋھىد كەلىمىسىنى ھەقىقىي شەكىلدە بىلىش، ئۇنى تەقەززالىرى بىلەن ئېتىقاد قىلغان ئاساستا تەستىقلاش، تىلدا ئىقرار قىلىش، ياخشى كۆرگەن ۋە بويسۇنغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىش، مەنىۋىي ۋە ماددىي

(1) «تەپسىر تەبەرىي»، 29 - توم، 95 - بەت.
(2) ئىبنۇلقەييىم: «فەۋائىد»، 187 -، 188 - بەتلەر.

جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەنلا مۇكەممەل بولىدۇ. بۇنىڭسىز قەلب ساغلام بولمايدۇ. قەلبنىڭ ياخشى بولۇشى ياكى بۇزۇلۇشى بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىشتىن ئىبارەت قەلبكە ئورۇنلاشقان ئىخلاسنىڭ مىقدارى بويىچە بولىدۇ.

قەلبتىكى ئىخلاس ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن كۈچەيتىلىدۇ. مۇسۇلمان ئىمان ئېيتىش ۋە دىنىنىڭ باشقا ئاساسلىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغاندەك، ئىخلاس قىلىشقىمۇ بۇيرۇلدى. ئاللاھ تائالا: ﴿**دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ**﴾[غافىر: 14] دەيدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە: «ئىبادەت ۋە دۇئانى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس قىلىڭلار. مۇشرىكلەرگە يۇرۇش - تۇرۇش، تائەت - ئىبادەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە قارشى ئىش قىلىڭلار!»[1] دەيدۇ.

ئى روزىدار دوستۇم! قەلبىڭىز ئەزالىرىڭىزنىڭ رەھبىرى ۋە قوماندانىدۇر. ئۇنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ، چۈنكى ئۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پات - پات: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى[2]. رەسۇلۇللاھ يەنە دۇئالىرىدا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئىخلاسنىڭ جەۋھىرىنى يېڭىلاپ، ھەربىر نامىزىدا سالام بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئۇ پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ساھىبىدۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ زات ھەرنەرسىگە قادىردۇر، ئۆزگىرىش ۋە كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ (نىڭ ياردىمى) بىلەنلا بولىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ زاتتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايمىز، پۈتۈن نېئمەت، پەزىلەت ۋە ئەلا گۈزەل مەدھىيەلەر ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابە: «پەيغەمبەر

---

(1) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 4 - توم، 74 - بەت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 25364 - ھەدىس. ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 4801 - ھەدىس): «سەھىھ» دېگەن.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدىن مۇشۇلار بىلەن تەسبىھ ئېيتاتتى» دەيدۇ[1].

قەلب ياخشىلانغان ۋاقىتتا: «رەببىڭلار ئۈچۈن توغرا يولدا بولۇڭلار، مەنمۇ توغرا يولدا بولدۇم. شېرىكتىن ۋە رىيادىن ساپ ھالدا ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، مەنمۇ خالىس ئىبادەت قىلدىم» دەپ قالغان ئەزالارغا بۇيرۇق يوللايدۇ. مانا بۇ قىيامەت كۈنىدىكى نىجاتلىقتا ئېرىشىشنىڭ ئۆزىدۇر: ﴿**ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ**﴾(شۇئەرا: 88 – 89). رامازان ئېيىدا قەلب ۋە بەدەن ئەزالىرى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە بويسۇنۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. بۇ ئايدا ئىلاھىي رەھمەتلەر كۆپىيىپ چۈشىدۇ، بەندىلەرنىڭ راھمانىي رىزىق - نېئمەتلىرى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، قەلبلەر ئاللاھتىن تېخىمۇ قورقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەدەن ئەزالىرى توغرا يولدا بولۇشنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن ھەقىقىي بىر شەكىلدە تەييارلىنىدۇ. رامازان ئېيىدا ئاللاھقا يۈزلىنىشنى مەقسەت قىلغانلار بۇنى غەنىيمەت بىلسۇن. بۇ غەنىيمەت بىلىشنىڭ باشلىنىشى بەدەن ئەزالىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قەلبنىڭ روزا تۇتۇشقا يۈزلىنىشى بىلەن بولىدۇ. قەلبنىڭ دائىم بولۇشقا تېگىشلىك روزىلىرى باردۇر، ئۇ بولسىمۇ يامان نىيەتلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە باتىلغا رازىلىق كۆرسەتمەسلىكتۇر.

ئىنساننىڭ قەلبى روزا تۇتقان ۋە توغرا يولدا بولغان ۋاقىتتا بەدەن ئەزالىرىنى رامازان ئېيىدا گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىمام ئىبنۇل جەۋزىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «روزىدار ھالەتتە تاك ئاتقۇزغان كىشىنىڭ تىلىغا: ‹سەن بۇگۈن يالغانچىلىقتىن، سۆخەنچىلىكتىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، باتىل گەپ - سۆزلەردىن ۋە غەيۋەتتىن روزا تۇتتۇڭ›؛ ئىككى كۆزىگە: ‹ئىككىڭلار ھالال قىلىنمىغان نەرسىلەرگە قاراشتىن روزا تۇتۇڭلار›؛ ئىككى

---

(1) «مۇسلىم»، 945 - ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان

قۇلىقىغا: ‹سىلەر رەبىڭلار يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ئاڭلاشتىن روزا تۇتۇڭلار›؛ ئىككى قولىغا: ‹سىلەر ئىككىڭلار سىلەرگە ھارام قىلىنغان نەرسىنى تۇتۇشتىن، ئېلىم - سېتىمدا ۋە ئالدى - بەردىدە ئالدامچىلىق قىلىشتىن روزا تۇتۇڭلار›؛ قورسىقىغا: ‹سەن بۇگۈن يېمەك - ئىچمەكتىن روزا تۇتتۇڭ، نېمە بىلەن ئىپتار قىلىدىغانلىقىڭغا قارا ۋە سەن چاقىرىلغان نىجىس يېمەكلىكلەردىن ساقلان، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ›؛ ئىككى پۇتىغا: ‹سىلەر ئىككىڭلار بۇگۈن گۇناھ يېزىلىدىغان نەرسىلەرگە مېڭىشتىن روزا تۇتۇڭلار› دېيىشى كېرەك. ئادەم ئوغلىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن ئەزالىرىغا خىتاب قىلىشى ھاياتلا بولىدىكەن، روزىدار كۆڭلىرى ۋە باشقا كۆڭلەردە ۋاجىپتۇر»[1].

**ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى ئاللاھىم! قەلبلىرىمىزنى دىنىڭنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن. ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ئاللاھىم! قەلبلىرىمىزنى ئىتائىتىڭگە بويسۇندۇرۇپ بەرگىن. بىزگە سېنى ئەسلەشكە، ساڭا شۈكۈر ئېيتىشقا ۋە ئىبادىتىڭنى گۈزەل قىلىشقا ياردەم قىلغىن... ئامىن!**

(1) ئىبنۇل جەۋزىي: «بۇستانۇل ۋائىزىن»، 313 - بەت.

ساجىيە

20

# رامازاندىكى ئېتىكاپىڭىز

ئىسلام رەھبانىيەتنى ۋە ئۆمۈر بويى ئىبادەتخانىلاردا تەركىدۇنيا ياشاشنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا خاس بىر ماكان ۋە خاس بىر زاماندا نەپس پۈتۈنلەي ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ھېساب ئېلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر شەكىلدە دۇنيادىن ئايرىلىشنى يولغا قويىدى. بۇ بولسا «نەپسىنىڭ مەسجىدكە ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن باغلىنىشى» دەپ تونۇشتۇرۇلىدىغان شەرئىي ئاتالغۇ ـــ ئېتىكاپتۇر(1).

قەلبنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن خالىي بولۇشى، ئاللاھنىڭ ئەپۇ - مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشى ئېتىكاپنىڭ روھىدۇر. ئەتائ مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىكاپقا كىرگۈچى خۇددى ئۇلۇغ بىر كىشىنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ: ‹ھاجىتىمنى ئادا قىلمىغۇچىلىك ئايرىلمايمەن› دەيدىغان ئېھتىياجى بار بىر كىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئېتىكاپقا كىرگۈچى ئاللاھنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ: ‹مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرمىگۈچە ئايرىلمايمەن› دەيدۇ»(2).

بۇ ئۇلۇغ ئىبادەت روزا تۇتۇشقا مۇجەسسەملەنگەن قەلبلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھېكمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ توغرىسى ئېتىكاپ جەريانىدا ئىنسانلاردىن يىراقلىشىپ، ئاللاھ تائالا بىلەن خالىي قېلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپقا كىرمەكچى بولسا، يالغۇز بىر ئۆزى رەببى بىلەن خالىي قېلىش ئۈچۈن مەسجىد ئىچىدە ئالاھىدە بىر چېدىر

(1) نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 3 - توم، 211 - بەت.
(2) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 75 - بەت.

قورۇلۇشــىنى بــۇيرۇيتتى. بــۇ ھەقــتە ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: «پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام رامازاننىــڭ ئــاخىرقى ئونــدا ئېتىكاپقــا كىرەتتــى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن چېدىر قۇرۇپ بېرەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام بامدات نامىزىنى ئوقۇيتتى. ئاندىن چېدىرىغا كىرىپ كېتەتتى»[1].

ئــاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىــڭ زېمىنــدىكى ئۆيلىرىنىــڭ بىــر ۋەزىپىســى ھەم ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ ياشاش بىلەن ھاسىل بولىدىغان مەزكـۇر پايـدىلىق يـالغۇزلۇق ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگەنلەرنى كۈتــۈۋېلىش قىلىنــدى. ئــاللاھ تائالا ئىبــراھىم ۋە ئىســمائىل ئەلەيھىسســالاملارغا بــۇيرۇق قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: **﴿ئىبــراھىم بىــلەن ئىســمائىلغا ئۆيــۈمنى (يەنــى كەئبەمنــى) تــاۋاپ قىلغــۇچىلار، ئېتىكاپتــا ئولتۇرغــۇچىلار، رۇكــۇ قىلغــۇچىلار، ســەجدە قىلغــۇچىلار ئۈچــۈن پــاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴾**(بەقەرە: 125).

ئېتىكاپ ئىبراھىم ئەلەيھىسســالامنىڭ زامانــدىن بېــرى داۋاملىشــىپ كەلــگەن پەيغەمبەرلەرنىــڭ ســۈننىتى بولــۇپ پەيغەمبىرىمىزمــۇ داۋاملاشــتۇرغان. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇبارەك ئىبادەت ئۈچۈن رامازاننىــڭ ئــاخىرقى ئونــدىكى مۇبــارەك كېچىلەرنــى تــاللايتتى. ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: «پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات تاپقانغا قەدەر رامازاننىڭ ئــاخىرقى ئونــدا ئېتىكاپقــا كىرەتتــى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپــات تاپقانــدىن كېيىن، ئايــاللىرى ئېتىكاپقــا كىرىشــنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى»[2].

ئىمام ئەھمەد: «ئېتىكاپقــا كىرگــۈچىنىــڭ ئىنســانلار بىــلەن ئارىلىششــى، ئىلــىم ئۆگىتىشى ۋە ‹قۇرئــان كەرىــم› ئوقۇتۇشــى ياقتۇرۇلمايــدۇ. بەلكــى ئۇنىــڭ ئۈچــۈن ئەڭ ئەۋزەل بولغىنى ئۆز نەپسى بىلەن يالغۇز قېلىش، مۇناجات ئەيلەش، زىكــىر ئېيتــىش ۋە دۇئا قىلىش بىلەن خالىي قىلىشتۇر» دېگەن كۆزقاراشقا بارغاندى[3].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1895 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2007 ـ ھەدىس.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1886 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2006 ـ ھەدىس.
(3) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 60 ـ بەت.

پېقىر بۇ يەردە ئىمام ئىبنۇلقەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ ئېتكاپنىڭ روھى ھەققىدە ئېيتقان قىممەتلىك سۆزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قەلبنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان يولچىلىقىدا ياخشى ۋە توغرا بولۇشى ئۇنىڭ ئاللاھقىلا مەركەزلىشىشىگە ۋە پۈتۈنلەي ئاللاھقىلا يۈزلىنىش بىلەن چېچىلىپ كەتكەن تەرەپلەرنى توپلىشىغا قاراشلىقتۇر. شۈبھىسىزكى، چېچىلىپ كەتكەن قەلبلەرنى ئاللاھقا ھەقىقىي شەكىلدە يۈزلىنىشتىن باشقا بىر ئىش توپلىيالمايدۇ.

ئارتۇق يەپ - ئىچىش، ئىنسانلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىش، تولا گەپ قىلىش، ئارتۇقچە ئۇخلاش قەلبنى تېخىمۇ چېچىۋېتىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالاغا بولغان يولچىلىقىدىن ئۈزۈپ قويىدىغانلىقى ياكى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ياكى يولىنى توسۇپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىدىن غالىب ۋە بەندىلىرىگە تولىمۇ رەھىمدىل زات ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئارتۇق يەپ - ئىچىشنى توختىتىپ، قەلبنى ئاللاھ تائالاغا بولغان يولچىلىقىدىن توسۇپ قويغۇچى شەھۋەتلەردىن خالىي قىلىدىغان روزىنىڭ بەندە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەتلىنەلەيدىغان، بەندىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ۋە ئۇنى دۇنيا - ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىدىن ئۈزۈپ قويمايدىغان دەرىجىدە بولۇشىنى تەقەززا قىلدى.

يەنە بەندىلەر ئۈچۈن روھى ۋە مەقستى قەلبنىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىشى ۋە ئاللاھقا مەركەزلىششى بولغان، ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ياخشى كۆرۈش قەلبنىڭ غېمى ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ قاتارىدىن بولغانغا قەدەر مەخلۇقات بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەنلا مەشغۇل قىلىدىغان ئېتكاپنى يولغا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن قەلبنى بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلار ئىگىلەپ، پۈتۈن ئوي - خىياللىرى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ۋە ئۇ زاتنىڭ رازىلىقىنى ھەمدە ئۇ زاتقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىش بىلەن بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئىنسانلار بىلەن ئۈلپەتلىشىشنىڭ ئورنىغا ئاللاھ بىلەن ئۈلپەتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىگە قەبرىدىكى يالغۇزلۇق كۈنلىرىدە ئۆزى بىلەن ئۈلپەتلىششكە ۋەدە بېرىدۇ. ئۇ كۈندە ئۇ كىشى ئۈچۈن

ئاللاھتىن باشقا ئۆلپەتداش ۋە خۇشاللىنىدىغان ھېچكىم يوقتۇر، مانا بۇ ئېتىكاپنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسەتلىرىدۇر»[1].

ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيدە ئىنسانلار بىلەن بىرقانچە كۈن ئالاقىنى ئۈزۈش نەپستە ھېساب ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىدىغان، داۋاملىق ئاللاھتىن قورقىدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ئېتىراپ قىلىش ۋە سوراققا تارتىش روھىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دانالىق ــــ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھېساب - سوراق ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلىتىشتۇر. نەپسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسىگە ئەگىشىش بولسا نادانلىقتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتۇر: «ھېسابقا تارتىلىشىڭلاردىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار، مەھشەرگاھتىكى چوڭ يىغىلىش ئۈچۈن زىننەتلىنىڭلار. دۇنيادا ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئالغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ھېسابى يەڭگىل بولۇر»[2].

ئى روزىدار قېرىندىشىم! ئېتىكاپتىن ئىبارەت بۇ سۈننەتنى ئادا قىلسىڭىز، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەرك ئېتىلگەن بىر سۈننەتنى تىرىلدۈرگەن بولىسىز.

ئىمام زۇھرىي رەھمەھۇللاھ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن تارتىپ، ۋاپات تاپقۇچە تەرك ئەتمىگەن ئېتىكاپنى تەرك ئەتكەن مۇسۇلمانلاردىن ئەجەبلىنىمەن» دېگەنىكەن.

سىز ئېتىكاپقا كىرىدىغان خانە ئاتايىن جامائەت نامىزىغا چىقىشقا ئېھتىياج تۇيۇلمايدىغان، بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسجىد بولسۇن. ئېتىكاپتىكى كىشىنىڭ ئېتىكاپخانىسىدىن ئىنسانىي ھاجەتلەردىن باشقا ئىش ئۈچۈن چىقىشى چەكلىنىدۇ. ئېتىكاپ ئۈچۈن جامائەتنى سىزگە ناتونۇش ۋە سىزمۇ ئۇلارغا ناتونۇش بىر مەسجىدنى تاللىشىڭىز ئېتىكاپنىڭ مەنىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نىيىتىڭىزنىڭ خالىس بولۇشى، ۋاقتىڭىزنىڭ ئىبادەتكىلا ئايرىلىشى، يىل بويى داۋاملىشىپ كەلگەن ئائىلىڭىز ۋە دوست بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشتىن قۇتۇلۇشىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى شارائىتتۇر. گەرچە ئېتىكاپ

(1) ئىبنۇلقەييىم: «زادۇل مەئاد»، 2 - توم، 87 - بەت.

(2) «تىرمىزىي»، 2459 - ھەدىس. ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

رامازاننىڭ ئاخىرقى ئونىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ بايانىغا ئاساسەن، بەزى كۈنلەر ياكى بەزى ۋاقىتلاردىمۇ ئېتىكاپقا كىرىش بار ئىشتۇر. رامازانغا تاللىق ئىتائەتلەرنىڭ تولىسى ئېتىكاپخاندا (بولۇپمۇ ھەجگە تەڭ كېلىدىغان ئۆمرەنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالايدىغان مەسجىدى ھەرەمدە ئېتىكاپقا كىرگۈچىدە) تېپىلىدۇ. ئېتىكاپخان نامازلارنىڭ ھەممىسىنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدۇ، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىش، كۈندىلىك بەلگىلەنگەن زىكىرلەرنى ئادا قىلىش ۋە نامازلارنى كۈتۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت تاپالايدۇ ۋە يەنە ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىش، ئاچ (لار) نى تويغۇزۇش، ياخشى گەپ قىلىش، خالايىق ئۇخلاپ ياتقان تۈن كېچىلەردە ناماز ئوقۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلالايدۇ.

ئېتىكاپقا كىرگۈچى ھېيتتا ئېتىكاپتىن كېيىن ئائىلىسىگە ـــ ئەگەر ئۆيلەنگەن بولسا ئېتىكاپ مۇددىتىدە يېقىنلىشىش چەكلەنگەن ئايالىنىڭ قېشىغا ـــ قايتىشتىن ئىبارەت باشقا بىر ھۆزۈر ھالاۋەتنى تاپىدۇ. دەرۋەقە، بەختەر بولۇش، ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە بولۇش، مەھرەمى يېقىندا بولۇش، ئېرىنىڭ ئىزنى بولۇش قاتارلىق شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن شەرت - شارائىتلار تولۇق ھازىر بولۇش شەرتى بىلەن ئايال كىشىنىڭمۇ ئېرىدىن ئايرىم ھالدا ئېتىكاپقا كىرىش ھەققى باردۇر. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن يەردە ئېتىكاپقا كىرەتتى. لېكىن، بىر يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامازاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپقا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقۇدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ ئىجازەت قىلدى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى ئائىشەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى، ھەزرىتى ئائىشە ياردەم قىلدى. بۇنى كۆرگەن ھەزرىتى زەينەب بىنت جەھش[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر چېدىر قۇرۇشقا

---

(1) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇمموئلھەكەم **ھەزرىتى زەينەب بىنتى جەھش** ئىبنى رىياب ئەلقۇرەشىييە (أُمُّ المؤْمِنِيْنَ زَيْنَبُ بِنْتُ جَحْشِ بنِ رِيَابٍ، ھ. بۇرۇن 33 – ھ. 20 / م. 590 – 641) رەزىيەللاھۇ ئەنھا ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ۋە ھاممىسىنىڭ قىزى. مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان، قولى ئوچۇق، خەير - ساخاۋەتلىك بىلەن «مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ نام ئالغان زات. ـــ ت.

بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بىر چېدىر قۇرۇلدى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن قايتقاندا چېدىرىغا قايتىپ كىرەتتى، (شۇ كۈنى) ئۇ زات بىرمۇنچە چېدىرلارنى كۆرۈپ:

ــ بۇ نېمە ئىش؟ ــ دېدى. ساھابەلەر:

ــ بۇ ئائىشە، ھەفسە، زەينەبلەرنىڭ چېدىرلىرى، ــ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ قارامدۇ؟ مەن ئېتىكاپ قىلمايمەن، ــ دەپ قايتىپ كەتتى. رامازان چىقىپ كەتكەندە، شەۋۋال ئېيىدا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلدى»[1]. شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەقەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكاپتىكى سۈننىتىنىڭ ئىنسانلارغا ئارىلىشىپ ياشاشتىن، كۆز - كۆز قىلىشتىن، ئاخىرەت ئىبادەتلىرىنىڭ دۇنيالىق مەقسەتلەرنىڭ دوغلۇقلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئى مەرھەمەتلىك ۋە كۆيۈمچان ئاللاھ! ئىبادەتلىرىمىزنى بىزدىن قوبۇل قىلغىن. بىزنى ئىتائەت قىلغۇچىلار، ئېتىكاپقا كىرگۈچىلەر، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت نىجاتلىققا ئېرىشكەنلەرنىڭ قاتارىدا قىلغىن... ئامىن!**

(1) «بۇخارىي»، 2045 - ھەدىس.

## 21

# رامازاندىكى سەبرىڭىز

سەبر ئۆمۈرنىڭ پەزىلىتى ۋە زامانەنىڭ پەرز - تەقەززاسىدۇر. لېكىن، رامازان ئېيىدا سەبرنىڭ پەزىلىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە ئۇ پەرز سۈپىتىدە تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى، رامازان ئېيى ئىنسان ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن روزىنى بۇزغۇچى ئامىللاردىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان سەبرنىڭ ئېيىدۇر. بۇ ئاي ئىتائەت قىلغۇچىلار ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەپ سەبر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئايدۇر، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئاللاھقا تەۋبە قىلىشتىن ۋە ئەزايى بەدەنلىرى ئىتائەتتىن ئېغىپ كەتمەيدۇ. سەبر ماختىلىدىغان سەبر ۋە ئەيىبلىنىدىغان سەبر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككى تۈر سەبر ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە توقسانغا يېقىن ئايەت كەلگەندۇر. ماختىلىدىغان سەبر بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا سەبر قىلىش، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سەبر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرلىرىگە سەبر قىلىش قاتارلىقلاردۇر. ھارامλاردىن ساقلىنىشتا سەبر قىلىش بىلەن بىرگە تائەت - ئىبادەتلەردە سەبر قىلىش، كۆپىنچە كىشىلەر «مانا مۇشۇلا سەبردۇر» دەپ ئويلايدىغان ئەلەملىك تەقدىرلەرگە سەبر قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر[1]. ئەلەملىك ئىشلاردا سەبر قىلىش بىلەن بىرگە نەپسكە ئىتائەت قىلماسلىق ۋە يازۇق - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، سەبر قىلىشنىڭ ھەممىسى روزا تۇتۇشقا مۇجەسسەملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رامازان ئېيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىلىگىنىدەك «سەبر ئېيى» دەپ سۈپەتلىنىشكە ھەقلىقتۇر: «سەبر ئېيىدا ۋە قالغان ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇت، بۇ يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر»[2].

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «ئۇددەتۇس سابىرىن»، 26 - بەت.
(2) «نەسائىي»، 2408 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

رامازان ئېيىدا روزا تۇتۇش، قىيامدا تۇرۇش، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىش، زىكىر - تەسبىھ ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە سەبىر قىلىش، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ نەپس ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش بىلەن بەدەن ۋە قەلبنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سەبىر قىلىش، شۇنداقلا روزا تۈپەيلى ھاسىل بولىدىغان ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتەك ئىزتىراپلىق سىناقلارغا سەبىر قىلىشلار باردۇر.

ئەيىبلىنىدىغان سەبرگە كەلسەك، ئۇ ئاللاھ غەزەپلىنىدىغان ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشلاردا «سەبىر قىلىش»تۇر. بۇ خىل سەبىر روزىنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرىنى ئۆچۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن روزىغا زىتتۇر.

بىز رامازاندا ئۆزىمىزنى تەييارلاشقا ۋە كۆندۈرۈشكە تېگىشلىك سەبىر بولسا نەپسنى يورۇتقۇچى بىر چوغ ۋە بەدەندە جۇش ئۇرۇپ تۇرغۇچى بىر كۈچ - قۇۋۋەتتۇر. روزا تۇتۇشتا ئەڭ گۈزەل بولغىنى نەپسنىڭ سەبرىنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدە چېنىقىشى ۋە ئىنسانىي نەپسنىڭمۇ بۇ خىل چېنىقىشقا ئاۋاز قوشۇپ سەبىر قىلىشى تەبىئىي بىر ھالەتكە ئايلانغانغا قەدەر داۋام قىلىشىدۇر.

سەبىر قىلىش سەبرچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى تىلەشتىن ئۆزىنى پاك تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى پاك قىلىدۇ، كىمكى (بەندىلەرگە) ئۆزىنى موھتاج قىلمىسا، ئاللاھ ئۇنى باي قىلىدۇ، كىمكى سەبىر قىلىشقا تىرىشسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەبىر ئاتا قىلىدۇ. ھېچكىمگە سەبردىنمۇ ياخشىراق ۋە ئازادىرەك ئېھسان بېرىلگەن ئەمەس»[1].

بۇ دەۋردە سەبرگە بولغان ئېھتىياجىمىز بىزدىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى كەڭرىچىلىك ۋە قىيىنچىلىقتىن ئىبارەت خىلمۇخىل سىناقلارنىڭ كۆپىيىپ كېلىشىدىندۇر. بۇ خىل سىناقلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا، ئۇ زاتقا ئاسىيلىق قىلماسلىقتا، تەقدىر -

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1469 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1053 - ھەدىس.

قىسمەتلەرگە ۋە ئەلەملىك سىناقلارغا سەبىر قىلىش قاتارلىق سەبىرنىڭ ھەر ئۈچ تۈرىگە ئېھتىياجلىقتۇر. بىز ياشاۋاتقان بۇ كۈنلەر — ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئالغان سەبىرنىڭ كۈنلىرىدۇر. «سىلەردىن كېيىن سەبىرنىڭ كۈنلىرى كېلىدۇ. ئۇ كۈنلەردە سەبىر قىلىش چوغنى تۇتقانغا ئوخشاشتۇر. ئۇ كۈنلەردە ئەمەل قىلغۇچىغا سىلەرگە ئوخشاش ئەمەل قىلغان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجىر - مۇكاپاتى بېرىلىدۇ»(1). مۇئمىن بۇ دەۋردە زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى، غۇربەتچىلىكنىڭ جەبىر - جاپا ۋە مۇشەققەتلىرىگە قارشى تۇرالىشى ئۈچۈن ئاللاھتىن ياردەم سورىغان ھالدا سەبىرگە ھەسسىلەپ ئېھتىياجلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغلار ھەققىدە: «ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىدا سەبىر قىلغۇچى بەئەينى ئالقىنىدا چوغنى تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېگەن(2). مۇئمىن چوغنى تۇتۇشقا يەنى دىنىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تۇتۇپ مېڭىشقا ناماز ۋە روزىدىن ياردەم سوراش بىلەنلا قادىر بولالايدۇ. ﴿**سەبىر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر**﴾(بەقەرە: 45). بىز ياشاۋاتقان دەۋر بىزدىن سەبىرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە دۈشمەن بىزگە قارشى قوللىنىۋاتقان خىلمۇخىل توسالغۇ ۋە بالايىئاپەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر دەۋردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا بۈنگىغا قارشى سەبىر قىلىشتىن باشقا بىر يول يوقتۇر: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىڭلار! دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار! (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار! مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار! (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار!)**﴾(ئال ئىمران: 200) ﴿**ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شەھىد بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىسىلەر**﴾(نىسا: 104).

---

(1) «ترمىزىي»، 3058 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 4343 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 4014 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) «ترمىزىي»، 2260 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشىش سەبرچانلىق ۋە چىدامچانلىقنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەتلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غەلىبە سەبرچانلىق بىلەن بولىدۇ»[1] دېگەن. سەبرچانلىق ھەرقانداق بىر تەييارلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋە ھەرقانداق بىر تەييارلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدىغان بىر تەييارلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ نەپسنىڭ تەييارلىقىدۇر. نەپسنىڭ تەييارلىقى تەقۋالىق ۋە سەبرچانلىقنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان تەييارلىق تۇرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئى (ئاللاھنىڭ) مۆئمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ يېرى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار!)، پەقەت سەبر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ**﴾(زۇمەر: 10). سەبر قەلبنى نۇرلاندۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن نەپسنىڭ تەييارلىقىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەبر نۇردۇر»[2] دەيدۇ. يەنى قۇياشنىڭ پاكىزلىغۇچى نۇرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرلۇق ھارارەتتىن ھاسىل بولغان نەرسە بىلەن قەلبنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئاي ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئاي ھارارەتسىز نۇردۇر. شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدە بۇ پەرقلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن: ﴿**ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى**﴾(يۇنۇس 5). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە سەبرچانلىقنىڭ «نۇر» دەپ سۈپەتلىنىشىنىڭ سەۋەبى سەبرچانلىقتا نەپسنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن چەكلەش بىلەن بىرلىكتە جەبر - جاپانىڭ ھارارەتلىرى ۋە كۈرەش قىلىشنىڭ مۇشەققەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ سەبرنىڭ لۇغەتتىكى «چەكلەش، باغلاش» مەنىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

سەبر ئۆز نۇرى بىلەن روزىغا نۇرنىڭ ئۈستىگە نۇرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رامازاندا ياخشىلىق ۋە ئەجرلەر ھەسسىلىنىدۇ. روزىدىكى سەبرنىڭ ئالامىتى ئوچۇق - ئاشكارىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىلىگەندەك سەبر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرلىرى

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 2804 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) «مۇسلىم»، 223 - ھەدىس.

ھەسسىلەپ ئاشىدۇ: ﴿**پەقەت سەبر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ**﴾(زۇمەر 10). روزا تۇتۇشمۇ سەبرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىكى مۇكاپاتمۇ ھەددى - ھېسابسىز ھەسسىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: «**ئادەم بالىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈندۇر. ياخشىلىق ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە مۇكاپاتلاندۇرۇلىدۇ. پەقەت روزا مەن ئۈچۈندۇر. شەھۋىتىنى، يېمەك - ئىچمىكىنى مەن ئۈچۈن تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن**»[1]. روزا سەۋەبىدىن نەپسىنىڭ ۋە بەدەنىنىڭ ئىستەك - شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىش بولسا، ئاللاھ تائالا مۇكاپاتىنى ئۆزىگە خاس قىلغان سەبرنىڭ ئۆزىدۇر. ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ: روزا ئەجرى ھەسسىلىنىدىغان ئەمەللەردىن ئايرىۋېلىنىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتى ئوندىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە بولىدۇ، لېكىن روزىنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ھەسسىلىنىشى چەكسىزدۇر. روزا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى سەبرنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿**پەقەت سەبر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ**﴾(زۇمەر 10).

ئى روزىسىدا سەبر قىلغۇچى، سەبر بىلەن روزا تۇتقۇچى قېرىندىشىم! سەبرنىڭ ئۇشبۇ دۇنيادىكى سۇۋغىتىنى تاپشۇرۇپ ئالىسىز، ئۇ بولسىمۇ مىقدارىنى ئۆلچىگىلى، سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاخىرەتتىكى سوۋغىدىن ئىلگىرى خۇش بېشارەت ئېلىشىڭىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ھېچكىمگە سەبردىنمۇ** ياخشىراق ۋە ئازادىرەك ئېھسان بېرىلگەن ئەمەس»[2].

سەبر قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە سىزگە ھەدىيە قىلىنىدىغان سەبرنىڭ دۇنيادىكى خۇش بېشارەتلىرىگە كەلسەك، ئۇلار:

❋ سىز بىۋاسىتە ئاللاھقا ئەۋەتكەن ئىتائەتلەرگە سەبر قىلىشىڭىزدا، گۇناھقا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن سەبر قىلىشىڭىزدا، ئەلەملىك تەقدىرگە سەبر قىلىشىڭىزدا

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 10178 - ھەدىس. 124. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

(2) «بۇخارىي»، 1469 - ھەدىس.

خۇش بېشارەتكە ئېرىشتىڭىز، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان - زەخمەتلەرگە) سەبر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلبەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾(بەقەرە: 155 – 157). سىز بۇ سەبرىڭىز ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ سىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىسىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەبر قىلىڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن سەبر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾(ئەنفال: 46).

✵ سىز سەبرچانلىق بىلەن دۇنيادا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە، ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشكە ۋەدە قىلىندىڭىز. دۇنيادىكى ئۈستۈنلۈككە كەلسەك، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەبر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىرقىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾(سەجدە: 24). ئاخىرەتتىكى نىجاتلىققا كەلسەك، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەبر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾(مۇئمىنۇن: 111).

**ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىتائىتىڭدە بىزگە سەبر ئاتا قىلغىن. بىزنى ساڭا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىغىن. قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇغا ئۇچرىمايدىغان سەبر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى بىلەن بىزنى رىزىقلاندۇرغىن... ئامىن!**

22

# رامازاندىكى شۈكرىڭىز

ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېئمىتى ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىشى بولۇپ، ئىنسان بىر ئۆمۈر ئاللاھقا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ نېئمەتنىڭ ھەققىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بىز ئىبادەتلىرىمىزدە ئاللاھنىڭ ھىدايەت نېئمىتىگە شۈكۈر ئېيتالايمىز. پەرز ياكى نەفلە نامازلاردا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇش ۋە داۋاملىق توغرا يولغا يېتەكلەشنى سوراشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەمد (فاتىھە) سۈرىسى»نى ئوقۇيمىز: ﴿**بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن**﴾(فاتىھە: 6). نامازدا رۇكۇدىن كېيىن: «ئاللاھ ھەمد ئېيتقان كىشىنىڭ ھەمدىنى ئاڭلىدى، رەببىمىز ساڭا كۆپ، پاك، مۇبارەك ھەمدلەر بولسۇن» دەيمىز، بۇ يەنە بىر شۈكۈردۇر. چۈنكى، ناماز ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ۋە زىكىر ئېيتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلدى: ﴿**مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**﴾(تاھا: 14). «قۇرئان» بىزلەرنى ھەج ئىبادىتىدە قۇربانلىقلارنى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە شۈكۈر ئېيتقان ھالدا سۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ: ﴿**ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى**﴾(ھەج: 37). بىزلەر روزىدا ھەم ھىدايەتكە شۈكۈر ئېيتىشقا بۇيرۇلدۇق: ﴿**(ئاغرىڭلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامازان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ**﴾(بەقەرە: 185).

مەزكۇر ئايەت ۋە يۇقىرىقى ھەج ئايىتىنىڭ ئەرەبچە لەۋزىدە كەلگەن «لِتُكَبِّرُوا» ھىدايەتكە بولغان شۈكۈرانە بولۇپ، ھەمد مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى تۈپەيلى ئۆتۈملۈك شەكلىدە «عَلَى (ئۇلۇغلىشىڭلار)» بىلەن كەلدى. بۇ خۇددى «سىلەرنى

ھىدايەت قىلغانلىقىغا ھەمد ئېيتقان ھالدا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى» دېگەندەك بولىدۇ. روزىدارلارنىڭ ئۇشبۇ تەكبىرى ئومۇمىي ھىدايەت نېئمىتىگە بولغان شۈكۈرانە بولۇپ، خاس نېئمەتنىڭ شۈكرى بولسا رامىزان روزىسىنى تولۇقلاشتۇر.

سەبىر بىلەن شۈكۈر مۇئمىننىڭ ھاياتىدىكى ئايرىلماس ھەمراھلاردۇر. چۈنكى، ئىماننىڭ يېرىمى سەبر، يېرىمى شۈكۈردۇر. شۈكۈر مەجبۇرىيىتىمىزنى قانچە كۆپ ئادا قىلساقمۇ ئۇ يەنىلا ئاز، چۈنكى ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ: ﴿**ئەگەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېئمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر**﴾(نەھل: 18). شۈكۈر ئېيتقۇچىلار قانچىلىك كۆپ شۈكۈر ئېيتسۇن، ئۇلارنىڭ شۈكرىسى ئاز بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئىنسانلار ئىچىدە ناھايىتى ئازدۇر: ﴿**مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئازدۇر**﴾(سەبەئ: 13). ﴿**نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن**﴾(ئىبراھىم: 7) دېگەن خىتابنىڭ ئوبيېكتى كىشىلەردىن بولۇشىمىز ۋە ﴿**ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلبەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ**﴾(ئىبراھىم: 7) دېيىلگەن كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىقىمىز ھەم شۇنداقلا ھەقىقىي شۈكۈر ئېيتقۇچىلاردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، شۈكۈرنىڭ يولىنى ۋەھيىنىڭ يورۇتۇپ بېرىشىگە ئېھتىياجىمىز بار.

بىزلەر رامىزاندا تىلاۋەت قىلىدىغان «قۇرئان كەرىم» ئىنسان ئوغلىغا رەببىگە شۈكۈر ئېيتىشى ۋە تۈزكورلۇق قىلماسلىقى ئۈچۈن جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان نېئمەتلىرنى بايان قىلىش بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئەگەر بىز «قۇرئان» تىلاۋەت قىلغاندا ياكى ئاڭلىغاندا ئۇنى كۆزىتەلىسەك ۋە ئاللاھنىڭ بىزگە ئەسلەتكەن نېئمەتلىرنى ئەسلىيەلىسەك، شۈكۈر مەجبۇرىيىتىمىزدىن ئازغىنە ئادا قىلغان بولىمىز. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ: ﴿**ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟**﴾(بەلەد 8 ـ 10) دېگەن سۆزىنى ئويلىنىپ بېقىڭ. بىلىڭكى، نېئمەتلەر ھەر ۋاقىت بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. بىز نېئمەتلەر ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرىمىز. كۆنۈپ

كەتكەنلىكىمىز تـوپەيلى گـاھى ئـۇ نېئمەتلەرنـى ھـېس قىلالمـايمىز. مۇجاھـىد[1] رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەفسىرىدە: «بـۇ ئاللاھنـىڭ ئاشـكارا نېئمەتلىرىـدىن بىـر نېئمەت بولۇپ، ئاللاھ ئـۇنى شـۈكۈر ئېيتىشـنىڭ ئۆچـۈن سـاڭا بايـان قىلىۋاتىـدۇ»[2] دەيدۇ. فۇزەيل رەھىمەھۇللاھ بىر كېچىسى بـۇ ئـايەتنى ئوقۇۋېتىـپ يىغـلاپ كەتتـى. يىغىسىنىڭ سەۋەبى سورالغاندا ئـۇ: «سـەن ئۇخلاشـتىن ئىلگىـرى ئاللاھنـىڭ سـاڭا سۆزلەيدىغان تىلنى، كۆرىدىغان كۆزنى ئاتا قىلغانلىقىغا شۈكۈر ئېيتتىڭمۇ؟» دېـدى ۋە شۇنداق دېگىنىچە نېئمەتنىڭ تۈرلىرىنى ساناشقا باشلىدى...

ئىبنى ئەبىددۇنيا[3] رىۋايەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائـالا كـۆپلەپ مـال ـ دۇنيـا ئاتـا قىلغان، كېيىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان بىـر كىشـى ئاللاھقـا ھەمدۇسـانا ئوقۇشـقا باشلىدى. بايلىقى قولىدىن كەتمىگەن باشقا بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ نېمىگە ئاساسەن ئاللاھقا ھەمد ۋە شۈكۈر ئېيتىسەن؟ ــ ئۇ:

ــ پۈتـۈن ئىنسـانىيەت ئىلكىـدىكى نەرسـىلەرنى بېرىـپ تېگىشىشـنى تەلەپ قىلسـىمۇ، مەن قوبـۇل قىلمايـدىغان بىـر نېئمەتنـىڭ ماڭـا بېرىلگەنلىكىگە ھەمـد ئېيتىۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى كىشى:

ــ ئۇ نېمە؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى:

ــ كۆرمەيۋاتامسەن؟! تىلىم، كۆزلىرىم، قـولاقلىرىم، قـول ۋە پـۇتلىرىم ـ دە؟! ــ دەپ جاۋاب بەردى[4].

---

(1) ئەبۇلھەججاج **مۇجاھىد** ئىبنـى جەبـر ئەلمەككىـي (مُجَاهِدُ بنُ جَبْرٍ المكِّيُّ الأَسْوَدُ، ھ. 21 – 103 /م. 642 – 721) ــ ئازادگەردە تابىئىن، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ شـاگىرتى. كاتتـا فەقىھ ۋە مەككە مۇفەسسىرى. ــ ت.

(2) سۇيۇتىي: «ئەددۇررۇل مەنسۇر»، 8 ـ توم، 521 ـ بەت.

(3) «**ئىبنى ئەبىددۇنيا**» دەپ تونۇلغان مەزكۇر زاتنـىڭ تولـۇق ئىسـمى ئەبـۇبەكرى ئابـدۇللاھ ئىبنـى مۇھەممەد ئىبنـى ئۇبەيـد (عَبْدُ اللهِ بنُ مُحَمَّدِ بنِ عُبَيْدِ القُرَشِيُّ البَغْدَادِيُّ، ھ. 208 – 281 / م. 823 – 894) ــ باغدادلىق مۇھەددىس، تارىخشـۇناس، پېـداگوگ، ۋائـىزدۇر. ئـۇ ئۆمرىـدە «ئەىسسـامت»، «شـۈكۈر»، «مەكائىدۇششـەيتان» ۋە «رامازاننـىڭ پەزىلەتلىـرى» قاتـارلىق 150 دىـن كـۆپ رىسالەلەرنى يازغان ئازادگەردە زاتتۇر. ــ ت.

(4) ئىبنى ئەبىددۇنيا: «شۈكۈر»، 100 – 102 ـ بەتلەر.

ئىنسانىڭ ساغلاملىق ۋە خاتىرجەملىكتىن ئىبارەت بەدەن ئۇچۇن ئەڭ كاتتا نېئمەتكە ئېرىششى مۇمكىن، شۇنداقلا ئۇشبۇ نېئمەتلەر سايىسىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئاشۇ خاتىرجەملىكنى ۋە ئۆمۈرنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شۈكۈرنى ئادا قىلمىسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە ئېيتقاندەك ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان جىنايەتچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ: «ئىككى چوڭ نېئمەت بار بولۇپ، كۆپىنچە ئىنسانلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. بىرى، سالامەتلىك؛ ئىككىنچىسى، بىكار ۋاقىت»[1].

كىشىلەر بۇ بىلمەسلىكنىڭ قاي دەرىجە ئىكەنلىكىنى پات ئارىدا، قىيامەت كۈنى ئاشۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر ئېيتىش ھەققىدە سورالغان ۋاقىتلىرىدا تونۇپ يېتىشىدۇ: ﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر﴾(تەكاسۇر: 8). بىز پات يېقىندا سورىلىدىغان نېئمەتلەر باي - باياشات كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى بارلىق مەخلۇقاتلار ھۇزۇر ئېلىۋاتقان نېئمەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندىدىن تۇنجى بولۇپ سورىلىدىغان نېئمەتلەر شۇكى: **ساڭا جىسمىڭنى ساغلام قىلىپ بەرمىدۇقمۇ؟ سوغۇق سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇرمىدۇقمۇ؟**»[2]

ئازغىنە سۆز ۋە ئازغىنە ئەمەللەرنى بىزدىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى شۈكۈر مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىق ھېسابلىغان رەھمىتى كەڭرى زات نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تالڭ ئاتقاندا، ‹ئاللاھىم! سېنىڭ مەن ۋە مەندىن باشقا ھەربىر مەخلۇقلۇڭ تاڭ يورۇشى بىلەن ئېرىشكەن ھەربىر نېئمەت پەقەت ۋە پەقەت سېنىڭ نېئمىتىڭدۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ساڭا ھەمد ۋە شۈكۈرلەر بولسۇن› دېگەن كىشى شۇكۈنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇنى كەچتە ئېيتقان كىشى شۇكېچىنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلغان بولىدۇ»[3].

(1) «بۇخارىي»، 6412 - ھەدىس.

(2) «ترمىزىي»، 3358 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(3) «ئەبۇ داۋۇد»، 5075 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 9750 - ھەدىس. ئىمام ئىبنۇلقەييىم: «ھەسەن» دېگەن.

ھەربىر ئەمەل ئىخلاس ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش بىلەن يۇغۇرۇلسا، ئۇ ئاللاھقا بولغان شۈكۈر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھنىڭ بۇ چوڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار! مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز**﴾(سەبەئ: 13). دېمەك، ھەر ئىش پەقەت نىيەتكە (ۋە ئىزچىللىققا) باغلىقتۇر.

بىز رامازان ئېيىدا بارلىق ئەمەللىرىمىزنى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش بىلەن ئورۇندىيالايمىز. شۇڭا، روزىمىز، قىيامىمىز ۋە باشقا ئىبادەتلىرىمىزنى شۈكۈر نىيىتى بىلەن قىلساق، سەبر قىلغۇچىلار ۋە شۈكۈر ئېيتقۇچىلار جۈملىسىدىن بولۇش ئۈچۈن سەبر بىلەن شۈكۈرنىڭ ئارىسىنى جۈغلىغان بولىمىز.

ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ئىلىم ئەھلى ئېيتقاندەك ئىككى تۈرلۈكتۇر:

**بىرىنچىسى:** ۋاجىپ شۈكۈر. ئۇ ئاللاھ بۇيرۇغان ۋاجىپ ئەمەللەرنى قىلىش ۋە چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ. ۋاجىپ ئەمەللەرنى ئاز قىلغان ياكى چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىپ سالغانلارنىڭ قىلغان ئەمىلىگە ئوڭ تاناسىپ ھالدا قىلغان شۈكۈرلىرىمۇ ئاز بولىدۇ. شۈڭلاشقا بەزى سەلەفلەر: «شۈكۈر دېگەن مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈشتۇر» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «شۈكۈر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ئارقىلىق مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقتۇر» دەيدۇ. رامازاندا مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزگەنلىكىمىز رامازاننىڭ شۈكۈرلىرىدىن سانىلىدۇ.

**ئىككىنچى:** مۇستەھەپ شۈكۈر. بۇ ئىنساننىڭ پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، ھارام ئىشلاردىن ساقلانغىنىدىن كېيىن، نەفلە ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشى بىلەن بولىدۇ. بۇ (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە) بۇرۇن ئېرىشىدىغان ۋە (ئاللاھقا) يېقىن بولغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىدۇر. مانا بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە نامىزىدا، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تاكى پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر (قىيامدا) تۇرغان شۈكۈردۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورالغىنىدا مۇنداق دەيتتى: «كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟»(1)

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1130 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2819 ـ ھەدىس.

بىز رامىزان كۈنلىرى ئاللاھ ئۈچۈن (تەراۋىھ نامازلىرىدا) تۇرۇشىمىزدا مۇشۇ نىيەتنى ھازىرلىساق، زىكىر بىلەن شۈكۈرنى جەملىگەن بولىمىز.

بىزنىڭ نېئمەتلەرگە ئېيتقان شۈكۈرلىرىمىزنىمۇ مۇكاپاتلاپ ۋە ھەسسىلەپ يەنە بىر نېئمەت قىلىپ بەرگەنلىكى ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ گۈزەل پەزىل - مەرھەمەتلىرىدىندۇر: ﴿**نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن**﴾(ئىبراھىم: 7). ئاللاھ تائالا بەندىسىنى دۇنيالىق نېئمەتلەرگە ھەمد ئېيتىش ياكى باشقا تۈردىكى شۈكۈر قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسا، بۇ ئاللاھقا تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولغانلىق ۋە ئەڭ كاتتا نېئمەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ئۆزىگە ھەمد ئېيتىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بەندىسى غىزالىنىپ ھەمد ئېيتسا، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ھەمد ئېيتسا ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. مەرد، سېخى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە نېئمەتلەرنى ماختاش، مەدھىيە ئوقۇش ۋە شۈكۈر ئېيتىش مال - دۇنيادىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلار مەدھىيەگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىنى سەرپ قىلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ھۆرمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى، سېخىيلەرنىڭ ئەڭ سېخىيسىدۇر. ئۇ ئاللاھ بەندىلىرىگە نېئمەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزىگە سانا ئوقۇش، زىكىر ۋە ھەمد ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇلار ئارقىلىق شۈكۈر ئېيتقانلىقى تۈپەيلى ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى بولسىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ شۈكۈر ئېيتىشىغا ئۇ زاتنىڭ ئەسلا ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ شۈكۈر ئېيتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا بەندىنىڭ ياخشىلىنىشى، نىجاتلىقى ۋە مۇكەممەللىكى باردۇر. ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە شۈكۈر ئېيتىش ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېئمەتلىرىدىن بولسىمۇ، ئۇلارنى بەندىلىرىگە نىسبەت بېرىشى ئاللاھنىڭ پەزلى قاتارىدىندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شۈكۈر ئېيتىشىغا موھتاج ئەمەس. بۇ خۇددى ئۇلارغا مال - دۇنيا بېرىپ، ئاندىن ئۇلاردىن بەزىسىنى قەرز قىلىپ سورىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ قەرز بەرگەنلىكىنى ماختىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى بارلىق نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى ۋە پەزلىدىندۇر. لېكىن، ئۇنىڭ سېخىيلىقى شۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئى ئاللاھ! بىزنى ئۆز كەرەمىڭ بىلەن كەرەملىك قىلغىن! نېئمەتلىرىڭگە شۈكۈر ئېيتقۇچىلاردىن قىلغىن! بىزنى دەرگاھىڭدىكى ھۆرمەتلىك، شۈكۈر ئېيتقۇچىلارنىڭ ماقاملىرىغا يەتكۈزگىن!... ئامىن!


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

23

# رامازاندىكى سېخىيلىقىڭىز

سېخىيلىق ئۆزگىلەرگە كۆپ ھەدىيە قىلىش ۋە قولى ئوچۇق بولۇشتۇر. ئۇ ھەم شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر ۋە مەزكۇر ئۇلۇغ سۈپەتتىن «جەۋۋاد» ئىسمى تۆرلىنىپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى شۇ ئىسىم بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھ بەك جەۋۋاد (سېخىي) دۇر، سېخىيلىقنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ. ناچار ئەخلاقنى يامان كۆرىدۇ»[1].

ئاللاھنىڭ سېخىيلىقى ۋە كەرەملىكى رامازاندا ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇ زات بەندىلىرىنىڭمۇ شۇ مۇبارەك ئايدا سېخىي ۋە قولى ئوچۇق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن ھەدىستىكىدەك «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىيسى ئىدى. بولۇپمۇ رامازاندا جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە، تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامازان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسىدە جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇزئارا ‹قۇرئان› ئوقۇشاتتى. جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق قىلىشتا مەيىن شامالدىنمۇ سېخىي ئىدى»[2].

ئىمام ئىبنى رەجەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامازان ئېيىدا نەچچە ھەسسە سېخىي بولۇپ كېتىشىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «‹قۇرئان كەرىم› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئىدى. ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ رازى بولغىنىغا

(1) بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 10346 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ»، دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 6 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2308 ـ ھەدىس.

رازى بولاتتى، ‹قۇرئان›نىڭ غەزەپلەنگىنىگە غەزەپلىنەتتى؛ ‹قۇرئان كەرىم› قىزىقتۇرغان نەرسىگە ئالدىرايتتى، چەكلىگەن نەرسىدىن يىراق تۇراتتى؛ جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىنىڭ پەزىلىتى، سېخىيلىقا ۋە گۈزەل ئەخلاققا قىزىقتۇرغان بۇ مۇبارەك كىتابنى كۆپ دەرس قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك ئايدىكى سېخىيلىقى ۋە پەزىلەتلىرى ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتەتتى. شۈبھىسىزكى كۆپلەپ ئۇچرىشىش بولسا ئاشۇ ئۇچراشقان كىشىدىن گۈزەل ئەخلاقلارنى مىراس قالدۇرىدۇ»[1].

بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان سېخىيلىق ۋە قولى ئوچۇق بولۇش مۇئمىنىنىڭ نەپسى تېخىمۇ راھەتلىنىدىغان سەدىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. سېخىيلىق ۋە قولى ئوچۇقلۇق مۇئمىنىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ۋە ئاشۇ سەدىقىلەرگە بولغان ئىمانىنىڭ راستچىللىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(بېرىلگەن) سەدىقە ھۆججەتتۇر»[2]. يەنى ئۇ سەدىقە ساھىبىنىڭ ئىمانىغا ۋە ئاللاھنىڭ مىلىدىكى ھەققىنى ئادا قىلغانلىقىغا، شۇنداقلا مىلىدا ھېچبىر كىشى ئۈچۈن ھەق يوق دەپ قارايدىغان بېخىل مۇناپىقنىڭ زىيىنىغا دەلىل - ئىسپاتتۇر.

ئەمدى سېخىيلىقنىڭ رامازان ئىسمى بىلەن باغلىنىشىغا كەلسەك، فىتىر زاكىتى رامازاننىڭ سەدىقىسى دەپ ئىسىملەندۈرۈلگەندۇر، «سەھىھەين»دە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە فىترىنى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، قۇل بولسۇن، ھۆر بولسۇن، ھەربىر مۇسۇلمانغا بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. كېيىن (مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدا) كىشىلەر ئۇنى «يېرىم سا بۇغدايغا تەڭ» دەپ ھېسابلاشقاندى[3].

«سەدىقە سېخىيلىققا ھۆججەت» دېيىلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن سېخىيلىقتا ئەڭ كاتتا ھۆججەت بار. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىيلىقى ئەڭ كاتتا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەفلە سەدىقىلىرى ھەم

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 33 - بەت.
(2) «مۇسلىم»، 223 - ھەدىس.
(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1511 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 984 - ھەدىس.

بار ئىدى. ئىمام ئىبنۇلقەييىم بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بىراۋ كەلسە، بەزى ۋاقىتلاردا تاماق بېرىش بىلەن، بەزى ۋاقىتلاردا كىيىم - كېچەك بېرىش بىلەن ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھسان ۋە سوۋغاتلىرى خىلمۇخىل ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا سوۋغا بەرسە، بەزى ۋاقىتلاردا سەدىقە قىلاتتى. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا، خۇددى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆگىسىنى سېتىۋېلىپ پۇل بىلەن تۆگىنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك بىرەر نەرسىنى سېتىۋېلىپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى ۋە پۇلنى ساتقۇچىنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە قىلىۋېتەتتى. بەزىدە بىر نەرسىنى قەرز ئالاتتى، كېيىن قەرز ئالغىنىدىن ياخشىراق، زىيادىرەك، چوڭراق قايتۇراتتى. بىر نەرسىنى سېتىۋالاتتى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاشۇرۇپ ئادا قىلاتتى. ھەدىيە قوبۇل قىلاتتى، شۇ ھەدىيەگە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقنى قايتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدە تېخىمۇ مۇلايىم ۋە ئىنچىكە مۇئامىلە قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەدىقە - ئېھسانلىرى ئۆزى ئىگە بولغان نەرسە (لەر) بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرى بىلەن بولاتتى. ئۆزىنىڭ يېنىدىكى نەرسىلىرىنى چىقىرىپ سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيتتى ۋە ئىنسانلارنىمۇ قىزىقتۇراتتى، ئۆزىنىڭ ھال ۋە ھەرىكىتى ھەمدە سۆزى بىلەن دەۋەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاچكۆز كىشى كۆرگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئۇ كىشىنى سەدىقە بېرىشكە ئۈندەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئارىلاشقان، ھەمراھ بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن كىشى ناھايىتى سېخىي، ئەپۇچان ۋە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان بولۇپ كېتەتتى[1].

خىلمۇخىل شەكىللەردە مال بىلەن سېخىيلىق قىلىش سېخىيلىقنىڭ يالغۇز بىرلا كۆرۈنۈشى ئەمەستۇر. بۇ خۇسۇستا نەفلە سەدىقىلەردىن ھېسابلىنىدىغان، كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن رامازان كۈنلىرىدە ئۆز نەپسىگە ئايرىسا بولىۋېرىدىغان مال بىلەن قىلىدىغان سېخىيلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا نۇرغۇن سېخىيلىق تۈرلىرىمۇ باردۇر. ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «زادۇل مەئاد»، 2 - توم، 232 - بەت.

«مال بىلەن سېخىيلىق قىلىشتىن باشقا ئىككى تۈرلۈك سېخىيلىق بار:

**بىرىنچىسى**، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش؛ بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا بەزىدە مال بىلەن بولغان سەدىقىدىنمۇ ياخشىراقتۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە مەئسىيەتلىرىدىن چەكلەشتىن ئىبارەت بۇ خىل سېخىيلىق مال بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئەۋزەل، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نى ۋە تۈرلۈك پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىش، مۇسۇلمانلار ئۇچۇن مەغپىرەت تىلەش ۋە ئۇلارغا يېتىدىغان ئەزىيەتلەرنى كەتكۈزۈش دېگەندەك ئىشلارمۇ شۇنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ‹قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭ سەدىقىدۇر، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش سەدىقىدۇر، يولدىن ئادىشىپ قالغان كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ سەدىقىدۇر، چېلىكىڭدىكى سۇدىن قېرىندىشىڭغا بېرىشىڭ سەدىقىدۇر›[1].

**ئىككىنچىسى**، پايدىسى قىلغۇچىغىلا بولىدىغان ئىشلار. بۇ تەكبىر، تەسبىھ، ئىستىغپار ۋە تەھلىل ئېيتىشقا ئوخشاش زىكرىنىڭ تۈرلىرى، شۇنداقلا مەسجىدكە ياياق بېرىشقا ئوخشاش ئىشلار»[2].

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! رامازاندىكى سېخىيلىقىڭىزنىڭ ئەجرىنى ئەڭ سېخىي زات رەببىڭىز تەرىپىدىن ئالىسىز. مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ تۈرىگە قارىتا بولىدۇ. سىز روزىدارلارغا ۋە ھاجەتمەنلەرگە سېخىيلىق قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجرنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشىگە روزىدارنىڭ ئەجرى بىلەن ئەينى مىسلىدا ئەجر ـ مۇكاپات بېرىلىدۇ»[3].

---

(1) «تىرمىزىي»، 1956 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئىبنى رەجەب: «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1ـ توم، 59 ـ بەت.

(3) «تىرمىزىي»، 807ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

مۇبادا ئۇشبۇ رامازان ئېيىدا قىيامىدا تۇرۇش ۋە ئاچ (لار) غا تاماق بېرىشنى ئورۇندىيالىسىڭىز، مانا بۇ سېخىيلىقىڭىز سەۋەبىدىن ئالاھىدە بىر مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىنىسىز. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى:

ــ جەننەتتە شۇنداق ھۇجرىلار باركى، تېشىدىن ئىچى، ئىچىدىن تېشى كۆرۈنۈپ تۇرۇر، ــ دېگەنىدى، ساھابە كىراملەر:

ــ ئۇ ھۇجرىلار كىملەر ئۈچۈندۇر، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى؟! ــ دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

ــ ياخشى سۆز قىلغان، ئاچ قالغانغا تاماق بەرگەن، كېچىلىرى كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ناماز ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر، ــ دەپ جاۋاب بەردى[1].

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! سېخىيلىق قىلغان ھەر كۈنىڭىز ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىلەر تاڭ ئاتقۇزغان ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى ئاللاھ! مېلىنى سەن ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىگە ئورنىنى تولدۇرىدىغان مال ئاتا قىلغىن› دەيدۇ. يەنە بىرى: ‹ئى ئاللاھ! مېلىنى سەن ئۈچۈن سەرپ قىلماي، چىڭ تۇتۇۋالغان كىشىگە تالاپەت ئەۋەتكىن› دەيدۇ»[2].

**ئى ئاللاھ! بىزگە سېخىيلىقنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. بىزنى ئەپۇ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن. بىزنى دەرگاھىڭدا قوبۇل بولغان كىشىلەردىن قىلغىن... ئامىن!**

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 1337 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 1984 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1442 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1010 ـ ھەدىس.


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

24

# رامازاندىكى تىرىشچانلىقىڭىز

شۈبھىسىزكى، رامازان روزا تۇتۇش، قىيامدا تۇرۇش، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىشتا سەبىر بىلەن تىرىشىش ئېيى بولغىنىدەك، جىھادنىڭ ۋە ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن نەپس ۋە ئىنسانلار بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭمۇ ئېيىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ رامازاندا بۈيۈك غەلىبىلەرگە ئېرىششى ئەسلا تەسادۇپ ئەمەستۇر. روزا تۇتقۇچى بۇ مۇبارەك ئايدا روھىي جەھەتتىن رەببىنىڭ رىزاسى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرەلەيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئۆلىشالايدۇ. بۇ بولسا روزىنىڭ سىر - ئەسرارلىرىدىن بىر سىر ۋە پەيز - روھلىرىدىن بىر روھتۇر.

- مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ بۈيۈكى بولغان بەدر غازىتى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامازان ئېيىنىڭ 17 - كۈنىدە بولغانىدى[1]. بۇ ئۇرۇش «قۇرئان كەرىم»دە نامى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن مەڭگۈگە قالدۇرۇلغان ئۇرۇشتۇر: ﴿**ئاللاھ سىلەرگە بەدردە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار!**﴾(ئال ئىمران: 123)

- ھىجرەتنىڭ 8 - يىلى رامازاننىڭ 20 - كۈنى (مىلادى 630 - يىلى 11 - يانۋار كۈنى) دە ئاللاھ ئىسلامنى ۋە ئەھلى مۇسۇلماننى ئەزىز قىلغان ۋە ئىنسانلار

---

(1) **بەدر غازىتى:** ھ. 2 - يىلى رامازان / م. 624 - يىلى مارت ئېيىدا رەسۇلۇللاھ باشچىلىقىدىكى 74 مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن بولۇپ 305 كىشى، 70 تۆگە ۋە 2 ئاتتىن تەشكىل تاپقان ئىسلام قوشۇنى بىلەن 700 تۆگە ۋە 100 ئات بىلەن 1000 كىشىلىك قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئوتتۇرىدا يۈز بەرگەن تۇنجى ئۇرۇشتۇر. ـــ ت.

ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ - توپ بولۇپ كىرگەن، مەككە فەتھ بولغان[1]، بۇ غەلىبە - نۇسرەت ھەققىدە نەسر سۈرىسى نازىل بولغانىدى: ﴿**ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمد ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر!**﴾(نەسر: 1 – 3)

- ھىجرەتنىڭ 92 - يىلى رامازاننىڭ 18 - كۈنى (مىلادى 711 - يىلى 9 - ئىيۇن) مۇسۇلمانلار ئەندەلۇسنى فەتھ قىلغانىدى ۋە ئەندەلۇستا ناھايىتى گۈللەنگەن بىر خىلافەت مەيدانغا كەلگەنىدى.

- ھىجرەتنىڭ 223 - يىلى رامازاننىڭ 26 - كۈنى (مىلادى 838 - يىلى 21 - ئاۋغۇست) مۇسۇلمانلار ئەمۇرىيە شەھرىنى ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇئتەسىم بىللاھنىڭ قوماندانلىقى بىلەن فەتھ قىلغانىدى[2].

---

(1) ھىجرىيە 8 - يىلى رامازاننىڭ 13 - كۈنى (م. 630 - يىلى 4 - يانۋار) ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ باشچىلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنى، ئۆز ئۇرۇقداشلىرى قۇرەيشنىڭ قولىدىكى مەككە مۇكەررەمەگە قارشى يولغا چىقىپ رامازاننىڭ 20 - كۈنى (630 - يىلى 11 - يانۋار) مەككەگە يېقىنلاشتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۆرتكە بۆلۈنۈپ، قارشىلىق بولمىغۇچە ھېچكىم بىلەن ئۇرۇشماسلىقنى تاپىلىغان رەسۇلۇللاھ قوزغىلىش بۇيرۇقى بېرىپ «فەتھ» سۈرىسىنى ئوقۇغان ھالدا مەككە مۇكەررەمەگە كىردى. قالغان ئۈچ قىسىم ھېچقانداق توسالغۇسىز كىرگەن بولسىمۇ، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قىسىملار ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدىكى كىچىك بىر گۇرۇپپىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ مەككە مۇكەررەمەگە كىردى ۋە مەككە فەتھ قىلىندى. رەسۇلۇللاھ دەرھال ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ ھېچكىمگە ۋە ھېچبىر مال - مۈلككە چېقىلمىدى. كەئبەنىڭ ئىچى ۋە يېقىنلىرىدىكى 360 بۇت - ھەيكەل «ئىسرا» سۈرىسى 81 - ئايەتنى ئوقۇلغان ھالدا بىر - بىرلەپ چېقىپ تاشلاندى ۋە رەسۇلۇللاھ پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ـــ ت.

(2) ئەسەرنىڭ ئەرەبچە ئەسلىدە ھىجرىيە 233 - يىلى رامازاننىڭ 26 - كۈنى دېيىلگەن بولۇپ، توغرىسى «ھىجرىيە 223 - يىلى» بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئەمۇرىيە ياكى ئامورىيوم 838 - يىلى ئەرەب ئابباسىي خەلىپىلىكى تەرىپىدىن فەتھ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلىپە مۇئتەسىم بىللاھ 833 - يىلى خىلافەت تەختىگە ئولتۇرۇپ، ھىجرىيە 227 - يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 18 - كۈنى، 842 - يىلى 5 - يانۋار كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات تاپقان. شۇڭا، 233 - يىلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەمۇرىيە بۈگۈنكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئافيون قاراھىسار ۋىلايىتى ئەمىرداغ ئىلچەسى تەۋەسىدىدۇر. ـــ ت.

- ھىجرەتنىڭ 658 - يىلى رامازان ئېيىنىڭ 25 - كۈنى (مىلادى 1260 - يىلى 9 - سېنتەبىر) مۇسۇلمانلار «ئەيىن جالۇت ئۇرۇشى»[1]دا مەملۇك قوماندان سەيفىددىن قوتۇز[2] رەھبەرلىكىدە موڭغۇللارنىڭ زور قوشۇنىغا قارشى غەلىبە قىلغانىدى. ئىسلام ئالەمىگە ئۇرۇش ئاچقاندىن كېيىن ۋە باغدادتىكى ئابباسىي خىلاپىتىنى (750 - 1258) گۇمران قىلغاندىن كېيىنكى موڭغۇللارنىڭ ھېچقانداق كۈچى قالمىغانىدى.

- ھىجرەتنىڭ 666 - يىلى رامازاننىڭ 4 - كۈنى (مىلادى 1268 - يىلى 18 - ماي) مۇسۇلمانلار «ئەھلى سەلىب»گە قارشى ناھايىتى چوڭ بىر غەلىبە قازانغانىدى. مۇسۇلمان قوماندان بايبارس[3] ئانتاكىيە شەھرىنى قايتۇرۇۋالغانىدى.

---

(1) ئەسەرنىڭ ئەرەبچە ئەسلىدە ھىجرىيە 668 - يىلى رامازاننىڭ 15 - كۈنى دېيىلگەن بولۇپ، توغرىسى 658 - ھىجرىيە 25 - رامازاندۇر. **«ئەيىن جالۇت ئۇرۇشى»** 1260 - يىلى 3 - سېنتەبىر كۈنى بەھرىيە مەملۇك سۇلتانى سەيفىددىن قوتۇز ۋە ئىلغار قىسمىنىڭ قوماندانى بايبارس رەھبەرلىكىدىكى مەملۇك قوشۇنلىرى بىلەن تېگى تۈرك بولغان كەتبۇغا نويان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن، ئىلخانىي خانى ھىلاكۇ قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، باش قوماندان كەتبۇغا ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن مىسىر ۋە سۈرىيە موڭغۇل ھاكىمىيىتىدىن ساقلىنىپ قالغان بىر مەيدان تارىخىي ئۇرۇشتۇر. ــ ت.

(2) **سەيفىددىن قۇتۇز** (سيف الدين قطز) ــ تېگى تۈرك بولۇپ، خارەزمشاھلاردىن جالالىددىن مەڭگۇبەردىنىڭ جىيەنىدۇر. مىلادىيە 1259 - يىلى نويابىردىن 1260 - يىلى ئۆكتەبىرگىچە مەملۇك سۇلتانى بولغان. ئۆز ۋاقتىدا بىر قوماندان بولغان قۇتۇز «ئەيىن جالۇت ئۇرۇشى»دا بايبارس بىلەن بىرگە جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تۆھپە كۆرسەتكەن قوماندان بايبارسنىڭ ھالەپنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆز يېقىنلىرىدىن باشقا بىرىگە بەرگەن. بايبارس بىلەن قۇتۇز ئوتتۇرىسىدا بۇرۇنلا ئاز - تولا ئاداۋەت بار بولۇپ، بۇ ئىشتىن كېيىن بايبارس غەزەپلىنىپ، مىسىرغا قايتىش يولىدا چۈشكۈن قىلغان بىر يەردە سۇيىقەست بىلەن مىلادىيە 1260 - يىلى 22 – ئۆكتەبىردە سۇلتان قۇتۇزنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا مىسىرغا سۇلتان بولغان. ــ ت.

(3) **بايبارس** I، تولۇق ئىسمى ئەلمەلىكۇززاھىر رۇكنۇددىن ئەبۇلفەتھ بايبارس ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسالىھىي ئەننەجمىي ئەتتۈركىي ئەلبۇندۇقدارىي (الملك الظاهر ركن الدين بيبرس البندقداري) ــ تېگى قىپچاقلاردىن بولۇپ، مىلادىيە 1233 - يىلى ئەتراپىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان، تەخمىنەن 14 يېشىدا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، شامدا قۇل بازىرىدا ئەييۇبىي ئەمىرلىرىدىن ئايتېكىن ئەلبۇنداقدارىي تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىستىدادى سېزىلىپ، ئەييۇبىي سۇلتانى ئەسسالىھ ئەييۇبىي تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، ئەسكەرىي بارگاھقا ئەۋەتىلگەن، نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە تېزلا ئەمىرلىككە يۈكسەلگەن. مىلادىيە 1260 - يىلى 3 - سېنتەبىردىكى «ئەيىن جالۇت ئۇرۇشى»دىن غەلىبە بىلەن قايتىۋاتقان مىسىر بەھرىيە مەملۇك ھاكىمىيىتىنىڭ سۇلتانى سەيفىددىن قۇتۇزنى ئۆلتۈرۈپ، مىسىر تەختىگە ئولتۇرغان ۋە بايبارس نامى بىلەن مىسىر ۋە سۈرىيە تۇپراقلىرىدا ھۆكۈم=

شۈبھىسىزكى، جىھاد روھى رامازاندا شۇنىڭدىكى تىرىشچانلىق روھىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن يۈكسىلىدۇ ۋە شەكسىزكى، نەپسىنىڭ جىھادى بولسا ھەرقانداق بىر توغرا بولغان جىھادنىڭ ئىلگىرى كېلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىد دېگەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى. مۇھاجىر دېگەن خاتالىقلارنى ۋە گۇناھلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1]. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى شەرئىي جىھاد يولىدا داۋاملىششىقا پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىلەرلا قادىر بولالايدۇ. روزا بولسا نەپسكە قارشى جىھاد قىلىش بىلەن قۇللۇق قىلىشنىڭ يوللىرىدىن ئاساسلىق بىر يولدۇر.

بەزى كىشىلەر، نەپس بىلەن جىھاد قىلىش ۋە ئىبادەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئارىسىدا چوڭ مۇناسىۋەت يوق دەپ قارايدۇ، لېكىن يۇقىرىقى ھەدىس: «مۇجاھىد دېگەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىدۇر» دېيىش ئارقىلىق بۇ مۇناسىۋەتنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىتائەتتىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى، شۇ جۈملىدىن روزا، كۆرۈنۈشتە سەممىي، يۆنىلىشلىرىدە راستچىل بولغان خاس بىر شەخسىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ بولسا رامازاننىڭ، بولۇپمۇ ئىجتىھاد ۋە جىھاد كۈنلىرى دەپ سانالغان ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغان مېۋىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان نەرسىدۇر.

ئەي روزىدار قېرىنداشىم! ئۇشبۇ كۈنلەردە تەييارلىق ۋە تىرىشچانلىق نىيىتىنى ھازىرلىغان ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكىن. بەلكى رامازاندىكى ئىتائەتلىرىڭگە ئاشۇ نەپسىڭنىڭ جىھادىنى ئارزۇ قىلىش ئىتائىتىنى قوشالىشىڭ مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، «جىھاد قىلماي تۇرۇپ ئۆلگەن ۋە نەپسىدە جىھاد قىلىشنى ئىستىمەي تۇرۇپ ئۆلگەن كىشى بىر مۇناپىقلىق شاخچىسى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[2].

---

=سۇرگەن شىجائەتلىك سۇلتان. ئىلخانىي موڭغۇللىرى ۋە ئەھلى سەلىب بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان ۋە مىلادىيە 1277 - يىلى 1 - ئىيۇن كۈنى شامدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ـــ ت.

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 24004 - ھەدىس. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 549) «سەھىھ» دېگەن.

(2) «مۇسلىم»، 1910 - ھەدىس.

رامازاندا نەپس بىلەن جىهاد قىلىشتىن مەقسەت مەزكۇر روزىنى تەئدىل - ئەركانلىرى، ۋاجىپ - پەرزلىرى ۋە تاكامۇل ئادا تاپقۇزغۇچى شەرت - ئامىللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئادا قىلغان نامازدەك ئادا قىلىشتۇر. بۇ خىل ئادا قىلىش پەقەت ۋە پەقەت نەپس بىلەن جىهاد قىلىش ۋە سەبرچانلىق كۆرسىتىش بىلەنلا بولىدۇ. ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، مۆئمىن ئۈچۈن رامازان ئېيىدا ئىككى جىهاد باردۇر: بىرى، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇش ئارقىلىق نەپس بىلەن بولغان جىهاد؛ يەنە بىرى، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش (ئارقىلىق ئۇيقۇ) بىلەن بولغان جىهاد. كىمكى بۇ ئىككى جىهادنى بىرلەشتۈرەلىسە، هوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلالىسا ۋە ئۇنىڭغا سەبر قىلالىسا هېسابسىز ئەجرگە ئېرىشىدۇ»[1].

رامازاندىكى نەپس بىلەن جىهاد قىلىشنىڭ مەنىسى بۇ ئاينىڭ چىقىپ كېتىشىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ئاندىن كۆزگە چېلىقىدۇ. مۇسۇلمان كىشى بۇ ئاينىڭ ئۆچتىن ئىككىسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلغان ۋاقىتتا، ئاخىرقى ئۆچتىن بىرىنى غەنىيمەت بىلىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىشقا ئالدىرىغىنى ياخشى. چۈنكى، بۇ بولسا رامازاننىڭ ئاخىرقى ئونى شۇنداقلا ئەڭ ئەۋزەل ئۆچتىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ قاتارىدا مۆئمىنلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشقا ۋە بار نەرسىسىنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاشۇ ئون كۈننى قاتمۇقات، هەسسىمۇهەسسە ئىجتىهاد ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئالاهىدە ئۆتكۈزۈش بار ئىدى. «سەهىهەين»دە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن كەلگەن رىۋايەتتە، ئائىشە ئانىمىز شۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رامازاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە، ئىشتىنىنىڭ بېغىنى چىڭ باغلايتتى ۋە كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن تىرىلدۈرەتتى، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئويغىتاتتى»[2].

(1) ئابدۇرراهمان ئەلئاسىمي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 46 - بەت.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس: «بۇخارىي»، 2024 - هەدىس؛ «مۇسلىم»، 1174 - هەدىس.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا باشقا ۋاقىتتا كۆرسەتمىگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى»[1].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا كۆرسەتكەن بۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق بولسا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۈملىدىن: كېچىنى ئىبادەت بىلەن تىرىلدۈرۈش، ئۆز ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئويغىتىش، ئاياللاردىن يىراق تۇرۇش، ئېغىز ئېچىشنى سەھەر ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈش، شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا يۇيۇنۇش، شۇنداقلا مۇشۇ ئون كۈننى ئېتىكاپ ئىبادىتى بىلەنمۇ خاس قىلاتتى. بۇ ئالتە خىسلەت ئىبنى رەجەب ئېيتقاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدىكى ئىجتىھادى ئىدى.

**بۇ ئالتە خىسلەتتىن بىرىنچىسى**، كېچىنى ئىبادەت بىلەن تىرىلدۈرۈش؛ بۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن تىرىلدۈرەتتى» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. كېچىنى تىرىلدۈرۈش دېگەنلىك كېچىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، كۆپ قىسمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشتۇر.

**ئىككىنچى خىسلەت**، ناماز ئۈچۈن ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئويغىتىش؛ ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئائىلىسىنى ئويغىتاتتى» دەپ كەلگەن.[2] ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ 23 -، 25 -، 27 - كېچىلىرىدە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن قىيامدا تۇرغانىدى، ئەھلىنى ۋە ئاياللىرىنى چاقىرغانىدى» دەپ كەلگەن[3].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئون كۈن ئىچىدىكى قەدىر كېچىسى بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان كېچىلەردە ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئويغىتىشتا ناھايىتى چىڭ تۇراتتى. سۇفيان سەۋرىي رەھىمەھۇللاھ: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى

(1) «مۇسلىم»، 1175 - ھەدىس.
(2) «تىرمىزىي»، 795 - ھەدىس. ئالبانىي: («سەلاتۇت تەراۋىھ»، 16) «سەھىھ» دېگەن.
(3) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 20910 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 1375 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 806 -، 1364 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 1605 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن. ـــ ت.

ئونى كىرگەندە، مەن ئۈچۈن كېچىدە ئىبادەت قىلىشتىن ۋە تاقەت كەلتۈرەلىسە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىمنى نامازغا ئويغىتىشتىن سۆيۈملۈك بىر ئىش يوقتۇر»[1] دېگەنىكەن.

گەرچە رامازاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىبادەتلەردە زىيادە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش پۈتۈن ئۈممەت ئۈچۈن ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئائىلىسى بىلەن يىلنىڭ پۈتۈن ئايلىرىدا ناھايىتى تىرىشچانلىق بىلەن ئىبادەت قىلىدىغانلىقى رىۋايەتلەر بىلەن سابىتتۇر. سەھىھ رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى قىزى ھەزرىتى فاتىمەتۇززەھرا بىلەن كۈيئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ: «ئىككىڭلار (قوپۇپ) ناماز ئوقۇمامسىلەر؟!»[2] دېگەنىدى.

**ئۈچىنچى خىسلەت،** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشتىنىنىڭ بېغىنى چىڭ باغلايتتى؛ يەنى ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كەلگەن رىۋايەتتە: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرقى ئون كۈن كىرگەندە ئىشتىنىنىڭ بېغىنى چىڭ باغلايتتى، كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن تىرىلدۈرەتتى ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئويغىتاتتى»[3].

**تۆتىنچى خىسلەت:** ئېغىزنى ئېچىشنى سوھۇرلۇق ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈش؛ ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامازاننىڭ ئاخىرقى كېچىسى ئاخشاملىق تامىقىنى سوھۇرلۇق قىلىۋېتەتتى»[4]. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلاپ روزا تۇتماڭلار، قايسىڭلار ئۇلاپ روزا تۇتماقچى بولسا، (ئىپتاردا ئېغىز ئاچمىغان بولسا ئېشىپ كەتسە ئىككىنچى) سوھۇرلۇققىچە ئۇلىسۇن، ــ دېگەنىدى. ساھابىلەر:

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 56 ـ بەت.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1127 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 775 ـ ھەدىس.
(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 2024 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1174 ـ ھەدىس.
(4) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، 5653 ـ ھەدىس. ئالبانىي «زەئىف» دېگەن.

ــ يا رەسۇلۇللاھ! جانابلىرى ئۇلاپ تۇتىلغۇ؟ ــ دېدى. شۇندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن ئاللاھ تەرىپىدىن يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىپ ياتىمەن، ــ دېدى[1].

**بەشىنچى خىسلەت،** ناماز شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا يۇيۇنۇش؛ ئىبنى ئەبى ئاسىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامازاندا ئۇخلايتتى ۋە قىيامدا تۇراتتى، ئاخىرقى ئونى كىرگەندە ئىشتىنىنىڭ بېغىنى چىڭ باغلاپ، ئايالliرىدىن ئۇزاق تۇراتتى ۋە شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا يۇيۇناتتى»[2].

شەكسىزكى، ئاشۇ شەرەپلىك كېچىلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش بولسا زىيادە پاكىزلىق بىلەن بولىدۇ.

ئالتىنچى خىسلەت، ئېتىكاپ. بىز بۇ توغرىسىدا ئىلگىرى توختىلىپ بولغان.

**ئى ئاللاھ! بىزگە توغرىلىقتا مۇستەھكەم تۇرۇشنى رىزىق قىلغىن! ھەرقانداق بىر گۇناھتىن ساغلام قېلىشنى، ھەرقانداق بىر پايدىلىق ئىشلاردىن غەنىيمەت ئېلىشنى رىزىق قىلغىن! بىزگە غەلىبە بىلەن جەننەتكە ئېرىشىشنى، جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشنى رىزىق قىلغىن!... ئامىن!**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1922 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1098 - ھەدىس.
(2) ئىبنى رەجەب: «لەتائىفۇل مەئارىف»، 346 - بەت.

25

# رامازاندىكى دۇئالىرىڭىز

ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىشى بىزلەرگە ئىلتىپات قىلغىنى بولۇپ، بۇ ئۇشبۇ مۇبارەك ئاينىڭ كارامەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دۇئانى بۇ مۇبارەك ئاي بىلەن زىكىر قىلىشى دۇئانىڭ كارامىتىنىڭ قاتارىدىندۇر. روزا ۋە روزىنىڭ ھېكمەت، ئەھكاملىرى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)**﴾(بەقەرە: 186). دۇئالارنىڭ ئىجابەت قىلىنىشى بولسا ئۇشبۇ مۇبارەك ئايدا ئىلتىپات ئۈستىگە ئىلتىپاتتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغاندەك: «ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە دۇئادىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەت يوقتۇر»[1].

سىز بۇ مۇبارەك سېخىيلىق ئىچىدە ھەقىقىي سېخىي زات ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتلەر بىلەن قۇللۇق قىلىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئاللاھ تائالا ھايالىقتۇر، سېخىيدۇر. بەندىسى دۇئاغا قول كۆتۈرسە، ئۇنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە دۇئا قىلغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغاندۇر. ئۇ زات پەقەت ياخشى كۆرگەن نەرسىنىلا بۇيرۇق قىلىدۇ. پەرۋەردىگار

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 8733 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 3370 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

(2) «ئەبۇ داۋۇد»، 1488 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 3556 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3865 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئېيتىدۇ: ﴿**ماڭا دۇئا قىلىڭلار! مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)**﴾(غافىر: 60). بەلكى ئاللاھ دۇئانى كىچىك كۆرىدىغان ياكى كىبىر بىلەن دۇئانى تەرك ئەتكەن كىشىگە غەزەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ**﴾(غافىر: 60). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ تائالادىن بىرنەرسە سورىمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)**﴾(بەقەرە: 186) دېگەن ئايىتىدىكى دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا نائىل بولۇشقا قىلىنغان بۇ تەرغىب روزا بىلەن تەقۋادارلىقنى ھاسىل قىلىشقا تەرغىب قىلىش سىياقىدا كەلگەن. رامازاندىكى دۇئالار ئۈچۈن ئىپتاردىن ئىلگىرى ئاللاھقا يالۋۇرغۇچىلار، سەھەر ۋاقىتلىرىدا ئاللاھتىن قورقۇپ ئەيمەنگۈچىلەر ۋە ئۇزۇن قىياملاردىن كېيىن، كېچىلەردىكى تەھەججۇتلەردىن كېيىن رەببىنىڭ ئالدىدا قورقۇپ يىغلىغۇچىلار بىلەلەيدىغان ئالاھىدە بىر لەززەت باردۇر. ئەنە ئۇلار رەببىگە يېقىن ئىكەنلىكلىرىنى ۋە ئىجابەتىنىڭمۇ ئاللاھ تائالادىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

رامازان كۈنلىرى ئۆتكەنسېرى دۇئانى ياخشى كۆرىدىغانلار كۆپىيىدۇ، ياخشىلىقلار كۆپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رامازان ئېيى «قۇرئان»نىڭ، سەبرىنىڭ، روزىنىڭ، ئاچلارنى تويغۇزۇش ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئېيى بولغىنىدەك، دۇئانىڭمۇ ئېيى بولىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ دۇئاغا قىزىقتۇرغۇچى ئۇشبۇ ئايەتنى روزىنىڭ ئەھكاملىرى ئارىسىدا زىكىر قىلىشىدا ئىككى خۇسۇستا كۆرسەتمە باردۇر: بىرى، شۇ ئاي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، يەنە بىرى،

---

(1) «تىرمىزىي»، 3373 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

ساجىيە

ھەر ئىپتار ۋاقتىدا دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتۇر»[1]. خوش، نېمە ئۈچۈن روزا رامازان بويىچە ۋە رامازاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك؟ چۈنكى، دۇئاگويى روزىدارغا ئالاھىدە بىر مۇپاكات ۋەدە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ ئالاھىدە مۇكاپات بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ روزىغا پۈتكەن ساۋابلىرىدىن تەلەپ قىلغانلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەتسىز قايتۇرماسلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، روزىدار ئۈچۈن ئىپتار ۋاقتىدا ئىجابەتسىز قايتۇرۇلمايدىغان بىر دۇئا (پۇرسىتى) بولىدۇ»[2]. مەزكۇر ھەدىسنىڭ راۋىسى ئابدۇللا ئىبنى ئەمر[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىپتار ۋاقتىدا بالا - چاقىلىرىنى چاقىرىپ بىرلىكتە دۇئا قىلاتتى[4].

روزىدارغا نىسبەتەن بۇ مۇكاپات رامازان روزىسىغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكى بىر روزىدار ئۈچۈن رەت قىلىنمايدىغان بىر دۇئا باردۇر. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىدەك:

«ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: ئادىل پادىشاھنىڭ دۇئاسى؛ روزىدارنىڭ ئىپتار قىلغۇچە ئارىلىقتا قىلغان دۇئاسى؛ مەزلۇمنىڭ دۇئاسى. ئاللاھ مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاسمان دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ ۋە: ‹**ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، بىر مەزگىلدىن كېيىن بولسىمۇ، ساڭا ئەلبەتتە ياردەم بېرىمەن**› دەيدۇ»[5].

---

(1) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 1 - توم، 233 - بەت.

(2) «ئىبنى ماجە»، 1753 - ھەدىس. بۇسايرىي: («مىسباھۇززۇجاجە»، 636 - ھەدىس) «سەنەدى سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

(3) ئەبۇ ئابدۇرراھمان **ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر** ئىبنى ئەلئاس ئەلقۇرەشىي (عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ الْقُرَشِيُّ، ھ. بۇرۇن 27 – ھ. 63 ياكى 65 / م. 595 – 683 ياكى 685) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ـــ ئاتىسى ئەمر ئىبنى ئاستىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان ۋە غازاتلارغا قاتناشقان ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ساھابەلەر ئىچىدە ئالىملىقى ۋە ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن تونۇلغان، 700 گە يېقىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان زات. ـــ ت.

(4) «مۇسنەدۇ تەيالىسىي»، 2376 - ھەدىس.

(5) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 8030 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2526 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 1752 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

شۇ بائىس، سالىھلەر دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى، ھەممىدىن يېقىن زات ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەگە رامازاننىڭ كۈندۈز ۋە كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ دۇئا قىلىش بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇشبۇ ھەرىكەتلىرى ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ دۇئا قىلغۇچىلارغا قىلغان: ﴿**ماڭا دۇئا قىلىڭلار! مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)**﴾(غافىر: 60) دېگەن چاقىرىقىغا، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ روزا تۇتقۇچىلار ئۈچۈن قىلغان: ﴿**ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)**﴾(بەقەرە: 186) دېگەن نىداسىغا ئاۋاز قوشۇش ئىدى.

ئاللاھ تائالا بىزلەرنى دۇئا - تەكبىر ۋە تائەت - ئىبادەتلەرنى خالىسانە بىر ئۆزىگە قىلىشقا چاقىرىدۇ: ﴿**كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار!**﴾(غافىر: 14). رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «دۇئا ئىبادەتتۇر»(1) دېگەن. بۇ ئىبادەت رامازاندا تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، رامازاندا قەلبلەر يۇمشايدۇ، روھلار ساپلىشىدۇ، شەھۋەتلەر قۇرۇپ، نەپسلەر سۇنىدۇ. مانا بۇ بىر بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشۇشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشى ئۈچۈن بەندىنىڭ شۇنىڭغا لايىق بولۇشىدۇر. دۇئالار ئادەتتە قەلبلەرنىڭ يۇمشىشى ۋە نەپسلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ، تۈرلۈك شەھۋەتلەردىن قۇتۇلۇشى بىلەن مۇستەجاب بولىدۇ. كىشى بۇ ھالغا رامازاندىن باشقا ۋاقىتلاردا بۇ دەرىجە تولۇق ئېرىشەلمەيدۇ.

ئاللاھقا دۇئا قىلىش دائىما ئاللاھتىن ياردەم سوراش بىلەن بىرگە كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز ئاللاھقا دۇئا قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھتىن ياردەم سورايمىز، ئاللاھتىن ياردەم سورىغان ۋاقتىمىزدا بىز تىلىمىز بىلەن ﴿**(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**﴾(فاتىھە: 5) دەپ دۇئا قىلىمىز. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مۇنداق دېگەن:

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 18415 - ھەدىس؛ «ترمزىي»، 2969 - ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 1481 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3828 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

«تىلىسەلەڭ، ئاللاھتىن تىلىگىن، ياردەم سورىساڭ، ئاللاھتىن سورىغىن»[1].

ئاللاھقا موھتاجلىقنى ئىپادىلەش پەقەت ياردەم سوراپ دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھتىن تىلەش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ئۆزىدىن سورىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (ئاللاھ بېرىدۇ)﴾(نىسا: 32) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، ئاللاھنىڭ پەزلى كۆپتە بولسۇن ئازدا بولسۇن، تىلىنىدۇ: «رەببىڭلاردىن بارلىق كەم - كۈتىڭلارنى سوراڭلار. ھەتتا تۇزنىمۇ سوراڭلار! ئايىغىڭلارنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بوغقۇچىنىمۇ سوراڭلار!»[2]

ئى روزىدار قېرىندىشىم! خاھلىغان ۋاقتتا ئاللاھقا خالىس دۇئا قىلىش بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشكەن ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىسىز. دەرۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان گۇناھنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈش نىيەت قىلىنمىغان بىر دۇئانى قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى تېز ئىجابەت قىلىدۇ، ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرىدۇ ۋە يا ئۇ كىشىدىن شۇ دۇئانىڭ باراۋىرىدە يامانلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ»[3] دېگەندۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىخلاسمەنلەر ئۈچۈن غەنىيمەت، ئاقىل - دانالار ئۈچۈن پۇرسەت ھېسابلىنىدىغان، خاھ رامازان ئىچىدە بولسۇن، خاھ باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن ئىزدىلىدىغان، تەلەپ قىلىنىدىغان شۇنداق دۇئا ۋاقىتلىرى باردۇر. يەنى:

### ✵ تاڭ كېچە ۋاقتى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «ھەقىقەتەن كېچىدە بىر ۋاقىت باركى، قايسىبىر مۇسۇلمان كىشى ئاللاھتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەت خەيرلىكىدىن قانداق

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 2669 - ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2516 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(2) «تىرمىزىي»، 3963 - ھەدىس. ئالبانىي: («مىشكاتۇل مەسابىھ»، 2252 - ھەدىس) «ھەسەن» دېگەن.
(3) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 11149 - ھەدىس؛ بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، 710 - ھەدىس؛ ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، 1816 - ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

بىر ئىشنى سورىغان ۋاقىتتا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ، ئۇ ۋاقىت ھەممە كېچىدە بولىدۇ»[1] دېگەن.

## ❋ سەھەر ۋاقتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەر كېچىسى دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: ‹كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ مەن ئۇنى ئىجابەت قىلاي، كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ مەن ئۇنى كەچۈرۈۋېتەي، كىم مەندىن رىزىق تىلەيدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا رىزىق بېرەي، كىم مەندىن يامانلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەيدۇ؟ مەن ئۇنى كۆتۈرۈۋېتەي› دەيدۇ»[2].

## ❋ رامازان كېچىلىرى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «رامازان ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى يېتىپ كەلگەندە، شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى باغلىنىدۇ، دوزاخنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، جەننەتنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ. بىر جاكارچى: ‹ئى ياخشىلىق ئىزدىگۈچى، كەل!› دەپ، روزا تۇتقۇچىلارنى جەننەتكە چاقىرسا؛ ‹ئى يامانلىق ئىزدىگۈچى، يىراق كەت!› دەپ، روزا تۇتمىغانلارنى قوغلايدۇ. ئاللاھ رامازان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسى جەھەننەمدىن بىرمۇنچە كىشىنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ»[3].

## ❋ ئەزان چاقىرىلغان ئەسنادا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نامازغا ئەزان توۋلانغان ۋاقىتتا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دۇئالار ئىجابەت قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇئا قايتۇرۇلمايدۇ»[4].

---

(1) «مۇسلىم»، 757 ـ ھەدىس.
(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 7500 ـ ھەدىس؛ «نەسائىي»، 10237 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(3) «تىرمىزىي»، 682 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
(4) «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا»، 4109 ـ ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ تەيالىسىي»، 2220 ـ ھەدىس؛ خەتىب باغدادىي: «تارىخى باغداد»، 4 ـ توم، 147 ـ بەت. بەغەۋىي: «شەرھۇ سۇنەن»، 2 ـ توم، 291 ـ بەت. سەنەدى زەئىف.

### ❃ ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇئا قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، دۇئا قىلىڭلار!»[1].

### ❃ نامازدىكى سەجدىلەردە

ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار!﴾(نەجم: 62) دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار!»[2].

### ❃ نامازدىن كېيىن

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە: ﴿(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن﴾(ئىنشىراھ: 7 – 8) دېگەن. ئەددەھھاك[3] دەيدۇ: «يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭدا، سالام بەرگىنىڭدىن كېيىن، دۇئاغا يۈزلەن ۋە ئاللاھتىن سوراشقا يۈزلەن»[4].

### ❃ جۈمۈئە كۈنىدە

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جۈمۈئە كۈنىدە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، بەندە ئۇ سائەتتە ناماز ئوقۇپ ئاللاھتىن بىرنەرسە تىلىسە، ئاللاھ ئۇنى بېرىدۇ»[5] دېگەن.

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 12606 ـ ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا»، 4109 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى خۇزەيمە»، 426 ـ ھەدىس؛ بەغەۋىي: «شەرھۇ سۈننەن»، 5 ـ توم، 165 ـ بەت. باھا بەرگۈچىلەر: «سەھىھ» دېگەن.

(2) «مۇسلىم»، 482 ـ ھەدىس.

(3) ئەبۇ مۇھەممەد **ئەددەھھاك** ئىبنى مۇزاھىم ئەلھىلالىي (الضَّحَّاكُ بنُ مُزَاحِمٍ الهِلاَلِيُّ، ھ. ؟ – 105 / م. ؟ – 723) ــــ تابىئىن، مەشھۇر مۇفەسسىر. رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى «تۆت سۈنەن» كىتابلىرىدا كەلگەن. ــــ ت.

(4) سەنەدى ھەسەن.

(5) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 10734 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 1139 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

### ❃ تاھارەت بىلەن ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىنكى ۋاقىت

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاللاھنى ئەسلەپ تاھارەت بىلەن ئۇخلاپ قالسا، ئاندىن كېچىدە ئويغىنىپ ئاللاھتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدىن بىرەرنى سورىسا، ئاللاھ ئۇنى بېرىدۇ»[1] دېگەن.

### ❃ چارشەنبە كۈنى پېشىن بىلەن ئەسىر ئارىلىقىدا

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب مەسجىدىدە دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى دۇئا قىلىۋىدى، چارشەنبە كۈنى پېشىن بىلەن ئەسىر ئارىلىقىدا ئىجابەت قىلىندى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى خۇشاللىقنى كۆردۇق. شۇندىن كېيىن ئەگەر بىرەر مۇھىم ئىشقا يولۇقۇپ قالغۇدەك بولسام، ئاشۇ كۈندە ئاشۇ ۋاقىت (چارشەنبە كۈنى پېشىن بىلەن ئەسىر ئارىلىقى) نى چىڭ تۇتۇپ دۇئا قىلاتتىم ـ دە، دۇئايىمنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى بىلەتتىم»[2].

### ❃ جىھادقا چاقىرىق قىلىنغان ۋە ئۇرۇش بولغان ۋاقىتلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ۋاقىت بار، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ھەرقانداق بىر دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنىڭ قايتۇرۇلۇشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، بىرى، جىھاد چاقىرىقى بولغان ۋاقىت؛ يەنە بىرى، ئاللاھنىڭ يولىدا دۈشمەنگە قارشى سەپ بولۇپ تۇرغان ۋاقىت»[3].

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ئاللاھقا دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا «ئىسمى ئەئزەم» بىلەن دۇئا قىلىڭ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ: «ئى

---

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 21609 ـ ھەدىس؛ «ئەبۇ داۋۇد»، 5042 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3381 ـ ھەدىس؛ «نەسائىي»، 805 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئىمام بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، 704 ـ ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 14603 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

(3) ئىمام بۇخارىي «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، 661 ـ ھەدىس؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، 5642 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئاللاھ! سېنىڭ ئاللاھ بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن سەندىن تىلەيمەن. سەندىن باشقا ئىلاھ يوق يەككە - يېگانىسەن، ھەممە ساڭا موھتاج، سەن تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، تۇغقانمۇ ئەمەس، سېنىڭ ھېچبىر تەڭدىشىڭ يوقتۇر» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ كىشىگە: «سەن تىلەنسە بېرىدىغان، دۇئا قىلىنسا ئىجابەت قىلىدىغان ئاللاھنىڭ ئەلەك كاتتا ئىسمى (ئىسمى ئەئزەم) بىلەن ئاللاھتىن تىلىدىڭ»[1] دېگەن.

**ئى ئاللاھ! شېپى كەلتۈرۈپ سورالغان ۋاقىتتا بېرىدىغان، دۇئا قىلىنغان ۋاقىتتا ئىجابەت قىلىدىغان «ئىسمى ئەئزەم»ىڭ بىلەن سەندىن سورايمىزكى، پۈتۈن سورىغان نەرسىلىرىمىزنى بەرگىن. پۈتۈن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە بىزگە پۈتۈن رازىلىق بىلەن نېئمەت ئاتا قىلغىن!... ئامىن!**

(1) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 23091 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3857 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

شهر رمضان

الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

ساجىيە

26

# رامازاندىكى ئۆمۈرلۈك پۇرسىتىڭىز

(قېرىندىشىم، ئويلاپ باققانمىدىڭىز؟ ــ ت)

كەتكەن ئۆمۈرنى قايتۇرۇۋېلىشقا بىر پۇرسىتىڭىز بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

ئەمەللىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكىلى بولىدىغان بىر كېچىنىڭ بارلىقىنى بىلەرمىدىڭىز؟

بارچە مالائىكىلەر ۋە مالائىكىلەرنىڭ سەردارى جىبرىل ئەلەيھىسسالام سىزگە سالام بېرىدىغان، سىز ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ۋە سىزنىڭ دۇئالىرىڭىزغا «ئامىن!» دەپ بېرىدىغان ئالاھىدە بىر ۋاقتىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

قىلغان گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇۋېلىشىڭىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىرپۇرسەتنىڭ ئۇشبۇ مۇبارەك رامازاندا ئىكەنلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟

ئۆمرىڭىزدە قەدىر - قىممىتىنى ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، تىل سۈپەتلەپ بولالمايدىغان شۇنداق بىر ئالاھىدە كېچە بارلىقىنى بىلەمسىز؟

بىلىڭكى، ئۇ كېچە دەل قەدىر كېچىسىدۇر. ﴿**قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟**﴾(قەدر: 2) ئى مۇئمىن! شۇنداق بىر كېچىكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ۋە ئىكرامى مول، قەدرىنى قىلالىغانلار غالىبلاردىن، قىلالمىغانلار غاپىل، مەغلۇپلاردىن بولىدىغان مۇبارەك كېچىدۇر. ﴿**قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن،**

**(زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ - ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر﴾**(قەدر: 3 – 5).

ئۇ، «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان مۇبارەك كېچىدۇر. ﴿**بىز «قۇرئان»نى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى قەدىر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى («قۇرئان» بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق. ئۇ كېچىدە ھەربىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ﴾**(دۇخان: 3 – 4).

✵ ئۇ، «قۇرئان كەرىم» لەۋھۇلمەھفۇز[1]دىن ئاسماننىڭ ئىززەت ئۆيىگە بىر پۈتۈن چۈشكەن (كېيىن زېمىنغا پارچە - پارچە چۈشكەن) مۇبارەك كېچىدۇر[2].

✵ ئۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ قىلغان ۋە ئەڭ ئۇلۇغ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن مۇبارەك كېچىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟**﴾(قەدر: 2) يەنى ئۇ كېچىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى پەقەت غەيبلەرنىڭ يېگانە بىلگۈچىسى ئاللاھ ئەززە جەللەلا بىلىدۇ.

✵ ئۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى ئاجايىپ كارامەت ۋە ئىلاھىي ئارماغان[3]لار بىلەن خاس قىلغان مۇبارەك كېچىدۇر. ئاللاھ ئۇ كېچىدە قىلىنغان ئىبادەتنى

---

(1) **لەۋھۇلمەھفۇز (اللَّوْحُ الْمَحْفُوظُ):** ئىسلام ئېتىقادىدا جىمى مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەرگە ئالاقىدار ئىلاھىي ئىلىم ۋە تەقدىر قەيت قىلىنغان كىتابتۇر. بەزى ئايەتلەردە («رەئد»، 39؛ «زۇخرۇف»، 4) «**ئانا كىتاب (أم الكتاب)**» دەپمۇ ئاتالغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا جىمى مەخلۇقاتلارنى ياراتماستىلا كېيىنچە بولىدىغان ئۇلارغا ئالاقىدار چوڭ ۋە كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈۋەتكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىستە: «ئاللاھ مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن پۈتۈۋەتكەن. ئۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى» دېگەن («مۇسلىم»، 2653). مەزكۇر ئاتالغۇ سۆزلۈك مەنىسى «خەت يازغىلى بولىدىغان ياپپاق ۋە تۈز يۈز» دېگەن مەنىدىكى «لەۋھە» بىلەن «قوغدالغان» مەنىسىدىكى «مەھفۇز» دېگەن سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئۈستىگە خەت / يازۇ يېزىلغان، ئۆچۈرۈلۈشتىن ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن قوغدالغان تۈز لەۋھە» دېمەكتۇر. ھەقىقەتنى ئاللاھ ئۆزى بىلۇر. — ت.

(2) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 4 - توم، 532 - بەت.

(3) **ئارماغان:** ئوغۇزچە، يارماقان ھەم دېيىلىدۇ. ئامۇچ – سوۋغا دېگەن مەنىدە. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە، 1981، ئۈرۈمچى، 1 - توم، 189 - بەت.

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر قىلغان مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىن ئەۋزەل قىلدى: ﴿**قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر**﴾(قەدىر: 3). دېمەك، بۇ كېچىدىكى ئىبادەت بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈزلۈكسىز سەكسەن ئۈچ يىل تۆت ئاي قىلغان تائەت - ئىبادىتىگە باراۋەردۇر. شۇنداقلا ئۇشبۇ كېچە بەزى ئالىملارنىڭ نەزەرىدە پۈتۈن زامانلاردىنمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى، ئەرەبلەر «مىڭ»نى كۆرمىڭ ياكى سان - ساناقسىز دېگەندەك بىر زامان ئۇقۇمى ئۈچۈن قوللىناتتى.

✲ ئۇ، مالائىكىلەر يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىپ، زېمىننى قورشايدىغان، ئەرش ئاھاللىرى پەرش ئاھالىلىرىدىن بولغان مۆئمىنلەرگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ۋە ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئەۋزەل مالائىكە سامادىن، سىدرەتۇل مۇنتەھا[1]دىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئىنسانلارنىڭ دۇئالىرىغا «ئامىن» دەپ بېرىدىغان، بىر - بىرىگە ۋە مەسجىدتىكى مۆئمىنلەرگە سالام بېرىدىغان مۇبارەك كېچىدۇر[2]. ﴿**پەرىشتىلەر ۋە جىبرىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ - ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر**﴾(قەدىر: 4 – 5).

✲ ئۇ مۇبارەك ھۆكۈم كېچىسىدۇركى، ئاللاھنىڭ قەدەر[3] ھۆكمى بىلەن شەرئىي ھۆكمى شۇ كېچىدە بىرلىكتە چۈشكەندۇر. ھەقىقەتەن، ئۇ كېچىدە ئىنسانلارنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچى ئۆگۈتلەر ۋە شەرئىي ھۆكۈملەر بىلەن تولغان «قۇرئان كەرىم» چۈشكەن كېچىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز «قۇرئان»نى**

(1) **سىدرەتۇل مۇنتەھا (سِدْرَةُ الْمُنْتَهَى)**: «ئەڭ ئاخىرقى چەكتىكى سىدر (چىلان) دەرىخى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، 7 - قەۋەت ئاسماندا، يارالمىشلار ئاللاھقا يېقىنلىشالايدىغان ئاداققى چەك - چېگرادۇر. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مەنبەسى «نەجم (يۇلتۇز)» سۈرىسى 13 – 18 - ئايەتلەردۇر. بۇ ئاتالغۇ «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى يېنىدا ئىلاھىي سىرلارغا مۇيەسسەر بولغان دەرەخ ياكى ماقام» دېيىشكە بولىدۇ. ھەقىقەتنى ئاللاھ ئۆزى بىلۇر. ـــ ت.

(2) «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 20 - توم، 113 - بەت.

(3) **قەدەر (القدر)**: ئاللاھ تائالانىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى، بولۇپمۇ مەسئۇلىيىتى بار بەشەرىي (ئىنسانغا خاس) ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئەزەلدە پىلانلاپ بولۇپ ۋاقتى كەلگەندە ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى ئىپادىلەيدىغان دىنىي ئاتالغۇ. TDV ئىسلام ئانسىكلوپېدىيىسى، 24 - جىلد، 58 - بەت. ـــ ت.

**ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى قەدر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى («قۇرئان» بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق.﴾**(دۇخان: 3) ۋە يەنە شۇنداقلا ئۇ كېچىدە ھەربىر ھېكمەتلىك ئىش مۇناسىپ ئايرىلغان قەدەر ھۆكۈملىرى لەۋھۇلمەھفۇزدىن چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇ كېچىدە ھەربىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ. (شۇ كېچە تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان ئىشتۇر، بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكۈچى بولدۇق﴾**(دۇخان: 4 ـ 5).

❃ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن بىرى ئاللاھنىڭ ئىمان ئەھلى ئۈچۈن رەھمەت بولغان قەدەرلەرنى چۈشۈرۈشىدۇر. ئاللاھ ئۇ كېچىدە بەخت ـ سائادەت ۋە رىزىق ـ نېئمەتلەرنىلا تەقدىر قىلىدۇ. مەزكۇر كېچە بالايى ـ ئاپەت ۋە غەزەپ ـ جازا تەقدىر قىلىنغان باشقا كېچىلەرگە ئوخشىمايدۇ. شەيتان ئۇ كېچىدە مۆئمىن ۋە مۆئمىنەلەرگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ: **﴿شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر﴾**(قەدر: 5) (1).

❃ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرى مەزكۇر كېچىنىڭ ئىنسانلارنىڭ رامازاننىڭ قالغان ئۇنىدا شۇ كېچىنى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى، بۇ تىرىشچانلىقنىڭ پەزىلەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئەمەل تارازىلىرىغا شۇ تىرىشچانلىقلىرىنى قېتىش ئۈچۈن مەخپىي قىلىنىشىدۇر(2).

❃ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇ كېچىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب تەلەپ قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرغان، زىكىر ۋە دۇئا بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قەدر كېچىسى چىن ئىشىنىش بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»(3).

---

(1) «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 4 ـ توم، 534 ـ بەت.
(2) ئابدۇررەھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 63 ـ بەت.
(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1901 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 760 ـ ھەدىس.

❋ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن ئۆمرى قىسقا بولغان بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بېرىلىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشەنچلىك بىر كىشىدىن ئاڭلىغانكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى ياكى ئاللاھ خالىغان شۇنىڭغا يېقىن بىرنەرسە كۆرسىتىلگەنىدە، ئۇ زاتقا ئۆز ئۈممىتىنىڭ ئۆمرى قىسقا بىلىنگەن ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىلگەن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى ئۆز ئۈممىتى قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىڭ ئايدىنمۇ ئەۋزەل بولغان قەدىر كېچىسىنى بەرگەن»[1].

❋ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇ كېچىگە نائىل بولغان ۋە مۇۋەپپەق قىلىنغان كىشىنىڭ شۇ كېچىدىن مەھرۇم قالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۇلاشقان ئۇشبۇ ئايدا ھەقىقەتەن بىر كېچە بار بولۇپ، ئۇ كېچە مىڭ ئايدىنمۇ ياخشىدۇر. كىمكى شۇ كېچىدىن مەھرۇم قالسا، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ»[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى شۇ كېچىدىن مەھرۇم قالسا، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن پەقەت ياخشىلىقتىن نېسىۋىسى يوق كىشىلا مەھرۇم قالىدۇ»[3] دەپ كەلگەن.

❋ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرى ئۇ كېچىنىڭ كۈندۈزى رامازاننىڭ پۈتۈن كۈندۈزلىرىدىن ئەۋزەل بولۇشىدۇر. بۇ ھەقتە شەئبىي[4]: «ئۇ كېچىنىڭ كېچىسى

---

(1) ئابدۇررەھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 64 ـ بەت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 7148 ـ ھەدىس؛ «نەسائىي»، 2106 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(3) «ئىبنى ماجە»، 1644ـ ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

(4) ئەبۇ ئەمر ئامىر ئىبنى شەراھىيل ئىبنى ئەبد **ئەششەئبىي** (عَامِرُ بنُ شَرَاحِيْلَ بن عَبْدٍ الشَّعْبِيُّ، ھ. 21 – 104 / م. 641 – 723) ـــ تابىئىنلەرنىڭ چوڭلىرىدىن. كۇفەلىك مۇھەددىس، فەقىھ، قازى. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق كۆپ ئىماملارنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن قازى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئالىم. ئۇمەۋىي خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئۇنى ۋىزانتىيەگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ـــ ت.

كۈندۈزدەكتۇر» دەيدۇ. ئىمام شافئىي رەھمەھۇللاھ: «ئۇ كېچىنىڭ كۈندۈزدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېچىسىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنگە ئوخشاش مۇستەھەپتۇر» دەيدۇ[1].

❃ ئۇشبۇ كېچىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۇ كېچىدە ھاۋا بوشلۇقى ۋە كۆك يۈزىدە كۆرۈلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىدۇر. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەلامنىڭ: «ئەتىگەندە قۇياشنىڭ ئاق ۋە نۇرسىز ھالەتتە چىقىشى شۇ كېچە قەدىر كېچىسى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر»[2] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

❃ ئۇشبۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇ كېچە ئۇچۇن ئىجابەت قىلىنىدىغان مەخسۇس دۇئانىڭ بولۇشىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قەدىر كېچىسىنى تاپسام نېمە دەيمەن؟ ـــ دەپ سورىغاندىم، ئۇ زات جاۋابەن:

ـ ‹ئى ئاللاھ! سەن كەچۈرگۈچى كەرەملىك زاتسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى كەچۈرگىن!› دەپ دۇئا قىلغىن، ـ دېدى»[3].

**ئى ھاجەتمەنلەر ھاجىتىنى راۋا قىلغۇچى ئاللاھ! ئى ياللۇرغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللاھ! بىزگە قەدىر كېچىسىگە ھازىر بولۇشنى نېسىپ قىلغىن (بىزگە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن). ئۇ كېچىدىكى ئەجىر - مۇكاپاتلىرىمىزنى ھەسسىلەپ بەرگىن. بىزدىن پۈتۈن گۇناھلىرىمىزنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئى ئاللاھ! سەن ئەپۇ قىلغۇچىسەن. ئەپۇنى ياخشى كۆرىسەن، بىزنى ئەپۇ قىلغىن... ئامىن!**

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 69 ـ بەت.
(2) «مۇسلىم»، 762 ـ ھەدىس.
(3) «تىرمىزىي»، 3513 ـ ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 3850 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ساجيه

# 27

# رامازاندىكى ئۆمرە ئىبادىتىڭىز

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىنى روزا، ناماز، كېچىلىك قىيام، زاكات، ئاللاھ يولىدا پۇل خەجلەش، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش، سەبر قىلىش، شۈكۈر ئېيتىش، زىكىر ۋە «قۇرئان» تىلاۋىتى، ھەتتا ھەج ئىبادەتلىرىگە ئوخشاش، كۆپلىگەن ئىبادەتلەر ئۈچۈن بىر پەسىل قىلىشى رامازان ئېيىنىڭ ئاجايىباتلىرىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئايدا ھەج ئىبادىتى ئۈچۈنمۇ بىر ئۇلۇش ئايرىغان بولۇپ، رامازان ئېيىدا كىچىك ھەج (ئۆمرە) بىلەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش شەرىئەت تەرىپىدىن تەرغىب قىلىنغان يۇللۇق بىر ئىبادەت ۋە بەسلىشىلىدىغان سالىھ بىر ئەمەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن سەھىھ بىر رىۋايەتتە، ئەنسارلاردىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەجنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىدىن نادامەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «رامازان كەلگەندە بېرىپ ئۆمرە قىلغىن، چۈنكى رامازاندىكى ئۆمرە ھەجگە باراۋەردۇر» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن بىلەن بىللە ھەج قىلغانغا باراۋەردۇر»[1] دېدى.

بۇ ئۆمرە ساۋاب جەھەتتە ھەجگە باراۋەر بولسىمۇ، بارچە ئۇممەتنىڭ ئىجمائىسى بىلەن پەرز ھەجنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. لېكىن، بۇ ھەدىس رامازاندا ئۆمرە قىلىشنىڭ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبنۇل ئەرەبىي[2] شۇنداق دەيدۇ: «ئۆمرە

(1) «مۇسلىم»، 1256 ـ ھەدىس.

(2) **ئىبنۇل ئەرەبىي** ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەندەلۇسىي (ابْنُ العَرَبِيّ أَبُو بَكْرٍ مُحَمَّدُ بنُ عَبْدِ اللهِ الأَنْدَلُسِيُّ، ھ. 468 – 543 / م. 1076 – 1148) ـــ «قازى ئەبۇبەكرى ئىبنۇل ئەرەبىي» دەپ تونۇلغان. مالىكىي مەزھەبىدىكى مۇجتەھىد ئالىملاردىن. «ئەھكامۇل قۇرئان»، «ئەلئاۋاسىم مىنەلقەۋاسىم» ۋە «ئەمەدۇل ئەقسا» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇردۇر. ـــ ت.

ھەققىدە كەلگەن بۇ ھەدىس سەھىھدۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ فەزل ۋە نېئمىتىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۆمرە رامازاننىڭ ئۈنىڭغا قوشۇلۇشى بىلەن ھەجنىڭ ساۋابىغا يېتەلەيدۇ»[1]. ئىبنۇل جەۋزىي رەھمەتۇللاھ ئەلەيھ مۇنداق دەيدۇ: «رامازاندا ئەمەللەرنىڭ ساۋابى قەلبىنىڭ ھۇزۇرى ۋە نىيەتنىڭ خالىس بولۇشى بىلەن زىيادە بولغاندەك، ۋاقىتنىڭ شەرىپىنىڭ زىيادە بولۇشى بىلەنمۇ زىيادە بولىدۇ»[2]. ئىبنى ھەجەر[3] رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ دىنىمىزدا كەڭرى بولغان نەرسىنى تارايتىپ، رامازاندىكى ئۆمرە ئۈچۈن بولغان بۇ پەزىلەت «ئاشۇ ئايالغا خاس ئىدى» دېگەن كىشىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پەزىلەتنىڭ پۈتۈن ئۇممەتكە ئومۇمىي ئىكەنلىكى كۈچلۈكتۇر»[4]. رامازاندا ئۆمرە قىلىشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن بۇ كۆرسەتمە رامازان ئېيىدىكى ياخشىلىقتا ئالدىراش خۇسۇسىدا يوللۇق بولغان بەسلىشىش سۈپىتىدە كەلدى.

❁ ئەي روزىدار قېرىندىشىم! ئەي ئۆمرە قىلغۇچى قېرىندىشىم! تەسەۋۋۇر قىلىڭ، سىز ئاشۇ كىچىك ھەجنىڭ شوئارلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا سىز! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجدە ئۇ زاتقا ھەمراھ بولغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىپ، غالىبلاردىن بولغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ! سىز ئۆزىڭىزنى كەئبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە تاۋاپ قىلىۋاتقان، سافا ـ مەرۋەدە ئۇ زاتنىڭ ئارقىسىدىن سەئيى قىلىۋاتقان، رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇۋاتقان، مۇلتەزەم[5]دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن يەردە تۇرغانلىقىڭىزنى ۋە

---

(1) ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارىي»، 3 ـ توم، 604 ـ بەت.

(2) ئىبنى ھەجەر: يۇقىرىقى مەنبە.

(3) **ھافىز** شىھابۇددىن ئەبۇلفەزل ئەھمەد ئىبنى ئەلى **ئىبنى ھەجەر** ئەلئەسقەلانىي (شِهَابُ الدِّيْنِ أَحْمَدُ بنُ عَلِيِّ بنِ حَجَرٍ العَسْقَلانِيُّ، ھ. 773 – 852 / م. 1371 – 1449) ــ ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، كاتتا شافىئىي فەقىھ ۋە تارىخچى. «فەتھۇل بارىي»، «بۇلۇغۇل مەرام»، «تەھزىبۇتتەھزىب»، «ئەددۇرەرۇل كامىنە» ۋە «ئەتتەلخىسۇل ھەبىر» قاتارلىق كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى. ــ ت.

(4) ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارىي»، 3 ـ توم، 605 ـ بەت.

(5) **مۇلتەزەم (الْمُلْتَزَمُ):** چاپلىشىپ دۇئا قىلىنىدىغان جاي دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسجىدۇل ھەرەمدە ھەجەرۇل ئەسۋەد بىلەن كەئبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئارىلىقىدىكى تۆت گەز كېلىدىغان دۇئاگاھتۇر. بۇ جايغا مەيدىسىنى، يۈزىنى، ئىككى بىلىكىنى ۋە ئىككى ئالقىنىنى يېيىپ چاپلاپ دۇئا قىلىش مۇستەھەبتۇر. ــ ت.

مۇبارەك قوللىرىدىن زەمزەم سۈيىدىن قېنىپ - قېنىپ ئىچكەنلىكىڭىزنى خىيال قىلىپ بېقىڭ. بۇلار سىزنى كەۋسەر سۈيىدىن ئىچىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغۇسى!

❃ ئەي روزىدار ئۆمرە قىلغۇچى قېرىندىشىم! بۇ تەسەۋۋۇرنى كۆپلەپ قىلىڭ. بۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بارمۇ؟ شۇنداق... سىز رامىزاندا ئۆمرە قىلىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەج قىلىشنىڭ ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، خاھ رامىزان ئېيىدا، خاھ باشقا ۋاقىتلاردا ئۆمرە قىلىش بىلەن ئەۋۋەلا ئاللاھ تائالانىڭ بەيتىگە (ئۆيىگە) كەلگەن مېھمىنى بولىسىز.

ئاللاھ تائالاغا ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئېيىدا ئۇ زاتنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن كىشىنى نېمە كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلار ئاللاھ ئۈچۈن كەلگەن بىر ئۆمەكتۇر. ئۇلار دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئىجابەت قىلىدۇ. مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ»[1].

زامان سۈپىتىدە رامىزان ئېيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن دەرىجىلەر يەتتە يۈز ھەسسىگە قەدەر ھەسسىلىنىدىغان بولسا، ماكان سۈپىتىدە مەككە مۇكەررەمە ياكى مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن نامازلار ھەسسە - ھەسسىلىنىپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللاھ دەيدۇ: «مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز مەسجىدى ھەرەمنىڭ سىرتىدىكى باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر. مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان يۈزمىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر»[2]. شۇڭا، زامان ۋە ماكاندىكى بۇ قاتمۇقات، ھەسسىمۇھەسسە پەزىلەتلەرنى غەنىيمەت بىلىڭ!

رامىزان ئېيىدا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا كۆپ ئۆمرە قىلىش ئالاھىدە پەزىلەتكە ئىگىدۇر. بۇ يولدا سەرپ قىلىنغان پۇل - ماللارنى كۆپ سانىماڭ، كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن

---

(1) «ئىبنى ماجە»، 2892 - ھەدىس. ئالبانىي: «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 14735 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە»، 1406 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

قورقماڭ! دەرھەقىقەت، مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئارقىمۇئارقا قىلىڭلار! چۈنكى بۇ ئىككىسى (يەنى ھەج بىلەن ئۆمرە) نامراتلىقنى، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى خۇددى كۆرۈك تۆمۈر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنىڭ داتلىرىنى يوق قىلغاندەك يوق قىلىدۇ. مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر»[1] دېگەن.

رامازان ئېيىدا بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىڭىزدا، ئىبادەت سۈپىتىدە بەيتۇللاھنى كۆپ تاۋاپ قىلىڭ، تاۋاپ بولسا گەپ قىلىش جائىز بولغان ئالاھىدە بىر نامازدۇر، تاۋاپتا ھەر قەدەمدە بىر گۇناھ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇ بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلسا ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، بىر قۇل ئازات قىلغاندەك ئەجرگە ئېرىشىدۇ. ئالغان ھەربىر قەدىمى بىلەن ئاللاھ تائالا بىر گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ، بىر ياخشىلىق يازىدۇ»[2].

«كۆپ ئۆمرە قىلىش مۇستەھەپتۇر» دېگەنلىك بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش رامازاندا «ھەر كۈن بىر ئۆمرە قىلساڭ بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە ئۇ زاتتىن كېيىن ئۆتكەن ساھابىلەرنىڭ يولىغا خىلاپ ئىشتۇر.

ئەۋۋەلقى ھەدىستە كەلگەندەك تاۋاپنى كۆپ قىلىش ئۆمرە قىلىشقا كۇپايىدۇر. چۈنكى، تاۋاپنىڭ ئۆزى نامازدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتقاندەك: «بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ناماز ئوقۇشقا ئوخشايدۇ. لېكىن، تاۋاپتا گەپ قىلىشقا بولىدۇ، شۇڭا تاۋاپ قىلغاندا خەيرلىك سۆز بولسا قىلىڭلار، بولمىسا بىھۇدە سۆز قىلماڭلار!»[3].

---

(1) «ترمىزىي»، 810 ـ ھەدىس؛ «نەسائىي»، 2630 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

(2) ترمىزىي: («سۈنەن»، 959 ـ ھەدىس) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6380 ـ ھەدىس) «سەھىھ» دېگەن.

(3) «ترمىزىي»، 960 ـ ھەدىس. ئالبانىي: («ئىرۋائۇل غەلىل»، 1102 ـ ھەدىس) «سەھىھ» دېگەن.

رامازاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئاتايىن ئۈمرە قىلىشنىڭ ھېچقانداق بىر دەلىل ـ ئاساسى يوقتۇر. بۇ كېچە قىلىدىغان ئەڭ مۇناسىپ ئىشىمىز ناماز، دۇئا ۋە ئاللاھقا يالۋۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشىمىزدۇر. قەدر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى شۇ كېچىدە ئۈمرە قىلىش ئەمەس، بەلكى قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئادا تاپىدۇ. مۇبادا خالايىق ئۇشبۇ قەدر كېچىسىدە ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ ئۈمرە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا ئىدى، شۇ مۇبارەك كېچىدە ئۈمرە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمگە ئىچىدىن ۋە تېشىدىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىنسانلار سىغماي قالاتتى.

**ئى ئاللاھ! سەن بىزدىن قوبۇل قىلغىن! سەن ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن... ئامىن!**


شهر رمضان

28

# رامازاندىكى تەۋبىگىز

روزا ئېيىنىڭ «رامازان» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى ئۇشبۇ ئايدا گۇناھلارنىڭ كۆيۈپ كېتىدىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى، «رامازان» كەلىمىسى ئەرەبچە «رَمَضَ (رامازا / رامادا)» پېئىلىنىڭ ئىسىمداش شەكلى بولۇپ، «كۆيۈپ كەتمەك» دېگەن مەنىدىدۇر. بۇ پېئىلدىن «رَمَضَاء» سۆزى تۈرلىنىپ چىققىدۇ، مەنىسى: «كۆيدۈرۈلگەن نەرسىنىڭ قالدۇقلىرى» دېمەكتۇر. ئىمام قۇرتۇبىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ: «‹رامازان› دەپ ئاتالدى، چۈنكى بۇ ئاي گۇناھلارنى سالىھ ئەمەللەر بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىدۇ» دەيدۇ[1].

مۇشۇ ئارتۇقچىلىق بولغاچقا بۇ ئاي روزا تۇتۇش ئېيى بولغان. ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب تەلەپ قىلغان ھالەتتە روزا تۇتۇشنىڭ ئۆزىلا گۇناھلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «كىمكى رامازاندا چىن ئىشىنىش بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2] دېگەن. گۇناھلارنىڭ كۆيۈشى رامازان ئېيىدا ھەقىقىي ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرۇش بىلەن تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى رامازاندا چىن ئىشىنىش بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[3] دېگەن. تەكىتلەش كېرەككى، گۇناھلارنىڭ تولۇق كۆيۈشى (كەچۈرۈم

---

(1) «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 2 ـ توم، 291 ـ بەت.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 38 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 760 ـ ھەدىس.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 37 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 759 ـ ھەدىس.

قىلىنىشى) ئۇچۇن قەدىر كېچىسىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئۇرغۇلىغان: «كىمكى قەدىر كېچىسى چىن ئىشىنىش بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى رامازاننىڭ روزىسى، قىياملىرى ۋە قەدىر كېچىسىنىڭ قىيامى چوڭ گۇناھلاردىن باشقا ئىلگىرى قىلغان كىچىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بەندە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلا بولسا، بەش ۋاقىت ناماز نامازدىن نامازغىچە، جۈمۈئە نامىزى بىر جۈمۈئەدىن يەنە بىر جۈمۈئە نامىزىغىچە، رامازان بىر رامازاندىن يەنە بىر رامازانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ»[2].

مادامىكى، رامازاندا روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن گۇناھلار كۆيۈپ كېتىدۇ، ئەلبەتتە بىر بەندە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆئمىنلەر ئاللاھقا سەمىمي تەۋبە قىلىڭلار!﴾(تەھرىم: 8) دېگەن بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن گۇناھلىرىدىن سەمىمي ۋە ھەقىقي تەۋبە قىلىش بىلەن چوڭ - كىچىك، ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلىپ قويغان پۈتۈن گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن، گۇناھلارنى كۆيدۈرگۈچى ئەمەللىرىنى كۆپەيتەلىشى مۇمكىن. بۇنى روياپقا چىقىرىش، بار بولسا باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرلىكتە ھازىرقى گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىش، كەچمىشتە قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش ۋە كەلگۈسىدە ئۇ گۇناھلارنى قىلماسلىققا بەل باغلاش بىلەن بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبىي رەھمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «دەپتۇرلەركىم، ئەننەسۇھ (النصوح / سەمىمي تەۋبە) بەجايىكى ‹(سىغىلغان) سۈتنى ھايۋاننىڭ يېلىنىغا قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندەك، تەۋبىدىن كېيىن گۇناھقا

(1) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 1901 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 760 - ھەدىس.
(2) «مۇسلىم»، 233 - ھەدىس.

قەتئىي قايتماسلىقتۇر›. قەتادە[1]: ‹ئەننەسۇھ: راستچىل، سەممىي دېمەكتۇر› دېگەن. ھەسەن بەسرىي: ‹ئەننەسۇھ: ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن شۇ گۇناھنى ئەمدى قاتتىق يامان كۆرۈشتۇر ۋە شۇ گۇناھنى ئەسلىگەن ۋاقىتتا مەغپىرەت تىلەشتۇر› دېگەن. سەئىد ئىبنى جۇبەير[2]: ‹سەممىي تەۋبە قوبۇل قىلىنغان بىر تەۋبىدۇر. تەۋبىدە ئۈچ شەرت تېپىلمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ:

1. قوبۇل قىلىنماسلىقتىن قورقۇش؛

2. قوبۇل قىلىنىشنى ئۈمىد قىلىش؛

3. تائەت ـ ئىبادەتكە ئاشىق (ھېرىسمەن) بولۇش› دېگەن»[3].

✵ سەممىي تەۋبە كۆپ ئىستىغفار ئېيتىش بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتاتتى ۋە: «**ئاللاھ** بىلەن قەسەمكى، مەن بىر كۈندە 70 قېتىمدىن كۆپرەك **ئاللاھ**قا تەۋبە قىلىمەن ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن»[4] دەيتتى. ئىستىغفار تائەت ـ ئەمەللەرنى زايە بولۇپ كېتىشتىن قوغدايدۇ ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سالىھ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى تاماملىغۇچى قىلىپ بەلگىلەندى. ناماز، ھەج، كېچىدىكى قىيام ۋە مەجلىسلەر ئىستىغفار بىلەن تاماملىنىدۇ. ئەگەر مەجلىس زىكىر ـ تەسبىھ، ئاللاھنى ئەسلەش مەجلىسى بولسا، ئىستىغفار مىسالى ئاشۇ مۆھۈردۇر. مۇبادا ئويۇن ـ تاماشا سورۇنى بولسا، ئىستىغفار ئاشۇ بىر كەففارەتتۇر.

---

(1) ئەبۇلخەتتاب **قەتادە** ئىبنى دىئامە ئەسسەدۇسىي ئەلبەسرىي (قَتَادَةُ بنُ دِعَامَةَ السَّدُوْسِيُّ البَصْرِيُّ، ھ. 61 – 118 / م. 680 – 736) ـــ تابىئىن، كاتتا مۇفەسسىر، فەقىھ، تىلشۇناس ۋە نەسەبشۇناس. تۇغما ئەما ئىدى. ـــ ت.

(2) ئەبۇ مۇھەممەد **سەئىد ئىبنى جۇبەير** ئىبنى ھىشام ئەلۋالىبىي ئەلكۇفىي (سَعِيْدُ بنُ جُبَيْرِ بنِ هِشَامٍ الوَالِبِيُّ الكُوْفِيُّ، ھ. 46 – 95 / م. 665 – 714) ـــ ئازادگەردە تابىئىن. ھەدىس ۋە تەفسىر ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇلغان كاتتا زات. «ئۆممەۋىيلەر ھۆكۈمرانلىقى»غا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن زالىم ھەججاج تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان. ـــ ت.

(3) «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 28 ـ توم، 168 ـ بەت.

(4) «بۇخارىي»، 6307 ـ ھەدىس.

شۇنىڭدەك رامازان روزىسىنىڭ ئىستىغفار بىلەن تاماملىنىشى ئەڭ مۇناسىپتۇر. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز شەھەر - شەھەرلەرگە رامازاننى سەدىقە ۋە ئىستىغفار بىلەن تاماملاشقا بۇيرۇپ مەكتۇپ يازغان.

شۈبھىسىزكى، پىتىر سەدىقىسى روزا تۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن ئارتۇقچە گەپ، بىمەنە سۆزلەردىن تازىلىغۇچىدۇر، ئىستىغفار بولسا ئاشۇ ئارتۇقچە گەپ - سۆز ۋە بىھۇدە ئىش - ھەرىكەتلەر بائىس نۇقسان يەتكەن روزىنىڭ كەملىرىنى تولۇقلايدۇ[1].

يۇقىرىدىكى تېمىلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قەدىر كېچىسى ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ تىلەشكە بۇيرىغانلىقى زىكىر قىلىندى. دېمەك، ئەپۇ تىلەشنىڭ ئۆزى ئىستىغفاردۇر.

ئەي روزىدار قېرىنداشىم! ئەگەر ئاينىڭ بېشىدا بولسىڭىز، راستچىل تەۋبىگە ئالدىراڭ. ئەگەر ئاينىڭ ئاخىرىدا بولسىڭىز، گەردىنىڭىزدىن گۇناھلارنىڭ كىرلىرىنى يۇيغۇچى ۋە مەئسىيەتنىڭ ئىزلىرىنى يوق قىلغۇچى سەممىي تەۋبىنى غەنىيمەت بىلىڭ. ئاينىڭ بەزىبىر قىسمى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قېلىپ قالغىنىنى قاچۇرۇپ قويماڭ، ھەلەكچىلىكلەر سىزنى سەممىي تەۋبىدىن مەشغۇل قىلىپ قويمىسۇن!

ئىبنى رەجەب رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ ئۇشبۇ ئاينىڭ بىر قىسمىنى زايە قىلىۋېتىپمۇ قالغان قىسمىغا يەنە داۋاملىق سەل قارىغان كىشىنى ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇشبۇ رامازان ئېيىدا ھەردائىم پۇرسەتلەر باردۇر. بۇ ئاينىڭ قالغان كۈنلىرىدە ئىبادەتگۇيلار ئۈچۈن ھۇزۇر بەخش ئېتىلۇر. ئاللاھنىڭ كىتابى تېخىمۇ كۆپ تىلاۋەت قىلىنىپ، تىڭشىلۇر. ئەگەر بۇ كىتاب تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن بولسا ئىدى، شۇ تاغنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزدە نە قورقىدىغان قەلب، نە ياش تۆكىدىغان كۆز، نە ئۆز پايدىسىز ئۈچۈن گۇناھلاردىن قوغدالغان روزا، نە شاپائەت ئۈمىدىدە قىيامەتتە تۇرۇش بار، بەلكى تەقۋالىقتىن يىراقلاشقان، تاشلاندۇق خارابە زېمىنغا ئوخشاش گۇناھلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان ۋە ئاڭلىيالمايدىغان قەلبلەرلا بار. ۋائەجەب، «قۇرئان

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 79 - بەت.

كەرىم» قانچە قېتىملاپ تەكرار - تەكرار تىلاۋەت قىلىندى، ھالبۇكى بۇ قەلب گويا تاشتىنمۇ قاتتىق - ھە؟! قانچىلىغان رامازان ئايلىرى ئۆتتى، لېكىن بىزنىڭ ھالىمىز يەنىلا بەئەينى شەقاۋەت ئەھلىنىڭ ھالى ئەمەسمۇ؟! بىز نەدە، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ۋاقتتا ئاۋاز قوشقان قەۋم نەدە؟ بىز نەدە، ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغاندا قەلبلىرى تىترەپ كەتكەن ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلغان قەۋم نەدە؟»[1] بەرھەق، رامازاندىن كېيىن گۇناھلارغا قايتماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئاينى راستچىل تەۋبە بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى!

يەھيا ئىبنى مۇئاز[2] مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇسى بولمىغان، تىلى بىلەن مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ، قەلبى مەئسىيەتكە باغلانغان ۋە رامازان ئېيىدىن كېيىن مەئسىيەتكە، يازۇققا قايتىشقا ئىرادە باغلاپ، شۇ گۇناھقا قايتقان كىشى ئاللاھنى تونۇغان ھېسابلانمايدۇ. بۇ كىشىنىڭ روزىسى رەت قىلىنىدۇ. قوبۇل ئىشىكلىرى بۇ كىشىنىڭ يۈزىگە تاقاقتۇر»[3].

كەئب[4] مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامازان روزىسىنى تۇتقان ھالدا رامازاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى ئويلىسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى رەت قىلىنىدۇ. كىمكى روزا تۇتقان ھالدا كۆڭلىدە رامازاندىن كېيىنمۇ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلماسلىقنى نىيەت قىلغان بولسا، ھېسابسىز ۋە سوئال - سوراقسىز جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ»[5].

---

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 51 - بەت.

(2) ئەبۇ زەكەرىيا **يەھيا ئىبنى مۇئاز** ئەررازىي (يَحْيَى بنُ مُعَاذٍ الرَّازِيُّ، ھ. ؟ – 258 / م. ؟ – 872) — تەسەۋۋۇف پېشۋالىرىدىن بولۇپ، ئىبادەتگۆي، زاھىد، تەبلىغچى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن مەشھۇر، «كىتابۇل مۇرىدىن» ۋە «جەۋاھىرۇتتەسەۋۋۇف» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفىدۇر. — ت.

(3) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 80 - بەت.

(4) ئەبۇ ئىسھاق **كەئب ئىبنى ماتىئ** ئەلھىميەرىي ئەليەمانىي (كَعْبُ بنُ مَاتِعٍ الحِمْيَرِيُّ اليَمَانِيُّ، ھ. بۇرۇن 72 – ھ. 32 / م. 551 – 652) — «كەئبۇل ئەھبار» دەپ تونۇلغان كاتتا ئالىم. ئەسلىدە يەھۇدىي بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خىلاپىتىدە مۇسۇلمان بولغان ۋە يەمەندىن خەلىفە ئۆمەر زامانىدا مەدىنىگە كېلىپ ساھابىلەردىن ئىلىم ئالغان. تابىئىن. رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى سەھىھتۇر. — ت.

(5) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 81 - بەت.

شۈبھىسىزكى، رامازان ئەيۇ - مەغپىرەتنىڭ ئاچقۇچلىرىنى يېنىدا ئېلىپ كېلىدۇ. كىمكى ئۇ ئاچقۇچلارنى تاپشۇرۇپ ئالسا، مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ ئالدانغۇچىدۇر شۇنداقلا ئەھدىنى بۇزغۇچى ۋە مەغپىرەت ئېيىدا بېرىلگەن ئىلاھىي كەچۈرۈم رەھمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز نەپسى ھەققىدە بوشاڭلىق قىلغۇچىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «رامازان ئېيىغا كىرىپ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنمىغان كىشىنىڭ بۇرنى تۇپىغا سۈرتۈلگەي»[1] دېگەن. بۇ رەسۇلۇللاھ تامانىدىن رامازان ئېيىدا قولغا كەلتۈرۈلگۈسى ئۇشبۇ پۇرسەتلەرنى غەنىيمەت بىلمەي، بوشاڭلىق قىلغان كىشىگە بىر بەددۇئادۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا رامازان ئېيىغا ئۇلاشقان بەندىسىگە پۇرسەت ئاتا قىلدى. كىشى شەيتانلار زەنجىرلەنگەن، شەھۋەت ئوتلىرى روزا تۇتۇش ۋە ھاۋايى - ھەۋەستىن ئۆزىنى تارتىش بىلەن ئۆچۈرۈلگەن، پۈتۈن كۈچ - مادار ئەقىل - ھوشنىڭ ھاكىمىيىتىگە مەركەزلەشكەن، ئاسىي ئۈچۈن ھېچبىر ئۆزۈر قالمىغان ئۇشبۇ ئايغا ئۇلىشىپ تۇرۇپ، بۇ ئايدىن قانداقمۇ تەۋبىسىز چىقىپ كېتەلىسۇن؟! بېشى رەھمەت، ئوتتۇرىسى مەغپىرەت ۋە ئاخىرى جەھەننەمدىن ئازادىيەت بولغان ئۇشبۇ مۇبارەك ئايغا مۇشەررەپ بولغان بىر بەندە ئۈچۈن قايسى ئۆزۈر باردۇر؟!

بىر كېچىسى مىڭ ئايلىق تائەت - ئىبادەتكە تەڭ ئىبادەت ئېيىدا، تائەت - ئىبادەتسىز ئۆتكەن كىشى ئۈچۈن قايسى ئۆزۈر باردۇر؟!

«ئەي ياخشىلىقنى ئىزدىگۈچى، يۈزلەن! ئەي يامانلىقنى ئىزدىگۈچى، ئۆزۈڭنى يىغ!» دېيىلىدىغان بىر ئايدا قايسى ئۆزۈر باردۇر؟!

شۈبھىسىزكى بۇ، تۇمان ۋە غەپلەتكە تولغان ئېغىر گۇناھ، كۆرۈنمەس كىشەن - زەنجىر ۋە ئۇرۇنسىز ھەلەكچىلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تولدۇرۇۋالغۇسىز كېچىكتۈرۈش ۋە ئاقىۋەتى خەيرسىز ئارزۇ - ئارمانىنى زىيادە كۆپ قىلىشتۇر!

---

(1) «ئىبنى خۇزەيمە»، 1888 - ھەدىس؛ «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا»، 5922 - ھەدىس. سەنەدى ھەسەن.

ئى ئاللاھ! بىزنى سالامەت قىلغىن! ئۆزۈڭ رىزايىڭغا مۇۋاپىق شەكىلدە تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن! بىزلەرنى زاتىڭغا ئاسىيلىقتىن ئۇزاق قىلغىن! بىزلەرگە ئەھۋاللىرىمىزنى ياخشىلاپ بېرىدىغان ۋە ئۆمۈرلىرىمىزنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئاخىرلاشتۇرىدىغان سەمىمىي بىر تەۋبىنى ئاتا قىلغىن!... ئامىن!


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

29

# رامازان بىلەن ۋىدالىشىشىڭىز

رامازان ئاخىرقى كۈنلىرىگە يېتىپ كەلگەندە، مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە پەند - نەسىھەت ئۇلاشتۇرغان بولىدۇ. خۇددى كوتا ئۆمرىمىزنىڭ بىر پارچىسى بولمىش ئۇشبۇ ئاي تېزلا ئاخىرلاشقاندەك، قالغان ئۆمرىمىزمۇ پاتلا ئىنتىھا تاپىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا بەزى كىشىلەر خۇشال بولسا، بەزىلەر نادامەت چېكىدۇ ۋە قىلغان پۇشايمىنى مەنپەئەت قىلمايدۇ. شۇڭا، مۇبارەك رامازان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئۆمرىنىڭ ئىنتىھاسىدا (ياخشى ئەمەل ۋە تەۋبە قىلىش ئارقىلىق) خۇشال بولغان كىشى ئاللاھ رىزالىقىدىن ئىبارەت مۇكاپات بىلەن غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

بىز بىلەن ۋىدالاشقان رامازان خۇددى ئاخىرلاشقان ئۆمۈرگە ئوخشايدۇ. ئەگەر كىشى رامازان ئېيىدا ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلسا، رامازاننىڭ ھەققى - ھۆرمىتىگە رىئايە قىلسا ۋە بار كۈچى بىلەن تائەت - ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە تىرىشسا، بۇنداق كىشى غەلىبە قىلىپ، مۇناسىپ مۇكاپاتلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى[1]دىن كەلگەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى تېنى ساق ھالدا رامازان ئېيىغا ئۇلاشسا، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، كۆز ۋە پۈتۈن ئەزالىرىنى ھارامدىن ساقلاپ قالسا، جامائەت بىلەن

(1) ئەبۇ جەئفەر **مۇھەممەد ئىبنى ئەلى** ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئەلئەلەۋىي ئەلھاشىمىي (مُحَمَّدُ بنُ عَلِيِّ بنِ الحُسَيْنِ بنِ عَلِيِّ بنِ أَبِي طَالِبٍ الْعَلَوِيُّ الْهَاشِمِيُّ، ھ. 57 – 114 / م. 677 – 733) ـــ ئانىسى ھەزرىتى ھەسەننىڭ قىزى فاتىمە، ئاتىسى ھەزرىتى ھۇسەيننىڭ ئوغلى ئەلىدۇر. «باقىر» (ئىلىمنى تىتتىۋەتكۈچى) دەپ نام ئالغان كاتتا ئالىم ۋە زاھىد. كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئەۋزائىي ۋە زۇھرىيلار ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. شىئەلەرنىڭ بىر پىرقىسى بولمىش رافىزىيلار ئېتىقادىدا 5 - ئىمام دەپ قارالغان زات. ـــ ت.

نامازنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ناماز جۇمۇئەگە بالدۇر بارسا، بۇنداق كىشى روزا تۇتۇپ ئەجرىنى مۇكەممەل بىر شەكىلدە قولغا كەلتۇرگەن ۋە قەدىر كېچىسىگە نائىل بولۇشقا تىرىشقان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولىدۇ»[1].

بۇنداق كىشىلەرگە يارىشىدىغىنى رامازان ئېيىغا ئېرىشكەنلىكىگە سۆيۈنۈش ۋە ئىبادەتلەرگە بېرىلىپ، چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇ ئۆمۈر كۈنلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىشتۇر. بۇ ھەمدە ۋە شۈكۈرنىڭ ئۆزىمۇ تائەتتۇر، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مەغپىرەتكە ئېرىشىش ۋە جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشقا ۋەسىلە بولىدىغان ھەرقانداق ئىش رامازان روزىسىنى تۇتۇش ۋە كېچىلىك قىيامغا باغلىق بولۇپ، ئاللاھ رامازان ئېيىنى ئاخىرلاشتۇرغان كىشىنى تەكبىر ئېيتىشقا ۋە شۈكۈر ئېيتىشقا بۇيرىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئاغرىقلار ئۈچۈن يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامازان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خاھلايدۇ**﴾(بەقەرە: 185).

ئاللاھنىڭ رامازان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا، قىيامدا تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا، ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا بەندىلىرىگە ياردەم بەرگەنلىكىگە ۋە ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىپ جەھەننەمدىن ئازات قىلغانلىقىغا شۈكۈر ئېيتىش ئۇ زاتنى ھەر ۋاقىت ئەسلەش، ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئادا قىلىشقا تىرىشىش ۋە ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇش بىلەن بولىدۇ.

شۇنداقلا رامازان ئېيىنى تاماملاپ، مەزكۇر ئايدا بەندىلەرنى تائەت - ئىبادەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈنۈش ۋە ھېيت تەنتەنىسى قىلىشتىن ئىبارەت باشقا بىر شۈكۈر ھەم باردۇر. بۇ بولسا راھمان تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ھەرقانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشنى قوبۇل قىلمايدىغان «قۇرئان كەرىم»گە مۇۋاپىق قىلغان ئىلاھىي نېئمىتىدۇر. ئىمام قۇرتۇبىي: ﴿**سىلەرنى ھىدايەت**

(1) ئىبنى ئەبىددۇنيا: «رامازاننىڭ پەزىلەتلىرى»، 21 - ھەدىس.

**قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشۇڭلارنى﴾**(بەقەرە: 185) دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى ناسارالارنىڭ ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن روزىنى ئۆزگەرتىپ ئېزىپ كەتكەن يولىدىن توغرا يولغا ھىدايەت قىلدى»[1].

ئەگەر بىر كىشى رامازان روزىسىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب تەلەپ قىلغان ھالدا تۇتسا، كېچىلىرى نەفلە ئىبادەتلەرنى قىلسا ۋە قەدىر كېچىسىدە قىيامدا تۇرسا، بۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن كىچىك گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ھەدىستە ۋەدە قىلىندى. بۇ بولسا كىچىك ساناپ بولمايدىغان بىر مۇكاپاتتۇر. كىچىك گۇناھلار كۆپەيگەنسېرى چوڭ گۇناھلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىچىك سانالغان گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، كىچىك گۇناھلار بىر ئىنساندا توپلىنىپ ئاخىرى ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزغا: «كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، ئۇلارنىمۇ خاتىرىلەپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار»[3] دېگەن.

لېكىن، چوڭ گۇناھلار ئىنساننىڭ ھەقىقىي تەۋبە قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى بىلەنلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. رامازاننىڭ ئاخىرلىرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن بۈيۈك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بەختلىك كىشىلەرگە ئاللاھ ئىنئام قىلغان مۇكاپاتنىڭ، يەنى جەھەننەمدىن ئازاد قىلىنىشىنىڭ پەزىلىتى مانا مۇشۇنىڭدا. بۇ ئازاد قىلىش چوڭ گۇناھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاڭا نائىل بولغان كىشى بولسا ھېيت تەنتەنىسى قىلىشقا لايىقتۇر، مەھرۇم قالغان كىشى بولسا ماتەم تۇتسا ئورۇنلۇقتۇر. بۇ ئازاد قىلىنىش ۋە مەغپىرەت قىلىنىش بولسا ئىسلامدىكى ئىككى ھېيتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھېكمەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئىبنى رەجەب مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، رامازان ئاخىرلاشقان كۈن ئۇممەت ئۈچۈن بىر ھېيتتۇر. چۈنكى، ئۇ كۈندە روزا تۇتقانلاردىن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر جەھەننەمدىن ئازاد قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ كۈندە گۇناھكارلار ياخشىلارغا قېتىلىدۇ. بۇ كۈن چوڭ ھېيت ھېسابلىنىدىغان قۇربان ھېيت ئەييامىغا ئوخشايدۇ.

(1) «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 1 ـ توم، 187 ـ بەت.

(2) «مۇسنەدۇ ئەھمەد»، 3818 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

(3) «ئىبنى ماجە»، 4243ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

چۈنكى، قۇربان ھېيتتىن ئىلگىرى ئەرەفە كۈنى باركى، ئۇ كۈندە باشقا ھەرقانداق كۈندىكىدەك كۆپ كىشى جەھەننەمدىن ئازاد قىلىنىدۇ. ئۇ ئىككى كۈندە جەھەننەمدىن ئازاد قىلىنغان كىشى ئۈچۈن بۇ كۈنلەر مۇبارەك ھېيت كۈنىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ھېيت كۈندە مالائىكىلەر يەر يۈزىگە چۈشۈپ يول بويلىرىدا تۇرىدۇ. ئىنسان ۋە جىندىن باشقا مەخلۇقاتلار ئاڭلىيالايدىغان بىر ئاۋازدا:

ــ ئى ئۈممەتى مۇھەممەد! نېئمەتلىرى مول ۋە مەغپىرىتى كەڭرى بولغان رەببىڭلارنىڭ رەھمىتىگە كېلىڭلار! ــ دەيدۇ.

ئۇلار ھېيتگاھقا كەلگەندە ۋاقتتا ئاللاھ تائالا مالائىكىلەرگە:

**ــ خىزمەتچى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ۋاقىتتا مۇكاپاتى نېمىدۇر؟** ــ دەپ سورايدۇ. مالائىكىلەر:

ــ ئىش ھەققىنى تولۇق ئېلىشىدۇر ئەي رەببىمىز، ــ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ:

**ــ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ئۆز رىزا ۋە مەغپىرىتىمنى بەندىلىرىمنىڭ تۇتقان روزا ۋە ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ مۇكاپاتى قىلدىم. مەغپىرەت قىلىنغان ھالەتتە قايتىڭلار،** ــ دەيدۇ».

ئىمام بەيھەقىي[1] رىۋايىتىدە قوشۇمچە مۇنداق كېلىدۇ: «ئاللاھ تائالا: **‹ئەي بەندىلىرىم! ئۆز ئىززىتىم ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن دۇنيا ۋە**

(1) **ئىمام** ئەبۇبەكرى ئەھمەد ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا ئەلخۇسرەۋجىردىي ئەلخۇراسانىي **ئەلبەيھەقىي** (أَحْمَدُ بنُ الحُسَيْنِ بنِ عَلِيّ بنِ مُوْسَى الخُسْرَوْجِردِيُّ الخُرَاسَانِيُّ البَيْهَقِيُّ، ھ. 384 – 458 / م. 994 – 1066) ــ كاتتا مۇھەددىس، شافىئىي فەقىھ. ئەسەرلىرى: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، «شۇئەبۇل ئىمان»، «مەئرىفەتۇسسۇنەن»، «ئەلبەئسۇ ۋەننۇشۇر»، «مەناقىبۇل ئىمام شافىئىي» ۋە باشقىلار. ــ ت.

ئاخىرەتلىكلەر ئۈچۈن مەندىن نېمىنى تىلىسەڭلار ئۇنى سىلەرگە بېرىمەن،
دەيدۇ»[1].

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! رامازان ئېيىنىڭ ئەجىرلىرىنى زايە قىلىۋەتمەڭ. ئۆمرىڭىزنىڭ پۈرسىتى بولغان بۇ ئاينى قولدىن بېرىپ قويماڭ. رامازان ئېيىدىن كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدا ھەم ئالتە كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆمۈر بويى روزا تۇتقانلار قاتارىدا بەختكە ئېرىشىڭ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامازان روزىسىنى (تولۇق) تۇتۇپ شەۋۋالدا ئالتە كۈن قوشۇپ روزا تۇتسا، ئۆمۈرۋايەت روزا تۇتقان ھېسابلىنىدۇ»[2].

دېمەك، رامازان روزىسىغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن قوشۇپ تۇتقان روزا بىر يىل روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر. مۇشۇ تەرىقىدە شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزگەن بولىسىز. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەخت بولسا رەھمەت ۋە مەغپىرەت كۈنى بولمىش ھېيت كۈنىنىڭ كېلىشى بىلەن خۇشال ھالەتتە رامازان ئېيىنى ئۇزاتقان كىشىگە تېگىشلىكتۇر. ئەمما، ئىتائەت ئېيى بولغان رامازان ئېيىنى كەتكۈزۈپ قويغان كىشى بولسا زايە قىلغان ۋە كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسەتنى قايتۇرۇۋېلىش غېمىدە بولغاي. ئۇنىڭ غەم - قايغۇغا چۆكۈشى، مۇبارەك ئاينى ياخشى كۈتۈۋالماي ۋىدالاشقانلىقىنىڭ تەۋبىسى بولغاي!

ھەسەن بەسرىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا رامازان ئېيىنى ئۆز رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇسابىقىلىشىدىغان بىر ئاي قىلدى. بەزى كىشىلەر مۇسابىقىدە ئالدىغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلسا، يەنە بەزىلەر كەينىدە قېلىپ مەغلۇپ بولدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلار پايدا ئالىدىغان ۋە يامان ئەمەللەرنى قىلغۇچىلار زىيان تارتىدىغان ئۇشبۇ كۈنلەردە كۈلۈپ - ئويناپ يۈرىدىغان كىشىگە ئەجەبلىنىمەن»[3].

---

(1) بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 3421 - ھەدىس. سەنەدى زەئىف.
(2) «مۇسلىم»، 1164 - ھەدىس.
(3) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 74 - بەت.

رامازان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەللىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىپ تەبرىكلىنىشكە لايىق كىشى كىم؟ ئۇندىن مەھرۇم قېلىپ تەزىيەگە لايىق بولغان كىشى كىم؟ ئەي ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنغان مۇبارەك ئىنسان! سىزگە مۇبارەك بولسۇن! ئەي ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن مەھرۇم قالغان قېرىندىشىم! ئاللاھ سىزنىڭ نۇقسانلىرىڭىزنى تولۇقلاپ بەرسۇن، ئامىن!

ئەي قېرىندىشىم! رامازان ئېيىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش ھەرگىزمۇ رامازان ئېيىنىڭ نېئمەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىش سەۋەبلىك زىيان تارتىشتىن كېلىپ چىققان قورقۇنچ بىلەن بىر ئەمەس. غەلىبە قىلغۇچىلار بولسا رەھمەت ئېيى بولمىش رامازاندىن ساناقلىق كۈنلىرىنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. بۇ تۈردىكى قايغۇرۇش كىشىگە ئارزۇ ۋە ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ تۈر قايغۇرۇش كەتكۈزۈپ قويغان ئەمەللەرگە قارىتا پۇشايماننى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا قارىتا ئىشتىياقنى پەيدا قىلىدۇ. ھەر ۋاقىت مۇئمىن ئۈچۈن لازىم بولغىنى قانچىلىك تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلسۇن ئاللاھتىن قورقۇشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر. ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر**﴾(مۇئمىنۇن: 60 - 61).

**ئى ئاللاھ! بىزگە رامازان ئايلىرىنى تەكرار نېسىپ قىلغىن. شۇ ئايلاردا ساڭا ئىتائەت قىلماقنى نېسىپ قىلغىن. دەرگاھىڭدا رازى قىلىنغۇچىلاردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، بىزلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىتائەتلىك يىللارغا ئۇلاشتۇرغىن. بىزنىڭ نامازلىرىمىزنى، روزىلىرىمىزنى ۋە ئوقۇغان «قۇرئان»لىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن! ... ئامىن!**

## 30

# رامازاندىن كېيىنكى ھاياتىڭىز

ئى قېرىندىشىم! ئۇشبۇ مۇبارەك رامازان ئېيىدىن گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا چىقىشىڭىز ھەققىدەتەن كەڭرى بىر رەھمەت ۋە مۇكەممەل بىر نېئمەتتۇر. ئاشۇ نېئمەتلەرنى قوغداڭ! رامازان بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىن گۇناھقا قايتىپ، ئۇ نېئمەتلەرنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇۋەتمەڭ!

«ئەي ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن جەھەننەمدىن ئازاد قىلىنغان كىشى! ھۆرلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن، گۇناھلارنىڭ قۇللۇقىغا قايتىشتىن ساقلىنىڭ! ئەجەبا، سىز ئۆز خاھىشىڭىز بىلەن جەھەننەمسىرى ئىلگىرلەۋاتسىڭىزمۇ ياراتقۇچىڭىز يەنە سىزنى ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتۇرامدۇ؟! سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن جەھەننەم ھاڭغا سەكرەۋاتسىڭىزمۇ، رەببىڭىز سىزنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزامدۇ؟! گەرچە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغىلا بولسىمۇ، ئەمما يامان ئىش قىلغۇچىمۇ ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزمىسۇن. گەرچە مەغپىرەت قىلىنىش مۇتتەقىيلەر ئۈچۈنلا بولسىمۇ، زالىم ھەرگىزمۇ شۇ مەغپىرەت قىلىنىشتىن مۇتلەق يىراق ئەمەستۇر»[1].

**«روزىنىڭ روھى ۋە مەنالىرى» ھەققىدىكى دەرسلىرىمىز پايانىغا يېتىپمۇ قالدى. ئۇشبۇ دەرس بولسا دەرسلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر!**

✵ رامازان ئېيىنى تائەت بىلەن كۈتۈۋالغىنىڭىزغا ئوخشاش، ئۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئايلارنى تائەت بىلەن كۈتۈۋالغۇچىدەك ۋىدالىشىڭ. چۈنكى، كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدۇر، بىز رامازان ئېيىنى گۈللەندۈرگىنىمىزگە ئوخشاش،

(1) ئابدۇرراھمان ئەلئاسىمىي: «ۋەزائىفۇ رامازان»، 77 ـ بەت.

قالغــان كۈنلەرنىمــۇ گۇللەندۇرۇشــكە موھتــاجمىز. بەئەينــى رامازانــدا ئــاللاھنى ئۇلۇغلىغىنىمىزغا ئوخشاش باشقا كۈنلەردىمۇ ئاللاھنى ئۇلۇغلاشقا ئېھتىياجلىقمىز.

❃ روزىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغــان ھــالەتتە تــۇتىمىز. كېچىلىرىنــى، بولۇپمۇ قەدر كېچىسىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھــالەتتە ئىبــادەت بىــلەن تىرىلدۈرىمىز (بىزنىڭ ئويىمىزچىمــۇ مۇشــۇنداق قىلىســىز، ئەلبەتــتە). ئۇشــبۇ ئىمــان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش بولسا، ھەرقانداق بىر ئىبادەتتە ۋە ھەرقانــداق بىــر ۋاقىتتــا شــەرتتۇر. **﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يــالغۇز) ئــاللاھقىلا ئىبــادەت قىلىشــقا بۇيرۇلــدى. نامــازنى ئــادا قىلىشــقا، زاكــاتنى بېرىشــكە (بۇيرۇلــدى)، ئەنە شۇلار (يەنــى ئىبــادەت، ئىخــلاس نامــاز، زاكــاتلار) تــوغرا دىندۇر﴾**(بەييىنە: 5). رامازاندىن كېيىنكــى نەفلــە روزىلىرىڭىزنــى ئىمــان ئېيتقــان ۋە ســاۋاب ئۈمىد قىلغان ھالەتتە تۇتــۇڭ. رامازانــدىن كېــيىن قىيامــدا تۇرغانــدىمۇ ئىمــان ئېيتقــان ۋە ساۋاب ئۈمىــد قىلغــان ھــالەتتە تــۇرۇڭ. ئىلىــم تەلەپ قىلىشــىڭىز، ياخشــىلىققا بــۇيرۇپ، يامــانلىقتىن توسۇشــىڭىز، ســەبىر قىلىشــىڭىز، ئــاللاھ تائــالادىن مۇكاپــات تىلىشــىڭىز، جىھادلىرىڭىز، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشىڭىز ۋە پۈتــۈن ياخشــى ئەمەللىرىڭــىز ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالەتتە قىلىنغاي. ساۋاب تىلەش بولسا ئىخلاســنىڭ جەۋھىرىدۇر ۋە ئىبادەتلەرنىڭ روھىدۇر. ساۋاب ئۈمىد قىلىش بولسا ھەر ۋاقىت پەرزدۇر.

❃ ئەگەر پۈتــۈن رامــازان بــويى روزا تۇتقــان بولســىڭىز بــۇ ئاللاھنىــڭ ســىزگە خاتىرجەملىــك ۋە ســاغلاملىق ئاتــا قىلىشــى بىــلەن بولغــان پەزل ۋە ئېھســانى سەۋەبىدىندۇر. تولۇق بىر ئــاي روزا تۇتۇشــقا قــادىر بولالىشــىڭىز ئۇنىڭــدىن كېيىنمــۇ نەفلە روزىلارنى داۋاملاشــتۇرالايدىغانلىقىڭىزغا دەلىلــدۇر. مۇســتەھەپ ســانىلىدىغان ۋاقىتلاردا نەفلــە روزىنــى كــۆپلەپ تۇتــۇڭ[1]. شۈبھىســىزكى، نەفلــە ئىبــادەتلەر پەرز ئىبــادەتلەردىكى نۇقســانلارنى تولۇقلايــدۇ. دەرىجىلىرىڭىزنــى ئۈســتۈن قىلىــدۇ، خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بىر يامانلىققا ئەگەشتۈرۈپلا بىر ياخشىلىق قىلىڭ. نەفلە

(1) دۈشەنبە، پەيشەنبە، ھەر ئاينىڭ ئوتتۇرىدا ئۈچ كۈن، ئاشۇرا كۈنى، ئەرەفە كۈنى، شەۋۋال ئېيىــدا ئــالتە كۈن ۋە يەھۇدىي - ناسارالارغا قارشى ئىش قىلىش ئۈچۈن شــەنبە، يەكشــەنبە كــۈنلىرى روزا تۇتقانغا ئوخشاش. ـــ ت.

ئىبادەتلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئوتتۇرا يول تۇتقان ۋە پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىدىن نەفلە ئىبادەتلەرگە ئالدىرىغۇچى، ياخشى كۆرۈلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلەرنىڭ دەرىجىسىگە يۈكسىلىڭ! ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ: «**بەندەم داۋاملىق نەفلە ئىبادەتلەر بىلەن ماڭا يېقىنلىشىۋەرسە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن**»[1] دەيدۇ.

✵ روزا ئۇشبۇ رامازان ئېيىدا خۇددى دۈشمەنلىرىڭىزدىن قوغدايدىغان بىر قالقاندۇر، سىز روزىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم قورغاننىڭ ئىچىدىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «روزا قايسى بىرىڭلارنىڭ ئۇرۇشتىكى قالقىنىغا ئوخشاش بىر قالقاندۇر»[2] ياكى «روزا مەزمۇت قالقاندۇر»[3] دېگىنىدەك مۇستەھكەم بىر قورغان تەرىپىدىن قوغدالغان ئىدىڭىز. سىز داۋاملىق تۆت تەرەپتىن ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن بولغان دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىدىسىز. ئېھتىمال شەيتانلىرىڭىز تەرىپىدىن، ئىچىڭىزدە مەۋجۇد ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپس - خاھىشىڭىزدىن بولغان دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قورشالغۇچىسىز. يىلنىڭ قېلىپ قالغان كۈنلىرىدە رامازاندىن ئىبارەت كۈچلۈك قورغاننى تاشلاپ كېتىپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن دۈشمەنلىرىڭىزدىن خاتىرجەم بولالامسىز؟!

✵ نامازنى خۇشۇ بىلەن، رۇكۇ ۋە سەجدىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلدىڭىز. بۇ ناماز بولسا ئاللاھ تائالانى ئەسلەش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندى. ﴿(يالغۇز) **ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ئەسلەش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**﴾(تاھا: 14) روزا پەرز بولمىغان ھەربىر كۈندە، يىل بويى ئىسلامنىڭ ئاساسى دەپ سانىلىدىغان نامازنى ئوقۇش ۋە تولۇق ئادا قىلىش بىلەن، ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالەتتە قالالىدىڭىزمۇ؟! ﴿**ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن (ھالدا) پەرز قىلىندى**﴾(نىسا: 103).

✵ رامازان بويىچە ئىمام قانچىلىك ئۇزۇن ئوقۇپ كەتسۇن، تاراۋىھ نامىزىنى ئوقۇشىڭىز كېچىلىك قىيامنى ئۇزۇن قىلىشقا قۇدرىتىڭىزنىڭ بارلىقى بىلەن سىزگە بىر ھۆججەتتۇر. يىلنىڭ قالغان ۋاقىتلىرىدا بۇ كېچىلىك قىيامغا سەل قارىماڭ. رامازاندىن

(1) «بۇخارىي»، 6502 - ھەدىس.
(2) «نەسائىي»، 2230 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن
(3) «تىرمىزىي»، 614 - ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

كېيىنمۇ ئۇ كېچىلىك قىيامدىن ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك نېسۋىڭىزنى ئېلىڭ. ئۇ كېچىلىك قىيام ھەدىستە كەلگەندەك «مۇئمىننىڭ شەرىپىدۇر»[1]. يىلنىڭ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ شەرىپىڭىز ئۈچۈن بوشاڭلىق قىلماڭ.

«قۇرئان كەرىم»نى بىر قېتىم ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق خەتمە قىلىدىڭىز، ئەمما رامازاندا بىر قېتىمدىنمۇ كۆپرەك خەتمە قىلىشقا تىرىشىڭ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نى تەرك ئېتىشكە قارشى نەپسىڭىزگە قارىتا ئىنساپلىق مۇئامىلە قىلىشتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نى تامام قىلىش ئۈچۈن بىرقىسىم ھەلەكچىلىك ۋەھاكازا ئىشلاردىن ۋاز كېچىسىز. قالغان كۈنلەردىمۇ سىزنى مەشغۇل قىلىپ «قۇرئان كەرىم»دىن يىراقلاشتۇرغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە ئىرادە باغلىدىڭىزمۇ؟

كۆچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئەقلىڭىز ۋە قەلبىڭىزنى قوغدىدىڭىز، ئۇلار بىلەن تېرىلەرنى شىلىۋەتكۈچى ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ غەلدى - غەشلىرىدىن روزا تۇتتىڭىز. قۇلىقىڭىزنى، كۆزىڭىزنى شۇنداقلا قەلبىڭىزنى رامازان ئېيىدا ھاراملاردىن قوغدىدىڭىز. لېكىن، ئۇ ئەزالارنىڭ ھارامدىن روزا تۇتۇشى كۈننىڭ پېتىشى ياكى ھېيتنىڭ كېلىشى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. قۇلاقنىڭ، كۆزنىڭ، قەلبنىڭ ھارامدىن ساقلىنىشى بولسا ئاللاھنىڭ قالغان كۈنلەردىكىمۇ شەرئىتىدۇر: ﴿**بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ**﴾(ئىسرا: 36).

سىز رامازان كۈنلىرى ئۈچۈنلا سوراققا تارتىلمايسىز، ئەمما ئۆمرىڭىزنىڭ قېلىپ قالغان يىل، ئاي، كۈنلىرىدىنمۇ سوراققا تارتىلىسىز.

رامازاندا ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلاندىڭىز، سىزنى تىللىغان ياكى ھاقارەت قىلغان كىشىگە «مەن روزىدار»[2] دېدىڭىز، مۇبارەك ئايدا تىلىڭىزغا ئىگە بولدىڭىز.

---

(1) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، 7921 - ھەدىس. زەھەبىي: «سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، (1903) «ھەسەن» دېگەن.

(2) ئىلگىرى بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

روزا تۇتقـان كـۈنىڭىز بىـلەن تۈتمىغـان كـۈنىڭىزنى ئوخشـاش قىلمـىدىڭىز. شـۇنداق بولغانىكەن، روزا سىزگە شۇنداق تىلىنـى تۇتۇۋېلىشـنىڭ باشـقا كۆنلەردىمـۇ ئەخلاقنىـڭ ئاساسـى ئىكەنلىكىنـى، تارازىـدا ئەڭ ئېغىـر نەرسـىنىڭ ئەخـلاق ئىكەنلىكىنـى[1] ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى ئۆگەتمىدىمۇ؟! ئـۇرۇق - تۇغقان، قان - قېرىنداش، قوشنا - قولۇم ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىڭىز بىلەن بولغان سىلە - رەھىمنى رامازاندا تىرىلـدۈردىڭىز. رامازانـدىن كېـيىن ئـۇلارنى «ئۇلـدى»گە چىقىرىـپ سىلە - رەھىمنى ئـۈزۈپ قويغـۇچى بولمـاڭ! روزا مەزكـۇر پەزىلەتلـىك ئايـدا ۋە قالغـان كۈنلەردە سىلە - رەھىمنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن بىراۋلارغا سىلە - رەھىم قىلىش بىـلەن قەلبىڭىزنى تىرىلدۈردى. رامازان ئېيىنىڭ سىزگە سېخىيلىقنى ئۆگىتىشى بىلەن سـېخىي بولدىڭىز، لېكىن ئۆلمەيدىغان، دائىم هايات تۇرىـدىغان رەببىڭـىز هېچقانـداق نەرسـىگە ئېهتىيـاجى چۈشـمەيدىغان ئەڭ بۈيـۈك سـېخىي زاتتـۇر. رەببىمىزنـىڭ بەنـدىلىرىگە سېخىيلىق، كەرەملىك ۋە سىزگە مۇئامىلە قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان گـۈزەل ئەخـلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. بۇنداق قىلىشىڭىز بىلەن رەببىڭىز جەنـنەت نېئمەتلـىرى بىـلەن سىزگە سېخىيلىق قىلىشى ۋە جەھەننەمنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتلىرىغـا قارشـى سـىزنى ئۆز رەھىم - شەپقىتىگە ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز سىزنى رامازاندا ئاكتىپ ۋە هايـالىق كـۆردۇق. ئـۆزىڭىزگە بەرگەن رامازانـدىن كېيىنمۇ هايالىق ۋە ئاكتىپ بولۇشقا دائىر ۋەدىڭىـزدە تـۇرۇڭ. ئەجەپ ئەمەسـكى، بـۇ ۋەدە بىـلەن ئـاللاھ تەۋبىڭىزنـى قوبـۇل قىلىـپ قېلىشـى مـۇمكىن ۋە شـۇ ۋەدەڭنـى ئەمەلـگە ئاشـۇرغان ۋاقتىڭـدا ئاللاهنىـڭ تەۋپىقـىگە ۋە قىيـامەت كـۈنى مۇكاپاتقـا ئېرىشىشــىڭىز مــۇمكىن، ۋەدىنــى بۇزۇشــتىن ســاقلىنىڭ: ﴿**كىمكـى ئەھـدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ**﴾(فەتھ: 10).

ۋەدىنى بۇزۇش بىلەن مۇناپىقلىقتىكى بىر خىسلەتنى قىلىپ سېلىشتىن ساقلىنىڭ! مۇناپىقلىقنىڭ تـۆرت ئـالامىتى بـار بولـۇپ، بىرسـى ئەھـدىنى بۇزۇشـتۇر، بـۇ «قۇرئـان كەرىم»دە مۇناپىقلار زىكىر قىلىنغان تۇرلەرنىڭ ھەممىدىن يامانراقى ۋە ئەڭ قەبىهـىدۇر: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىيمەت)لەرنى تەقسىم**

---

(1) «ترمىزىي»، 1925 - ھەدىس. «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

**قىلىشىڭنى ئەيىپلەيدۇ﴾(تەۋبە: 58). ﴿ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەرگە (سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق) ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە (پەيغەمبەرنى) «ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلبەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلبەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق» دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى) ئۇلار (سەدىقە قىلمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، (ئىمانىنى، ئېھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن (شۇ ۋەدىنى بۇزۇشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟) ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى﴾(تەۋبە 75 – 77).**

تائەت - ئىبادەت مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىمۇ تائەت - ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاللاھقا ۋەدە بېرىڭ. چوقۇمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدىن ئىلگىرى ۋە كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە يەنى ھەرقاچان تائەت - ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاللاھقا ۋەدە بېرىپ، «سەييىدۇل ئىستىغفار (ئىستىغفارنىڭ خوجىسى)» دېگەن دۇئاسىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىم سەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سېنىڭ ئەھدى - پەرمانىڭدىمەن. قىلغان گۇناھلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، ماڭا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھىمنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى كەچۈرەلمەيدۇ»[1].

(1) «بۇخارىي»، 6306 - ھەدىس.

ئى ئاللاھ! سەن پۈتۈن ئەيىپ - نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن، ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمىز... ئامىن!


شهر رمضان
الذي أنزل فيه القرآن هدى للناس وبينات من الهدى والفرقان

# تۈگەنچە

(ساجىيەدىن)

كىتابىمىز پايانىغا يەتكەن ئۇشبۇ دەمدە ئۆتكەن ئۇلۇغلار، ئاتا - ئەجدادلىرىمىز كىتابلار ئىچرە ئەڭ خەيرلىك ۋە بىردىنبىر توغرا كىتاب بولمىش «قۇرئان كەرىم»نى خەتمە قىلغاندا ئوقۇپ كەلگەن دۇئادىن بىر بۆلۈك ئوقۇش بىلەن ئۇشبۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ۋە ئوقۇش جەريانىدا بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان سەھۋ - خاتالىرىمىزغا بىرئاز بولسىمۇ دالدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز:

ئى ئەپۇ قىلغۇچى ئاللاھ! سېنى مەدھىيەلەيمىز. پەقەتلا سەندىن مەدەت، ھىدايەت ۋە ئەپۇ - مەغپىرەت سورايمىز. بارلىق ياخشى ئىشلار ۋە نېئمەتلەر سەندىن، ئىمتىھان ۋە مۇكاپاتمۇ سەندىن. ئى رەببىمىز! شاھىد بولغىنكى، ساڭا ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن بىزلەر ئادا - جۇدامىز.

ئى ئۆزلۈكىدىن ئاشكارا بولغۇچى ئاللاھ! ئاسمان - زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ نۇرىدۇرسەن، شۇنداقلا ئاسمان - زېمىننى ۋە كۆللى مەخلۇقاتنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن تۇتۇپ تۇرغۇچىدۇرسەن.

ئى مەۋجۇدلۇقى شەكسىز، ئەزەلدىنلا مەۋجۇد ئاللاھ! سېنى مەدھىيەلەيمىز. چۈنكى، ھەقتۇرسەن! سېنىڭ كالامىڭ ھەقتۇر، ۋەدەڭ ھەقتۇر، سەن بىلەن ئۇچرىششىمىزمۇ ھەم ھەقتۇر!

سېنىڭ بارچە مەلەكلىرىڭنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا قىيامەتنىڭ بولۇشىنىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب ئالىدىغانلىقىڭغا چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىز ئاللاھىم!

ئى كۆپ بەرگۈچى ئاللاھ! بىزلەرگە بەرگەن ئىسلامدىن ئىبارەت نېئمىتىڭ ـــ ئىمانىمىز، «قۇرئان»ىمىز، بالا ـ چاقا ۋە مال ـ چارۋا... بارچە نېئمەتلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا ھېسابسىز مەدھىيەلەر ئوقۇيمىز. دىنىمىزنى غالىب قىلدىڭ. بىزنى ئىتتىپاق قىلدىڭ. بىز سورىمىغان نەرسىلەرنىمۇ بىزگە ئاتا قىلدىڭ. سەن بەرگەن نەرسىلەرگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئەي چەكسىز كۆيۈنگۈچى ئاللاھ! بىز سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەرگە مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمىز ۋە دوزاختىن ۋە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتتىن پاناھ تىلەيمىز.

ئى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئاللاھ! سەن يېتەكلىگەن كىشىلەر قاتارىدا بىزلەرنىمۇ يېتەكلىگەيسەن. سەن بەختلىك قىلغان كىشىلەر قاتارىدا بىزنىمۇ بەختلىك قىلغايسەن. ئۆزۈڭ ھىمايەڭگە ئالغان كىشىلەر قاتارىدا بىزلەرنىمۇ ھىمايە قىلغايسەن. بىزگە بەرگەن نەرسىلەرنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن. يامان قىسمەتلەردىن بىزنى ساقلىغايسەن. مۇتلەق ھۆكۈمران سەندۇرسەن. سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھۆكۈمران يوقتۇر.

سەن خار قىلغانلارنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ. سەن ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمىزسەن. سەن پۈتكەن قىسمەتلەر ئۈچۈن ئالقىشلارغا ھەقلىقسەن. سېنىڭ ئىلتىپاتلىرىڭغا تەشەككۇر ئېيتىمىز.

ئەي گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلغۇچى ئاللاھ! بارلىق گۇناھ ـ خاتالىقلىرىمىزدىن سېنىڭ ئالدىڭدا كەچۈرۈم سورايمىز. ساڭا تەۋبە قىلىمىز. سەندىن باشقا پاناھكارىمىز، سەندىن ئۆزگە نىجاتكارىمىز يوقتۇر.

ئەي دۇنيا ـ ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى ئاللاھ! بىزنى مېھىر ـ شەپقىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغايسەن، ئۇلۇغ رامازاندا دوزاختىن ئازاد بولغۇچىلاردىن ئەيلىگەيسەن!

ئەي كەچۈرگۈچى ئاللاھ! بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى، قېرىنداشلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن!

ئەي كەچۈرۈم قىلغۇچى ئاللاھ! سەن ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرسەن، بىزنى ئەپۇ قىلغايسەن.

ئەي ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغايسەن، بىزنى دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ خارلىقىدىن ساقلىغايسەن!

ئەي دائىم شەپقەت قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ھالىمىزنى ساڭا ئېيتىمىز، بىزلەرگە ئۆزۈڭ ئىگە بولغايسەن، مىنۇت - سېكۇنتمۇ ئۆز ھالىمىزغا تاشلاپ قويمىغايسەن!

ئەي ۋەكىل بولغۇچى ئاللاھ! ئۆزۈڭگە تەۋەككۇل قىلدۇق. بىزنى زالىملارنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىغايسەن!

ئەي دۈشمەنلىرىگە ئازاب - ئوقۇبەت يەتكۈزگۈچى ئاللاھ! ئىسلامنى، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغايسەن! تۇزكورلارنى ۋە كۇفۇر ئەھلىنى ھەمدە مۇشرىكلەرنى خار - زەبۇن قىلغايسەن، دىن دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغايسەن! يۇرتىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى تىنچ - خاتىرجەم قىلغايسەن!

ئەي خاتىرجەم قىلغۇچى ئاللاھ! بىزلەرنى يۇرتلىرىمىزدا ئەمىن قىلغايسەن. يېتەكچى پىشۋالىرىمىزنى ۋە ئەمەل - مەنسەپدارلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغايسەن!

ئەي بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنى سەن ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغايسەن!

ئەي بارلىق نۇقساندىن پاك ئاللاھ! مۇسۇلمان ئەرلەرنى، مۇسلىمە ئاياللارنى، مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىنە ئاياللارنى مەغپىرەت قىلغايسەن. ئۇلارنى ئۆزئارا كۆيۈمچان ۋە توغرا يولدا قىلغايسەن، ئاشكارا - مەخپىي ئىپپەتسىزلىك، بۇزۇقچىلىقلاردىن يىراق قىلغايسەن!

ئەي ئالىي ئاللاھ! سېنىڭ شانۇ - شەۋكەتلىك ئىسمى - سۈپەتلىرىڭنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سەندىن تىلەيمىز. دۇنيانىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغايسەن!

ئەي كۈچ قۇۋۋەتتە يۈكسەك، قۇدرەتلىك ئاللاھ! مۇسلىمە ئاياللارغا دىيانەت، ھىدايەت، گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلغايسەن. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغايسەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلغايسەن!

ئەي ھىدايەت قىلغۇچى ئاللاھ! مۇسۇلمان ياشلىرىغا ئىنساب بەرگەيسەن!

ئەي ئۆزلۈكىدىن ئاشكارا بولغۇچى ئاللاھ! مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقايسەن، ئۇلارنىڭ دىنىنى توغرا چۈشىنىپ، ساپ ئېتىقاد بىلەن ئۆسۈشىنى نېسىپ قىلغايسەن!

ئەي شاھلارنىڭ شاھى ئاللاھ! مۇسۇلمان يېتەكچىلەرگە ئىنساپ بەرگەيسەن، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا تاشلاپ قويمىغايسەن، ئۇلارنىڭ ئىزىشى بىلەن بىزلەرنىڭمۇ ئىزىپ كېتىشىمىزدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز... ئامىن!!!

**ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

# كىتابتا پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر


ئابدۇرراززاق ئىبنى ھەمام سەنئانىي «ئەلمۇسەننەف»

ئالبانىي «سەلاتۇت تەراۋىھ»، «سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، «سەھىھۇلجامىئ»، «مىشكاتۇل مەسابىھ»، «ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»

بۇسايرىي «مىسباھۇززۇجاجە»

بەغەۋىي «تەفسىرۇ بەغەۋىي»، 4 ـ توم، «شەرھۇ سۇنەن»

بەيھەقىي «شۇئەبۇل ئىمان»

تىرمىزىي «ئەسسۇنەن»

تەبەرانىي «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»

تەبەرىي «تەفسىرۇ تەبەرىي»، 29 ـ توم

خەتىب باغدادىي «تارىخۇ باغداد»

دارىمىي «سۇنەن»

دارەقۇتنىي «سۇنەنۇددارەقۇتنىي»، 2 ـ توم

ئەبۇ داۋۇد تەيالىسىي «ئەلمۇسنەد»

زەھەبىي «سىيەرۇ ئەئلامىن نۇبەلائ»، 4 ـ توم؛ «ئەلمۇستەدرەك»

سۇيۇتىي «ئەددۇررۇل مەنسۇر»، 8 ـ توم؛ «ئەلئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان»، 1 ـ توم

فەخرۇررازىي «ئەتتەفسىر»، 23 ـ توم

مۇنزىرىي «ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2 ـ توم

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل

نەسائىي «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»

نەۋەۋىي «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 2 ـ توم

ئىبنۇل جەۋزىي «بۇستانۇل ۋائىزىن»

ئىبنۇلقەييىم «تەرىقۇل ھىجرەتەين»؛ «زادۇل مەئاد»، 2 ـ توم؛ «فەۋائىد»؛ «مەدارىجۇسسالىكىن»، 1 ـ توم؛ «ئۇددەتۇس سابىرىن»

ئىبنى خۇزەيمە «ئەسسەھىھ»

ئىبنى رەجەب «جامىئۇلئۇلۇمى ۋەلھىكەم»، 1ـ توم؛ «لەتائىفۇل مەئارىف»

ئىبنى سالاھ «فەتاۋا ۋە مەسائىلۇ ئىبنى سالاھ»، 1 ـ توم.

ئىبنى كەسىر «تەفسىر»

ئىبنى ماجە «ئەسسۇنەن»

ئىبنى ھىببان «ئەسسەھىھ»

ئىبنى ھەجەر «فەتھۇل بارىي»

ئىبنى ئەبى شەيبە «ئەلمۇسەننەف»

ئىبنى ئەبىددۇنيا «رامازاننىڭ پەزىلەتلىرى»

ئىبنى ئەبىددۇنيا «شۈكۈر»

ئىراقىي «ئىبنى ماجە»

ئىمام بۇخارىي «ئەلجامىئۇسسەھىھ»، «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»

ئىمام مۇسلىم «ئەلجامىئۇسسەھىھ»

ئىمام نەۋەۋىي «قارىيلارنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى

ئىمام ئەھمەد «ئەلمۇسنەد»

قۇرتۇبىي «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»

ھاكىم «ئەلمۇستەدرەك»

ئەبۇ داۋۇد «ئەسسۇنەن»

ئەبۇ نۇئەيم «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 3 ـ توم

ئەبۇ ئۇبەيد «قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى»، 1 ـ توم

ئەبۇ يەئلا «ئەلمۇسنەد»

ئەلمەقدىسىي «مۇختەسەر مىنھاجۇل قاسىدىن»

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتاب مىسىرلىق دوكتور، مول - ھوسۇللۇق ئالىم ئابدۇلئەزىز مۇستافا كاملىنىڭ قەلىمىگە ئائىت بولۇپ، بىر مۇقەددىمە ۋە ئوتتۇز ماۋزۇدىن تەشكىل تاپقان ئەسەردۇر. ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن نىسبەتەن كىچىك، مەزمۇن جەھەتتىن يەڭگىل ۋە ئاسان ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان شەكىلدە تەييارلانغان.

كىتابنىڭ مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ۋە سەلەف - سالىھلەرنىڭ ھېكمەت - دۇردانىلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كىشىدە روزا تۇتۇشتىن ئەۋۋەل، بولۇپمۇ رامازان روزىسىدىن ئەۋۋەل بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىيەۋى تەييارلىقلار ئۈگۈت قىلىنغان. شۇڭا، بۇ كىتابنى مۇمكىنقەدەر رامازان ئېيىدىن بۇرۇن، كېچىككەندە رامازاندا بولسىمۇ، ئوقۇپ تۈگىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى